# تارىم

10

1992



«جۇڭغاردىكى مەرۋايىت» مايتاغ ـ دا، نېفت سانائىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، كۆپلىگەن ھەۋەسكارلار ۋە ئاپتورلار ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت گۈللەنمەكتە.

سۈرەتلەردە مايتاغدىكى ئاپتورلار تۇرمۇشىدىن كۆرۈنۈشلەر









# ئايلىق ئەدەبىي ژورنال

## 42-يىل نەشرى

دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 43 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مايتاغ كان رايونىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان

**10**

**1992**


باش مۇھەررىر
مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
ئارسلان

مەسئۇلىيەتچىلەر
ئابلىمىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيىدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئا. غوجىئالىم...... ئاھ، ياشلىق! (پوۋېست)...... 1
م. ئەيسا...... ئىلتىجا (ھېكايە)...... 75
خۇ شىگلى...... ئۆزۈلمەس رىشتە (ھېكايە)...... 81
ئى. ھەسەن...... سامانچى (ھېكايە)...... 93
خ. سەمەت...... سەپەر (ھېكايە)...... 99
ئا. ھەمدۇل...... ئەپۇ (ھېكايە)...... 114
س. ئۆمەر...... يوقلاش (ھېكايە)...... 115
ت. ئېزىز...... جۇڭغار قىزى (نەسىر)...... 121
ت. ماڭسۇر...... سەممىيەت (ھېكايە)...... 122
گ. سىدىق...... خاتىرە بېتىگە سىڭگەن تامچىلار (ھېكايە)...... 127


## شېئىرلار


ر. مامۇت...... قەلبىم مېنىڭ چەكسىز بىر دېڭىز...... 64
ئا. زەۋقى...... ئايدەك نۇرلۇق، ئايدەك دىلرابا...... 65
ئا. مۇسا...... ھايات قايناق گۈزەلدۇر دۇنيا...... 70
ت. قاسىم...... ئانىلار كۆزىگە يولاتمايلى ياش...... 106
م. ۋەلىيوۋ...... شېئىرلار...... 107
ئا يۈسۈپ...... سېنى سۆيۈپ ياشايمەن گىلتاغ...... 108
س. ئابدۇراخمان...... يوقلاپ كەپسەن مېنى دىلبىرىم...... 110
ن. مىجىت...... ئىجاد ۋە ئىلھام...... 111
ت. ئابلىز...... ۋىسالىنى كۈلۈپ قارشى ئالىمىز...... 112
ر. ئاقنىياز...... نېفىتلىك باغرىغا سىڭگەن تامچىمەن...... 112
ئا. زۇنۇن...... گۈزەل بىر شەھەر...... 113
خۇدابەردى...... يەنىلا تۆھپە قوشىمەن...... 113
ئا. ئابدۇراخمان...... پارچىلار...... 113

## بالىلار ئەدەبىياتىدىن


ئا. بەكرى...... ئانا، مېنى كەچۈرۈڭ (ھېكايە)...... 135
گ. تۇرسۇن...... كەپتەر (نەسر)...... 137
گ. ئابلەت...... ئۈمىدلىك بولۇڭ (نەسر)...... 137
ئا. تۆكەن...... پۇل (ھېكايە)...... 138
ئا. ئابدۇجېلىل...... مەغلۇبىيەت (نەسر)...... 140
گ. نىياز...... ئۇ يېتىم ئەمەس (ھېكايە)...... 141
ر. ئەمەت...... ئەسقەرنىڭ كۆز يېشى (ھېكايە)...... 142
ر. ئابلىمىت...... ئۆگەي دادام...... 144


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


س. ئەسپەر...... ئەدەبىي ئىجادىيەتنى نېفىت خىمىيە سانائىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى...... 146
ن. مۇھەممەت...... كارخانا ئەدەبىياتى — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى...... 149


## كىتابخانلاردىن خەت



م. بارات...... «بالا مېھرى» ناملىق ھېكايە ھەققىدە...... 155


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ئا بېرنىت...... توي خەۋىرى (ھېكايە)...... 157


* * *

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ماۋزۇلارنى م. ئايۇپ، ئابلىمىت، ئالىملار ئىشلىگەن.



ئادىل غوجەئالىم

# شاھ ياشلىق

(پوۋېست)

سەپەرگە چىققاندىن كېيىن ھەممە ئىشلاردا شوپۇرنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىش ئادەت بولۇپ كەتكەن ئىكەن. شۇڭلاشقىمۇ تەبىئەت تېخى ئۇيقۇسىنى ئاچمىغان، بېلىق قورسىقىدەك رەڭگە كىرگەن ئاسمانغا قۇياش تېخى قىزىل نۇرلىرىنى چاچمىغان چاغدىلا، شوپۇرنىڭ ماڭايلى، دېگىنى بويىچە كۆزلىرىمنى مەجبۇرىي ھالدا ئۇۋۇلاپ ئېچىپ، كىيىملىرىمنى ئالدىراپ كىيىشكە باشلىدىم.

ئۇدۇلۇمدىكى كارىۋاتتا ياتقان سەپەرداشىم ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز بەخىرامان ھالدا يوتقىنىنى يېرىم يېپىنغانچە سەھەردىكى تاتلىق ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماقتا ئىدى. ئۇ ئاخشام ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن تالاغا چىقىپ كېتىپ، مەن يېتىپ قالغاندىن كېيىن چالامەست كىرىپ ئۇخلاپ قالغانىدى.

كۆڭلىكىمنى كىيگەچ ئۇنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ ئۇياق-بۇياققا سىلكىدىم.

ئۇ خۇشياقمىغان ھالدا كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ ماڭا قارىدى.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ماڭىدىكەنمىز،— دېدىم مەن ۋە سومكامنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدىم.

ئۇ بىز ئاپتوبۇستىن ئورۇن ئېلىپ بولۇپ، شوپۇر سىگنالنى بىر نەچچە قېتىم بەرگەندىن كېيىن، چاپىنىنىڭ ئالدىنىمۇ ئەتمىگەن ھالدا سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئاپتوبۇسقا چىقتى-دە، ئالدىدىكى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغان بوۋايغا قاراپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ، مېنىڭ يېنىمدىكى بوش ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مەن بىلەن خۇشياقمىغان، ھارغىن بىر قىياپەتتە سالاملىشىپ قويۇپ جىم بولۇۋالدى.

تازىمۇ قائىدە-يوسۇن بىلمەيدىغان تومتۇۋاق بىلەن بىر نەچچە كۈن سەپەرداش بولامدىم نېمە؟ ئادەم دېگەن يېڭىدىن تونۇشقاندا، يەنە كېلىپ بىر نەچچە كۈن بىر يەردە ئولتۇرۇپ، بىللە سەپەر ئازابىنى تارتىدىغان ھەمراھ بىلەن ھېچ بولمىغاندا ئوچۇق-يورۇق سالاملىشىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ تۇرقىدىن قارىسىغۇ كادىردەك قىلىدۇ، كىيىم-كېچەكلىرىمۇ جايىدا، قاملاشقان يىگىت ئىكەن، ياكى ھاكاۋۇرلۇق قىلغىنىمىكىنتاڭ، ھازىر بۇنداق قۇرۇق سۆلەت ياشلار ئاز ئەمەسقۇ...

ئۇرۇندۇقتا جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچى قىلغان ئىشى تاماكا چېكىش بولدى. ئۇ كۆل رەڭ بۇلۇتلار توپىنى يېرىپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قۇياشقا دېرىزىدىن بېشىنى يېرىم چىقارغان هالدا قاراپ ئولتۇرغىنىچە تاماكا چەكمەكتە ئىدى.

ماشىنا قوزغالغىنىغا مانا ئىككى سائەتتىن ئېشىپ قالدى. ئاپتوبۇسنىڭ سىلكىنىشى بىلەن بىر - بىرىمىزگە ئۇرۇلۇپ كەتكەندە قارىشىپ قويغاندىن باشقا، گاس - گاچا ئادەمدەك گەپ قىلىشماي كېلىۋاتىمىز. ئۇ زېرىكمىگىنى بىلەن بۇنداق جىمجىتسەپەردىن مەن زېرىكتىم. ئۇنىڭ تۇرقىدىن مەن گەپ قىلمىسام، ئۇنىڭ تاماكا ئىسىنى پۇۋدەپ چىقىرىۋاتقان لەۋلىرى مىت قىلىپ قويىدىغاندەك ئەمەس. ئۇنىڭدىكى نېمە هال - هە! هەرقانچە يۇقىرى مەنسەپى بولغىنى بىلەن، ئۇ يۇرتىدا قالدى - دە. بۇ دېگەن سەپەر. ئەمما يەنە باشقا تەرەپنىمۇ ئويلىنىپ قالدىم. بەزى كىشىلەرنىڭ مىجەزى شۇنداق ئېغىر. سەن گەپ قىلمىساڭ، ئۇمۇ ساڭا كۆنۈلەپ گەپ قىلمايدۇ. بۇنىڭغا بىر ياتاقتا ياتقان ساۋاقدىشىم ئىسپاتقۇ. بەلكىم بۇنىڭ مىجەزىمۇ شۇنداقتۇر. تېخى ئۇ مېنى هالى چوڭكەن دەپ گەپ قىلماي ئولتۇرامدۇ، كىم بىلىدۇ. مەن ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىپ، ئۇنىڭغا سۆز ئاچتىم؛

— سەپىرىڭىز نەگە؟

— جەنۇبىي شىنجاڭغا.

ئۇ تومتاقلا، خۇددى مېنىڭ سوئالىمغا نارازى بولغاندەك جاۋاب بەردى. بۇ قانداق گەپ بولدى؟ بىزنىڭ تەگرى تاغلىرىدىن ئۆتۈپ بولغىنىمىزغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان تۇرسا، بۇ ئاجايىپ غەلىتە گەپ بولدى - هە!

— تۇغقان يوقلاپ ماڭدىڭىزمۇ ياكى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ؟

ئۇ ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى، ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن ئاستا ئاۋازدا:

— خىزمىتىم مۇشۇ ياققا يۆتكەلدى،— دېدى.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، ئاتا - ئانىڭىز مۇشۇ تەرەپتە ئوخشىمامدۇ؟— مەن يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا گەپ قىلدىم.

ئۇ ماڭا كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ قاراپ قويدى ۋە باشقىلار ئاڭلاپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك پەس ئاۋازدا:

— پوسكام نېفىتلىكىدە ئايالىم بىلەن ئوغلۇم بار، شۇلارنىڭ قېشىغا كېتىپ بارىمەن،— دېدى ۋە بېشىنى يەنە چەكسىز كەتكەن چۆللۈككە بۇرىدى.

ئۇ كېيىنكى سۆزىنى ئۆزىگە دېدىمۇ ياكى ماڭا قىلدىمۇ بۇنىسىنى پەقەتلا چۈشىنەلمەي قالدىم. چۈنكى بۇ سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن تولىمۇ پەس ئاۋازدا تىترەپ چىققانىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر مەنمۇ ئارتۇقچە كوچىلاپ سوراپ كەتمىدىم. جاۋاب ئېنىق بولدى - دە. شۇڭلاشقىمۇ تاكى قونالغۇغا يەتكىچە پاراڭ قىلىشمىدۇق.

قۇياش ئۇپۇققا قايرىلغان بولسىمۇ، ئىسسىق تەپتى تېخى يانمىغان، ئاپتوبۇستىكى

لەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك باشلىرى چۈشۈپ كەتكەن، كۆزلىرىدە ئۇيقۇ، چىرايلى-
رىنى توپا باسقانىدى. ئاپتوبۇس دۆڭدىن ھالقىپ چۈشۈشكە، ئالدىمىزدا بۆككىدە
دەرەخلىك مەھەللە كۆرۈندى. شوپۇر ئاپتوبۇسنى يول ياقىسىدىكى چوڭ بىر ھويلا
تەرەپكە بۇراپ، قورۇق تاملىرىنىڭ بەزى يەرلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، بەزى قىڭغاي-
غان تاملىرىغا لىملارنى تىرەپ قويغان قورۇغا ئەكىردى. قورۇ ئىچى قالايمىقان،
پاسكىنا ئىدى. ھويلىنىڭ ئىچىدە خام كېسەكتە ياسالغان بىر قاتار كۆرۈمسىز،
پاكار ئۆيلەر بار ئىدى. شوپۇر مۇشۇ يەردە قونىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرۇپ ماشىنىدىن
چۈشتى. ھەممە ھوقۇق شوپۇردا. ئۇ مۇشۇ يەردە قونىمىز دېگەنىكەن، بىزدە نېمە
ئامال بار. شوپۇرنى ئىككى ئادەم قىزغىن سالاملار بىلەن چەتتىكى ئۆيگە باشلاپ
كەتتى. بىزمۇ ئامالسىزلىقتىن ياتاقتىن ئورۇن ئالدۇق. بۇ ئۆيلەرگە ئۇزۇندىن بۇيان
ئادەم كەلمىگەن بولسا كېرەك، يوتقان - كۆرپىلەرنى بىرلىك چاڭ - توزان بېسىپ
كەتكەنىدى. دېرىزىنىڭ ئەينەكسىز كۆزنىكىگە بولسا، قاتتىق قەغەز مىخلاپ قويۇلغا-
نىدى. ياتاققا قاراپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ تۇرسام، ئاپتوبۇستىكى ھېلىقى ھەمراھىمىز
سومكىسىنى كۆتۈرۈپ مەن بار ياتاققا كىردى. دېمەك، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر كېچە
بىللە قونىدىغان بولدۇم، بىز يوتقان - كۆرپىلەرنى قېقىشتۇرۇپ بولۇپ، بىر - بىرى-
مىزگە قاراپ بىر دەم ئولتۇرۇشتۇق، ئاندىن ئۇ ھاردۇق يەتتىمۇ قانداق، ئۆزىنى
كارىۋاتقا تاشلاپ، تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. مەن ئاخىرى بۇنداق
جىمجىتلىققا چىدىيالماي ئورنىمدىن تۇردۇم.

— يۇرۇڭ، تېخى بالدۇر ئىكەنغۇ، يېزا بولسىمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق بازىرى باردەك
قىلىدۇ. تاماق يېگەچ ئايلىنىپ كەلمەيمىزمۇ؟— دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

ئۇ بىر نەچچە سېكۇنت سۆزۈمگە چۈشەنمىگەندەك ماڭا قاراپ تۇرۇپ، ئورنىدىن
قوپتى:

— بوپتۇ، ئايلانساق ئايلىنايلى،— دېدى ۋە چاپىنىنى كىيدى.

يېزا بازىرى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، خېلى ئاۋات ئىكەن. گۇگۇم چۈشكەنسېرى،
پەنەرلەرنى ئېسىۋالغان كاۋاپچى، زاسۇيپەزلەرنىڭ خېرىدار چىللاپ ۋارقىرىغان ئاۋازى
بارغانچە كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. بىز بىر كاۋاپدانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق.
ئۇ يىگىرمە زىخ كاۋاپ بۇيرۇتتى. مەن يان تەرەپكە جايلاشقان كىچىك دۇكانغا
كىرىپ، ھاراقتىن بىر بوتۇلكا ئېلىپ چىقتىم. ئۇنىڭ بىلەن بىر دەم ئىچىلىپ - يېيىـ
لىپ پاراڭلاشقۇم كېلىپ قالدى. بىز كاۋاپنى نانغا سىيرىپ ئالدۇق - تە، نېرىدىكى
دەرەخلىك ئارىسىغا جايلاشتۇق. مەن ياتاقتىكى پۇچىلىنىپ كەتكەن ئىستاكاننى
يانچۇقۇمغا سېلىۋالغانىدىم. ھاراق بىلەن رۇمكىنى ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ ئۆزى ساقىي
بولسا، ھاراقنى ئىچەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماڭا قايتۇرۇپ بەردى.

— سەپەر ئۈستىدە تونۇشمايدىغان ئادەملەرمۇ يېقىن تۇغقاندەك بولۇشۇپ قالىـ
دىغان گەپكەن،— دېدىم مەن ئىستاكانغا ھاراقنى يېرىم قۇيۇپ،— ئىككى كۈننىڭ
ياقى بىرگە ھەمراھ بولۇپ كەلدۇق. ئەمما پاراڭلاشمىدۇق، بۈگۈن بىردەم بولسىمۇ

مۇگدىشىش پەيتى كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ. مېنىڭ ئىسمىم سەمەت، ئۆزۈم خوتەندە ئىشلەيمەن. ئۈرۈمچىگە خىزمەتكە بارغانىدىم. قېنى كۆتۈرۈۋەتتىم. قالغان گەپ ـ سۆزلەرنى ھېلى مۇشۇنىڭ ئۆزى دېگۈزىدۇ.

ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. مەن ئىستاكاندىكى ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا ھاراق قۇيدۇم.

— مېنىڭ ئىسمىم نىجات. قارامايدا ئىشلەيتتىم، ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىتلىكىگە يۆتكەلدىم،— ئۇ شۇنداق دەپلا ھاراقنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

تونۇشۇش جەريانى تېزلا ئاياغلاشتى. بىز تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ خېلىلا ئىچىپ قويۇپتۇق. ئۇ تۇيۇقسىزلا مەندىن:

— سىز توي قىلغانمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ھەئە، توي قىلغىنىمغا ئۆت يىل بولۇپ قالدى. بىر ئوغلۇم بار، ئۇنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى.

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بىردىنلا جىمىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ يەرنى قولى بىلەن سىزىپ تۇرۇپ، چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ ھالەت مېنى قىزىقتۇرۇپ قالدى.

— سىزگىمۇ توي قىلغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ئەتىگەن بالا ـ چاقىلىرىڭىزنىڭ گېپىنى قىلغاندەك قىلىۋىدىڭىز، — دەپ سورىدىم.

ئۇ ماڭا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، قۇرۇق بوتۇلكىنى قىڭغايتىپ بېقىپ، ئورنىدىن تۇردى.

— كېچىككىنە تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا كېلىمەن، — دېدى ئۇ ۋە بايا مەن كىرگەن دۇكان تەرەپكە قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئىچىمدە، بۈگۈن ئاخشام چىلاشقۇدەك ئىچىدىغان بولدۇق، دەپ ئەنسىرىدىم.

بۇ يەرنىڭ كەچلىك ھاۋاسى ئىنتايىن ساپ ئىكەن. نېرىراق يەردە ئاستا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ شىلدىرلىغان يېقىملىق ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئۇ راستتىنلا ناھايىتى تېزلىك بىلەن گېزىتكە ئوراقلىق بىر نەرسىنى كۆتۈرگەن ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن ئۆپكە ـ ھېسىپ ئېلىپتۇ.

— ياتىدىغانغا تېخى خېلى ۋاقىت باردەك قىلىدۇ. مانا تونۇشۇپ قالدۇق. مەنمۇ خېلى كۈنلەردىن بۇيان بىرەر ئادەم بىلەن مۇڭدىشىپ باقماپتىكەنمەن، بۇنداق بولغىنىم بىلەن ئۆزۈم گەپ خۇمارى. سىزمۇ خېلى مۇڭداشقاقتەك كۆرۈنىسىز، بىردەم ئەھۋاللاشمايمىزمۇ؟ ...

مەن ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ خېلىلا ئېچىلىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭ ئېگىز بەستىگە، رەتلىك تارالغان چىرايلىق بۇدۇر چېچىغا، ئويچان، ئەمما كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە چىرايلىق كۆزىگە، قاڭشارلىق بۇرنىغا، سەل ـ پەل بۇغداي ئۆڭ كەلگەن چىرايىغا قايتا سىنچىلاپ سەپسالدىم.

www.uyghurkitap.com

— سىزگە دېگەندەك، ئوغلۇم بىلەن ئايالىمنىڭ قېشىغا كېتىپ بارىمەن، — دېدى ئۇ ئۇستاكانغا هاراقنى قۇيۇپ تۇرۇپ، — هە قېنى، سىزنى ساقلىتىپ قويماي ئاۋۋال رومكىنى كۆتۈرۈۋېتەي.

ئۇ بىرلا كۆتۈرۈش بىلەن ئۇستاكاننى بوشىتىپ قويدى ۋە ئۇلاپلا ئۇستاكانغا هاراق قۇيۇپ ماڭا سۇندى.

— ئۇلار سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مېڭىپتىكەن - دە، — سورىدىم ئۇستاكاننى ئېلىۋېتىپ.

— ياق، ئۇلارنىڭ كەتكىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالدى. مەن كىچىك ئۆيلەنگەن. ئۇ مېنىڭ بۇرۇنقى ئايالىم بولىدۇ، — ئۇ خۇددى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، پەس ئاۋازدا مەن ئاڭلىغۇدەكلا سۆزلىدى، مەندە بىردىنلا ئۇنىڭغا نىسبەتەن سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس، سالقىن بىر خىل پوزىتسىيە پەيدا بولدى.

— ياپياش تۇرۇپ ئىككى قېتىم ئۆيلەنگىنىمنى ئېيتسام هەيران قالغاندەك تۇرىسىز. توغرا، نۇرغۇن كىشىلەر بىرلا ئۆيلىنىپ بىر ئۆمۈرنى ئۆتكۈزسە، مەن ئوتتۇز ياشنىڭ بېشىنى تۇتمايلا ئىككى قېتىم ئۆيلەندىم. هازىر يەنە ئۆيلەنگىلى كېتىۋاتىمەن. هەيران قېلىۋاتامسىز؟ بەزىدە ئۆزۈممۇ هەيران قالىمەن. تەقدىر دېگەن ئاجايىپ نېمىكەن، مېنىڭمۇ پېشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇنداق قىسمەت بولسا كېرەك، قىزىقىۋاتىسىز - هە. ئەگەر ئاڭلاشنى خالىسىڭىز، بېشىمدىن ئۆتكەننى سۆزلەپ بېرەي ...

— ئاڭلايلى، — دېدىم مەن ئىتتىكلا، — بەرىبىر هازىر ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

ئۇ هاراقتىن بىر ئۇستاكان قۇيۇپ ئىچتى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق - قاتتىق بىر نەچچىنى شورىدى، ئاندىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىگە كەلتۈرمەكچى بولغاندەك، ئالدىدىكى بىپايان كەتكەن چۆلگە، ئاسماندىكى سانسىز - سانسىز بوپ، جىمىرلىشىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى.

## 1

مەن گۈزەل ئىلى دەريا ۋادىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. دادام بىز كىچىك چاغدىلا ئۆلۈپ كەتكەچكە، بىز پەقەت ئاپىمىزنىڭ سۈت - قايماق سېتىپ تاپقان كىرىمى بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزەتتۇق. هال - كۈنىمىز، راست گەپنى قىلغاندا ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاپام مېنى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇتتى. مەكتەپنى تۈگىتىپ كېلىشىمگە مېنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئون يىل ئوقۇدۇڭ بالام، يەنە ئوقۇساڭ يەنە شۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، بىرەر هۈنەر ئۆگەنگىن، — دېدى.

بىزنىڭ ساندۇق ياساپ ساتىدىغان بىر قوشنىمىز بار ئىدى. شۇ يىللاردا ئىلىدا ساندۇقچىلىقنىڭ بازىرى تازا سۈرۈۋاتاتتى. ئاپام مېنى شۇ كىشىگە شاگىرتلىققا

بەرمەكچى بوپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. مېنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇم بار ئىدى. ئاخىرى ئاكامغا بۇ ئىشنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتىم. ئاكام كىيىم تىكىش كارخانىسىدا ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ كەسپىنىمۇ ئاپام ئۆزى تاپقان، ئاكام ئوننىنچى سىنىپنى پۈتتۈرۈشىگىلا ئۇنى ماشىنچىلىققا بەرگەنىدى.

ئاكام قانداق ئۇناتتىكىن، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئاپام مېنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشىمگە قوشۇلۇپ قالدى. خۇشلۇقتىن بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشىپ تەييارلىق قىلدىم، ئاخىرى تەقسىمات بويىچە مايتاغ نېفىت تېخنىكومىغا قوبۇل قىلىندىم. بۇ 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى، مېنىڭ 16 ياشتىن ئاشقان چاغلىرىم ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئارمىنىم ئەمەلگە ئاشتى. كەلگۈسى ئىستىقبال، مۇستەقىل تۇرمۇش مېنى ھاياجانغا سالاتتى، خېلى كۈنلەرگىچە خۇشاللىقىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي يۈردۈم. ئاخىرى بىزنى مايتاغقا ئېلىپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشتا، مۇساپىرچىلىق دەستىدىن ئۆيىنى سېغىنغاندىن باشقا، كۈنلەر تولىمۇ كۆڭۈللۈك ھەم لەززەتلىك ئۆتەتتى. ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا ئىككى يىل ئاتقان ئوقتەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يىللاردا گۈزەل غايىگە يېتىش ئۈچۈن، پۈتۈن دىققىتىمنى ئوقۇشقا مەركەزلەشتۈردۈم، ھەتتا بەزى تەتىللەردىمۇ ئۆيگە قايتماي ئۆتكەن دەرسلەرنى مەشق قىلدىم.

مەن كىتابقا تولىمۇ ئامراق ئىدىم. مەكتەپ بەرگەن تۇرمۇش پۇلى ھەم ئۆيدىن ئەۋەتىپ بەرگەن ئازغىنە پۇللارنىمۇ قىسىپ خەجلەپ، ئاشقىنىغا كىتاب ئالاتتىم. شۇڭا بۇ يەردە مېنىڭ ئەڭ كۆپ بارىدىغان يېرىم كىتابخانا ئىدى.

مەن تەتىلنى تۈگىتىپ، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مەۋسۇمىغا قەدەم قويدۇم ۋە ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ، كىتابخانىغا باردىم. كىتابخانا ئۆزگەرمىگىنى بىلەن ئادىمى ئۆزگىرىپتۇ. بۇرۇنقى يېشى چوڭراق ئەر كىشىنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى — چىرايلىق بىر قىز كىتاب سېتىپ تۇراتتى. ئۇ مەن تەرەپكە دۈمبىسىنى قىلىپ، چوڭ ياشلىق بىر ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغاچقا، يۈزىنى تولۇق كۆرەلمىدىم. يۈرىكىم نېمىشقىدۇر سېلىپ كەتتى. مەن چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، تىزلىقلىق كىتابلارغا قاراشقا باشلىدىم. لېكىن كۆزۈم ئىختىيارسىز ھالدا قىز تەرەپكە ئېغىپ كېتەتتى، قانداق بولدى ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا كۆزلىرىمىز دوقۇرۇشۇپ قالدى. قىزنىڭ كۆزىدىن خۇددى ئوتتەك بىر نۇر كۆزۈم ئارقىلىق ۋۇجۇدۇمغا تاراپ، ھۈجەيرىلىرىمنى كۆيدۈرۈپ كەتكەندەك بولدى. شۇ چاغدا يۈرىكىممۇ ھېچقانداق چاغدىكىگە ئوخشىمىغان ھالدا دۈپۈلدەپ، ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى.

— سىزگە كېرەكلىك كىتاب باردەك قىلامدۇ؟ — قوڭغۇراقتەك يېقىملىق ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆزۈمگە كەلدىم. بايا ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپلا قالغان ئوخشايمەن.

— ھە، — دېدىم مەن تەمتىرەپ تۇرۇپ، — مەن ئىزدىگەن كىتاب يوق ئىكەن.

— سىز قايسى كىتابنى ئىزدىگەن ئىدىڭىز؟

مەن ئۇنىڭ بۇنداق دەپ سورىشىنى پەقەتلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مېنىڭچە مۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەستەك ئىدى. ماڭا يالغان گەپ قىلىشقا توغرا كەلدى. توۋا خۇدايىم، يالغان گەپمۇ بەزى چاغلاردا سېنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدىكەن.

— ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى ئالماقچى ئىدىم، — دېدىم مەن ئالدىراپ. ئەسلى مەن بۇ كىتابنىڭ تېخى ئالدىنقى ھەپتىدىلا نەشرگە بېرىلگەنلىكىنى گېزىتتىن كۆرگەنىدىم.

— ئۇ كىتابقا تىزىملىتىپ قويغانىدۇق. پات ئارىدا كېلىپ قالارمىكىن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ماڭا ئاجايىپ يېقىملىق تۇيۇلدى.

شۇ كۈندىن تارتىپلا قۇندۇزدەك قارا چاچلىرىنى پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئايرىپ كەينىگە تۇرۇۋالىدىغان ئاشۇ قىز، تال - تال كىرپىكلەر ئاستىدا كۈلكىلا يېغىپ تۇرىدىغان تېگى يوق بۇلاقتەك كۆزلەر، ئېقىپ چۈشكەنىدەك چىرايلىق بۇرۇن، چىلانىمۇ پاتمىغۇدەك، ئانار سۈيى ئېقىپ چىقىپ قېتىپ قالغاندەك قىپقىزىل لەۋلەر كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇ مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىشقا باشلىدى. بۇ مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشىمۇ-يا؟ ... ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. مەن مۇھەببەت، دوستلۇق، ئەخلاق توغرىسىدىكى كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغانىدىم. مۇھەببەت

ئۇرغۇن قېتىم سىردىشىش، چۈشىنىش، دوستلىشىشتىن كېيىن ئاندىن پەيدا بولىدۇ، دېگەن چۈشەنچىدە ئىدىم. بۇ قىزنى بولسا مەن پەقەت بىرلا قېتىم كۆردۈم، ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇقمايمەن. بۇنداق تۇرۇپ قانداق مۇھەببەتتىن گەپ ئاچقىلى بولىدۇ. لېكىن، نېمىشقا ئۇ خىيالىمدىن نېرى بولمايدۇ. بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدى، دېگەن مۇشۇمۇ - يا؟! تۇرمۇشتا بۇنداق ئىشلارمۇ بولۇپ قالار... مەن ياتاقتا تۇرۇپ ئاسمانغا قاراپ ياتقاچ ئۆز - ئۆزۈم بىلەن شۇنداق سۆزلىشەتتىم.

ئەمدى ئويلىسام شۇ چاغدا مېنىڭدە راستىنلا مۇھەببەت قوزغىلىپتىكەن. ھازىر شۇ چاغلارنى ئويلىسام، ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كېتىمەن.

شۇنداق قىلىپ ماڭا تاسادىپىي ئۇچراشقان بۇ ئوت ئەس - ھوشۇمنى قويمىدى. كۆڭلۈمدە ئاشۇ قىزلا، ئۇنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈۋالسام كۆڭلۈم ئىمىن تاپىدىغان بولدى. ئۇنىڭ كۆلكە ئويناپ تۇرىدىغان ئوماققىنا ئېڭىكىنى، ئاققۇنىڭكىدەك ئاپئاق بويىنىنى، سول كۆكسىگە تاقىۋالغان ئىزنىكىنى، تال چىۋىقتەك زىلۋا قەددىنى ھەر بىر كۆرسەم قەلبىم ئېيتقۇسىز زور شادلىققا چۆمەتتى. مېنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىممۇ بۇزۇلدى، ھەپتىدە بىر قېتىم مونچىغا چۈشۈشۈم ئۈچ كۈندە بىر قېتىم چۈشۈشكە ئۆزگەردى. كۈندە دېگۈدەك بويۇنلىرىمنى يۇيۇپ بولۇپ، ئىشىكنىڭ كەينىگە ئېسىقلىق پۇچۇق ئەينەككە ئۇزاققىچە قارايدىغان بولۇپ قالدىم. تېخى بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرى ساۋاقداشلىرىم بۇ ئەينەكنى تالىشىپ كەتسە، «مۇشۇ كۈندە قىزلاردىن ئېشىپ كېتىدىغان بولدۇڭلارغۇ» دەپ ئاچچىقلىنىپ، ياتاقتىن چىقىپ كېتەتتىم. ئەمدىلىكتە بۇنداق «ھۆسن تۈزەش» ئىشىغا ھەممىدىن ئاكتىپ قاتنىشىدىغان بولدۇم.

كۈنلەر ئۆتكەنچە كىتابخانىغا كىرىشتىن نومۇس قىلىدىغان بولدۇم. چۈنكى مېنىڭ كىتاب ئالغۇدەك پۇلۇم يوق ئىدى. ئەمدىكى بىرلا ئامال، ئۇ ئىشتىن چۈشكەندە يولدا كۆرۈۋېلىش ئىدى. ئۇ يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ماڭسا، مەن سول تەرىپىدە، ئۇ سول تەرەپتە ماڭسا، مەن ئوڭ تەرەپتە ماڭاتتىم.

ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش، يۈزتۇرانە تۇرۇپ سۆزلىشىش خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن تاسادىپىيلا ئەمەلگە ئاشتى. بۇ بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. يۈزۈمنى بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ كەتكۈدەك سوپۇنداپ يۇيۇپ، كونىراق بولسىمۇ يۇيۇپ، كېيىمدىن ئاستىمغا بېسىپ قىر چىقارغان بۇرۇلكامنى، ئاۋايلاپ كىيىدىغان دىچۈلياك كۆڭلىكىمنى كىيىپ بازارغا چىقتىم. ئۇلار يەكشەنبە دەم ئالمايتتى. مەن كىتابخانىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، كۇلۇب ئالدىنى بىر ئايلىنىپ قويۇپ، ماگىزىنغا كىردىم. بۇ يەرگە كىرىشىم بىرەر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېسىپ قويغان سائەتلەردىن ۋاقىتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئىدى. سائەت سترېلكىسى ئۇلارنىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن ماگىزىندىن ئالدىراپ چىقىپ، ئۇ ماڭىدىغان كوچىنىڭ بويىدىكى سۆگەتلىكنىڭ ئارىسىدا بىردەم يالغان خىيال سۈرۈپ، بىردەم ئالدى - كەينىمگە قاراپ، خۇددى بىرىنى ساقلاۋاتقاندەك قىياپەتتە

تـۇردۇم. ئۇزۇنـغا قالمايلا ئۇنىڭ ماڭا تونۇش قامىتى كـۆرۈنـدى. مەن خـۇددى ئۇ مېنى كۆرۈپ قالغاندەك تەمترەشكە باشلىدىم. شەپكەمنى باشقىدىن ياساپ كـىيـدىم ئىشتان - چاپانلىرىمغا توپا قونمىغان بولسىمۇ، قېقىشتۇرۇپ قويدۇم. ئۇ يېـقىنلاپ كەلمەكتە، مانا كەلدى. ئىچ - ئىچىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان، مېنى تەمترىتىپ باشقا ياقلارغا قاراشقا مەجبۇر قىلىدىغان كۆزلەرنى ئېنىق كۆردۈم. تۇيۇقسىز ئاسماندىن چۈشـ كەندەكلا بىر بالا ئۇنىڭ يېنىغا ئۇندى - دە، ياندىن كەلگەنچە چاقىقانلىق بىلەن قىز- نىڭ مەيدىسىدىكى يارىشىملىق قادىۋالىدىغان، مەن دائىم كـۆرۈپ تۇرىـدىـغان ئىزنىكىنى يۇلۇپ ئېلىپ، مەن تەرەپكە قاراپ بەدەر قاچتى. بۇ تاسادىپىيلىقتىن ھودۇقۇپ قالغان قىز ئورنىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئەقلىم قانداق ئىشلەپ قالدى بىلمەيمەن، ئالدىمدىن قويۇنداك يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتەيلا دەپ قالغان بالىنى كاپ قىلىپلا تۇتۇۋالدىم. بالا ئۆزىنى ئۇيان - بۇيان ئۇرۇپ، قولۇمدىن بوشىنالمىغاندىن كېيىن يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئوبدان ئاكا، جېنىم ئاكا مەن سىزدىن خۇش بولۇپ قالاي، ئىزنەكنى ئالسـ ڭىزمۇ ئېلىڭ، مېنى قويۇپ بەرسىڭىز، مەن ئالمايمەن دېسەم ئەنـۋەر دېگەن ماڭا، بۇلاپ بەرمىسەڭ ئۇرىمەن، دېگەندى. جېنىم ئاكا، ساقچىغا ئاپارماڭ، ئەمدى ئىككىنچى قىلمايمەن !— 10 - 11 ياشلاردىكى بۇ بالا ئەمدى يىغلاشقا باشلىدى. مەن مـۇشۇ كەمگىچە ماڭا بۇنچىلىك يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرغان بىرەرىنى كۆرمىگەنىدىم. شۇڭا بىردىنلا كۆڭلۇم يۇمشاپ كەتتى. ماڭا مۇھىمى ئىزناك ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئالقىنىدىن ئىزناكنى ئالدىم - دە، ئۇنى قويۇپ بەردىم. ئۇ قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز غايىب بولدى.

مەن قىزغا قارىدىم، ئۇ بىر خىل تارتىنغان ھالەتتە ئالدىمغا كەلدى.

— بىخەستەلىك قىلىپ ئىزنىكىڭىزنى تارتقۇزۇپ قويغىلى قىل قالدىڭىز، بۇنىدىن كېيىن ھوشيارلىقنى ئۆستۈرسىڭىز بولغۇدەك،— دېدىم مەن ئىزناكنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ تۇرۇپ ۋە قاملاشمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم چاقچاق قىلدىم. ئۇ خۇش خۇيـ لۇق بىلەن كۈلدى ۋە:

— بۇنىدىن كېيىن تېخىمۇ خاتىرجەم بولسام بولغىدەك، خەقلەر ئېلىپ قاچسا قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرىدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بار ئىكەنغۇ،— دېدى چاقچىقىمغا جاۋابەن.

مەن ھاياجاندىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدىم. ئەگەر كوندۇز بولماي كەچ بولغان بولسا، مەن سىزگە ئۆمۈر بويى ھەمراھ بولۇشقا چىن دىلىمدىن رازى، دەپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋېتىشتىن يانماسمىدىمكىنتاڭ...

ئۇ ماڭا ئاۋۋالقىدەكلا ئوماق كۈلكىسى بىلەن رەھمەت ئېيتتى - دە، خـوشلىـشىپ ماڭدى.

ۋۇجۇدۇم ھاياجاندىن ئوت بولۇپ ياناتتى، يۈرىكىم كۆكرىكىمگە پاتماي قالغاندەك ئېپچەكلەيتتى، شۇ ئەسنادا بىرىنىڭ قوپال ھالدا:

— ھەي قارىي، توختىغىنا! — دەپ چاقىرىشى بىلەن كەينىمگە بۇرۇلدۇم.

بۇرۇتلىرى ماڭا ئوخشاش ئەمەسلا خەت تارتقان، چېچىنى قىرىپ چۈشۈرۈۋەتكەن، يالاڭباش بىر بالا كەينىمدىن كەلدى. ئۇنىڭ ئەلپازى سورلۇق ئىدى.

— ساڭا بۇنداق ئاقساقاللىقنى كىم قويىدى - ھە! ئۇ ئالسا، ھەدەڭنىڭكىنى ئالدىمۇ؟! ھۇ ئاناڭنى! — ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ كەلگەنچە ماڭا بىرلا باش ئېتىۋىدى، كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، يەنە بىر پەشۋانىڭ قورسىقىمغا تېگىشى بىلەن يەرگە گۆپپىدە يىقىلدىم.

ئىچىم قارا ئۇغۇلۇشۇپ خېلىغىچە تىنالماي قالدىم، ئېسىمگە كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، ھېلىقى قىز يېنىمدا تۇرۇپتۇ.

ئۇ ھەممە ئىشقا ئۆزى ئەيىبكاردەك ھولۇققان، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ سومكىسىدىن ئاپئاق قول ياغلىقىنى چىقىرىپ بۇرنۇمدىن ئېقىۋاتقان قانغا باستى.

— ماڭا كۈچى يەتمەي سىزنى ئۇرۇپ قويىدى بۇ لۈكچەك، — دېدى ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، — خەپ توختاپ تۇرسۇن، ئۆيگە بارغاندا ئاكامغا دېمەيدىغان بولسام... بەك ئاغرىۋاتامدۇ؟

بۇرنۇمنىڭ، قورسىقىمنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدەك بولدۇم. ئېسى - يادى ئۇنىڭ مېنى تەمتىرىتىدىغان، ئەمما چەكسىز جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە كۆزلىرىگە ئازراق بولسىمۇ تويۇپ قارىۋېلىش، بۇرنۇمدىن ئاققان قانلارنى ئۇنىڭ ئاپئاق، يۇمشاق قولىدا تېخىمۇ ئۇزاقراق سۈرتكۈزۈش ئىدى. لېكىن تۇرۇپلا يىگىتلىك غۇرۇرۇم تۇتتى، رەسمىي تونۇشۇپ كەتمىگەن بىر قىزغا بۇرنۇمدىن ئاققان قاننى سۈرتكۈزۈش ھەقىقەتەن نومۇس ئىشتە.

مەن تىترەپ تۇرغان قولۇم بىلەن تىرەجەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئۇنىڭ قول ياغلىقى بۇرنۇمدا قالدى. مەن ئىتتىكلا ئوڭ قولۇم بىلەن بۇرنۇمنى تۇتتۇم. بۇ ئىشلارغا بىر مىنۇتمۇ ۋاقىت كەتمىدى. ئەتراپقا ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى.

— ھېچقىسى يوق، مېنىڭ بۇرنۇمغا قىلدەك نەرسە تېگىپ كەتسىمۇ قاناپ كېتىدۇ، — مەن ئۆزۈمدىكى ھودۇقۇشنى يوشۇرۇش، قىزنى خىجالەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن لايىقىدا گەپ تاپالمىغانلىقتىن، ئاغزىمغا كەلگەن شۇ گەپنى دېدىم - دە، ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، مەكتەپكە يۈرۈپ كەتتىم. ئەتىسى قوپسام بۇرنۇم خېلىلا ئىششىپ قاپتۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىككى ھەپتىگىچە مەكتەپتىن سىرتقا چىقمىدىم، قىزنىڭ ئالدىدىلا باشقىلاردىن تاياق يېگەنلىكىمگە نومۇس قىلدىم. بۈگۈن «1 - ماي» بولغاچقا ھەممىمىزنى بىر كۈنلۈك دەم ئېلىشقا قويۇۋەتتى. باش - كۆزۈمنى پاكىز يۇيۇپ، يېقىندا ئاپام ئەۋەتكەن پۇلغا تىكتۈرگەن كۆك خادانى ئىشتان بىلەن ئاق كانۋاي كۆڭلىكىمنى كىيىپ، ئۆزۈمچە خېلىلا ياسىنىپ كوچىغا چىقتىم. پۇتلىرىم مېنى ئىختىيارسىز ھالدا يېرىم ئايدىن بۇيان كۈندە دېگۈدەك خىيالىمدا مۇگدىشىپ تۇرىدىغان قىز تەرەپكە - كىتابخانا تەرەپكە ئېلىپ ماڭماقتا. يىراقتىنلا كىتابخانىنىڭ تاقاقلىق-

www.uyghurkitap.com

تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم يېرىم بولدى، مەن گويا قىز كېلىپ ئۇنى ئاچىدىغان-دەك ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇردۇم - دە، سولاشقان هالدا كۈلۈپ تەرەپكە بۇرۇلدۇم.

—ياخشىمۇ سىز؟— ماڭا تونۇش يېقىملىق ئاۋاز يېنىمدىلا ياڭرىدى، خۇشاللىقتىن يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلەشتى. قىپقىزىل ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگەن قىز ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى،— ئەجەب كۆرسىڭىزمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەنسىز - هە؟!

مەن ئۇنى كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن كەلگەن بولساممۇ، لېكىن بۇنداق تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن تەمتىرەپ قالدىم. ئۇنىڭ ماڭا كۈلۈپ قارىغان كۆزلىرى ۋۇجۇدۇمنى شام-دەك ئېرىتمەكتە ئىدى.

— ياخشى ... ئۆزىڭىزچۇ؟— دېدىم مەن تەسلىكتە.

— سىز كۆرگەندەكلا ياخشى تۇردۇم. ئۆزىڭىز بۇياقلارغا ئۆتمەس بولۇپ كەت-تىڭىزغۇ. بىزدىن رەنجىپ قالمىغانسىز؟

— ياقەي ... يېقىندىن بۇيان دەرسلەر ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

— يېڭى كىتابلار خېلى كۆپ كەلدى. ۋاقتىڭىز يەتسە كېلىڭ.

— شۇنداقمۇ، ئۇنداق بولسا، ئەتە چوقۇم بارىمەن. ئۆزىڭىز بۈگۈن دەم ئالغان ئوخشىمامسىز؟

— ئاپام شېكەرگە بۇيرۇۋىدى. بۈگۈن بايرام بولغاچقىمۇ ھەممىلا ماگىزىن تاقاق ئىكەن،— دېدى ئۇ ۋېلىسىپىت رولىغا ئېسىقلىق سومكىنى قولىدا ئاستا ئۇيان - بۇيان ئىرغىتىپ.

شۇئان يادىمغا بىر ئىش كەلدى: تۈنۈگۈن تېخى مەكتەپنىڭ كىچىك ماگىزىنىدىن ساۋاقداشلارنىڭ شېكەر ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. شۇڭا ئۆزۈمگە ئىشەنچ قىلغان هالدا:

— ئۇنداق بولسا، ئەكېلىڭ سومكىڭىزنى، بىزنىڭ مەكتەپ ماگىزىنىدا بار،— دېدىم.

ئۇ خىجالەت بولغان هالدا رولغا ئېسىلغان سومكىنى ماڭا ئۇزاتتى.

مەن يېڭى جەڭچى تۇنجى قېتىم شەرەپلىك ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندەك بەكمۇ هايا-جانلىنىپ كەتتىم. مۇشۇ تۇرقۇمدا قانات چىقىرىپ ئۇچۇشقىمۇ تەييار ئىدىم.

— توختاڭ، پۇلنى ئالماي نەگە بارىسىز؟

— بولدى، مېنىڭدە بار، ئوخشاشقۇ،— دېدىم مەن چاقچاق ئارىلاش، يېنىمدا بىر تىيىن بولمىسىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا ئەكەلمەڭ،— دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن.

مەن ئامالسىز ئۇ تەڭلىگەن پۇلنى ئالدىم - دە، مەكتەپ تەرەپكە قاراپ ئۇچتۇم. ماڭا يول بارغانسىرى ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك، ماگىزىندىكى شېكەرلەر تۈگەپ كېتى-ۋاتقاندەك بىلىنمەكتە. هاياجان، ئەنسىزلىك ئىچىدە مەكتەپ ماگىزىنىغا كىرسەم، تە-لىيىمگە شېكەر باردەكەن، دېمەك مېنىڭ ئىشلىرىم خېلىلا ئوڭغا تارتىۋاتىدۇ، ئىلاھىم، ئاخىرىسىمۇ خەيرلىك بولار، دەيمەن ئۆزۈمگە. شېكەرنى ئالدىم - دە، قىز تەرەپكە

ئۈچتۇم. تېز ماڭغاچقا پۈتۈن ئەزايىم قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى.

— نېمانچە تېز كەلدىڭىز، ئۈچقان ئوخشىمامسىز،— دېدى ئۇ چىرايىمغا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە،— رەھمەت سىزگە، كۆپ ئاۋارە قىلدىم.

— بۇنچىلىك كىچىك ئىشقىمۇ رەھمەت ئېيتقان بارمۇ، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرقانداق خىزمىتىڭىزگە بىز تەييار،— دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ. ئۆزۈمچە بۇ سۆزۈمنى تازا جايىدا ئىشلەتتىم دەپ خۇشال بولۇپ كەتتىم.

ئۇ ۋېلىلىدە قىزاردى - دە، ئاۋۋالقىدەكلا سېھىرلىك كۈلكىسىنى ماڭا ھەدىيە قىلىپ، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ئاسفالت يولدا ۋېلىسىپىتىنى مىنگىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

كېچە. ئەتراپ جىمجىت. بىزنىڭ ئالتە كىشىلىك ياتىقىمىزمۇ بەزىلەرنىڭ يەڭگىل نەپەس ئېلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا جىمجىت ئىدى. باللار شېرىن ئۇيقۇدا، پەقەت مەنلا ئويغاق، ئىچىمدە بىر پارچە ئوت يېنىۋاتقاندەك بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا ئۆرۈلىمەن، تىنىقلىرىم تولىمۇ ئېغىر چىقىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن ھازىر ئۇ قىز بىلەن بۇرۇنقىدەك قورۇنغان ھالدا ئەمەس، بىمالال سۆزلىشەلەيمەن. ئەمدىكى گەپ كېيىنكى قەدەمنى قانداق مېڭىش كېرەك؟ كەچقۇرۇنلۇقى سىرتقا تەكلىپ قىلايمۇ؟ بۇنداق قىلسام چوقۇم ئۇ قىزنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايمەن، ھەتتا ئۇنىڭ نەزەرىدە مەن ناچار ئادەم بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ياكى بولمىسا ئاستىنقى قەۋەتتە ياتقان دوستۇمغا مەسلىھەت سېلىپ باقايمۇ؟ بۇنداق تېخى پىشمىغان نازۇك ئىشلارنى ئالدىراپ مەسلىھەت سېلىپ قويۇپ، كېيىن خىجالەتتە قالماي يەنە. كىنوغا تەكلىپ قىلىپ باقايمۇ - يا؟ قۇرۇپ كەت ئەقلىم. بۇ چارىنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلاپ باقمىدىم - ھە؟ قانداقلا بولمىسۇن كىنوغا تەكلىپ قىلىپ بېقىشىم كېرەك.

كۆڭۈلگە پۈككەن ئىشنىڭ ئۆزىنى قىلىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىكەن. ھەپتە ئىچىدە كىتابخانىغا ئىككى قېتىم بېلەت ئېلىپ باردىم. بۇ بېلەتلەر چۈشلۈكى ئەرزان تاماق، كەچلىكى قۇرۇق نان يېيىش ھېسابىغا كەلگەنىدى. ھەر ئىككىلا قېتىم قىزنىڭ ئەتراپىدا ئادەم كۆپ بولغاچقا، بېلەتنى بېرىش ئەپسىز بولۇپ قالدى. بېلەت يانچۇقىمدا قانداق قاتلانغان بولسا شۇ پېتى تۇرۇۋەردى.

سېغىنىش، ئىنتىلىش ھېسسىياتى بىلەن كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. بۇ جەرياندا قانچىلىغان بېلەتىم زايا كەتتى. بۇنى ھېسابلاپ كۆرگىنىم يوق. ھەم ھېسابلاشقىمۇ ۋاقىت يوق ئىدى. چۈنكى مېنىڭ كاللامغا پەقەت قىز بىلەن بىر قېتىم قاتار ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈشلا ھۆكۈمران ئىدى. مەندىكى جۈرئەت نەگە كەتتىكىنتاڭ، تېزرەك ئېغىز ئاچمىدىمەن، يا رەت قىلار، ياكى بولمىسا ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، ئۆزۈمنى بەختلىك قىلارمەن. مانا مۇشۇلارنى ئويلىغانسېرى غەيرەتلىنىشكە باشلاپ، بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن بېرىمەن دەپ، بېلەتتىن ئىككىنى ئېلىپ، قىز ئىشتىن قايتىشىدا ئۆتىدىغان يولغا كېلىپ ساقلاپ تۇردۇم.

مانا ئۇ دوقمۇشتىن ئەگىلىپ، يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. مەن كۆرمەي قالمىسۇن

دەپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق ماڭدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا، كۈلۈمسىرىگىنىچە ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى.

— ئىشتىن قايتتىڭىز؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، — ھېچبىر كۆرۈنەي دېمەيسىزغۇ، بىر يەرلەرگە كەتمىگەنسىز؟

— ئىشنىڭ ئاۋدىراشچىلىقىدا نەگىمۇ بارىمەن دەيسىز. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئىشتىن ئەمدىلا چۈشتۈم. ئىشنىڭ تولىلىقىدىن بېشىم ئاغرىپ، قاپاقتەكلا بولۇپ كەتتى، زادى، — دېدى قىز پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغان چېچىنى كەينىگە قايرىپ تۇرۇپ.

مانا تازا جايىدا گەپ بولدى. مۇشۇنداق كەلگەن ۋاقىتتا گەپنى تەشمەي، قايسى ۋاقىتتا دەيتتىم. بۇنداق پۇرسەتنىڭ كەلگىنىنىڭ ئۆزى بىر ئامەت ئەمەسمۇ.

— بۇنداق ئىشلەۋېرىپ ئەتە - ئۆگۈن چېچىڭىزغا ئاق كىرىپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدىم مەن يېرىم - ياتا چاقچاق بىلەن ۋە يانچۇقىمدىن تولا تۇتۇپ تەردىن پۇرلىشىپ كەتكەن بېلەتنى چىقىرىپ تەڭلىدىم، — بۈگۈن بىزنىڭ مەكتەپنىڭ كۇلۇبىدا ياخشى كىنو قويىدىكەن، بىللە كۆرەيلى.

قىز باشتا تاسادىپىيلىق ھېس قىلدىمۇ، ئەجەبلەندى، ئاندىن سەل قىزارغان ھالدا قورۇنۇپراق بېلەتنى ئالدى. خۇشلۇقتىن يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. چۈنكى مەن ئۇنىڭ رەھمەت سىزگە، دەپ قويۇپ ئالماي قويۇشىدىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم.

خۇشاللىق، ھاياجان، ئەندىشە مېنى چىرمىۋالدى. خۇددى كەينىمدىن «مەڭ بېلىتىڭىزنى، مەن بارالمايمەن» دەيدىغاندەك ئەنسىزلىك ئىچىدە يۈگۈرگەندەكلا ياتاققا چاپتىم.

كۈننىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى ئۇقماي قالدىم. بىر سائەت بۇرۇن كىنوخانىنىڭ ئالدىغا چىقىۋاپتىمەن، كۆزۈم بولسا قىز كېلىدىغان يولدا، كىنومۇ باشلاندى. يېرىم سائەتمۇ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن قىزنىڭ قارىسى ھېچنەدە كۆرۈنمەيدۇ. مەن تاكى كىنو تۈگىگىچە كىرىپ - چىقىپ تۇردۇم، ئۇ كەلمىدى. مەن ئاخىرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياتاققا كىردىم - دە، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. شېرىن ئارزۇلىرىمنىڭ يوققا چىققىنىغىمۇ ياكى يىگىتلىك غۇرۇرۇمنىڭ ئازار يېگىنىگىمۇ ئىشقىلىپ ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا كۆزلىرىمدىن ياش سىرغىپ چىقتى.

دېمەك، بۇ قىز مېنى ياراتمايدىكەن - دە، تەقى - تۇرقۇم ئۆزۈمگە ئايان تۇرۇپ، يەنە بۇنداق چىرايلىق، ئەركىن ئۆسكەن شەھەر قىزلىرىدىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىشىم مۇۋاپىقمۇ؟ ئەمما ئۇ نېمىشقا مەن ھەر قېتىم كىتابخانىغا بارغىنىمدا خۇددى مېنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، سىرلىق كۈلۈمسىرەيدۇ؟... ئۇنىڭغا كىنو بېلىتىنى بەرگىنىمدە قوللىرىنىڭ سەل تىترەپ، يۈزلىرىنىڭ قىزارغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈمغۇ، مۇبادا ئۆيىدە ئىشى چىقىپ قېلىپ كېلەلمىگەن بولسىچۇ؟ قىز بالىنىڭ ئۆيىدە ئىشى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ، بەلكىم مەن ئورۇنسىز ئاغرىنىۋاتقاندىمەن... مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلىك خىياللار مېڭەمنى چىرمىۋالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈمگە تەسەللى بولىدىغان تەرىپىنى ئويلاپ يېتىپ قالدىم. نېمىلا بولمىسۇن

ئەمدى كىتابخانىغا بارماسلىقتا، قىزنى كۆرمەسلىككە ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە بەردىم. چۈنكى ئىككى دەرستىن ئېلىنغان ئىمتىھاندا كۆڭۈلدىكىدەك قالغىلى تاسلا قالدىم. ئۆگىنىشتە ئەلاچى بولغىنىم ئۈچۈن مۇئەللىملەرنىڭ ئالدىدا بالادا قالدىم. ھەممىسى بۇ نېمە ئىش دەپ سورايدۇ. مەن بولسام بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قايتۇرماي جىملا تۇرۇۋالدىم.

ھەپتە ئۆتمەستىن يەنە مەكتەپ سىرتىغا ئىختىيارسىز تەلپۈنىدىغان، دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ توختاپ قالىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى پۇتلىرىم ماڭا بويسۇنمىغان ھالدا مېنى دەرۋازا ئالدىغا ئەكېلىپ قوياتتى. مەن ئاخىر ئۆزۈمنى باشقۇرالمىغان ھالدا كىتابخانا تەرەپكە يول ئالدىم.

— ھوي توختاڭ، ھوي توختاپ تۇرۇڭ!— كەينىمدىن بىر قىزنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن كەينىمگە ئاستا ئۆرۈلدۈم. دەل شۇ. مەن ئويلىغان، سېغىنغان، مېنى ئازابقا سالغان قىز شۇ. ئۇ كىتابخانا تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى.

— بۇ تەرەپلەرگە قاراپمۇ قوياي دېمەيسىزغۇ؟— دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ يېنىمغا كېلىۋېتىپ،— شۇنچە تولۇسامۇ ئاڭلىماسقا سېلىپ كېتىۋاتىسىز، مەندىن رەنجىپ قالغان ئوخشىمامسىز، ئۆتكەنكى ئىش ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن. ئۆيدە مۇھىم ئىش چىقىپ قېلىپ كىنوغا بارالمىدىم، خاپا بولماڭ.

— ياق - ياق، ئۇنداق ئاسان خاپا بولىدىغان ئىشمۇ بولامدۇ، مەنمۇ بىرەر ئىشى چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم،— دېدىم قىزنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قىيا قاراپ تۇرۇپ،— بايا مەن تېخى باشقا بىرىنى چاقىرىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

مەن ئەسلى سىزنى ئويلاپ كېتىۋاتاتتىم، مەن سىزنى كۈندە سېغىنىمەن، خىيالىمدا كۆرىدىمەن، دېمەكچىدىم، ئەمما بۇ سۆزلەر بوغۇزۇمدا قالدى.

— كەچۈرۈڭ، ئىسمىڭىزنى مەندىن يوشۇرۇپ يۈرگەچكە نېمە دەپ چاقىرىشنى بىلەلمەي، ۋارقىراۋەردىم.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ھەر ئىككىمىز تەڭ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— سىز كىمىكتەك ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ يۈرسىڭىز قانداق تونۇشىمىز؟ مېنىڭ ئىسمىم نىجات، سىزنىڭ ئىسمىڭىزچۇ؟— دېدىم مەن ئۇ تارتىنغىنىچە مەن ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ. دېمەك ھازىر ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقراق پاراڭلىشىۋېلىشنىڭ ياخشى پەيتى. بۇنداق پەيتنى كېيىن پۇل بېرىپمۇ ھازىرلىغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە تەمكىن تۇرۇپ تونۇشۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. مەن ئۇنىڭ مېنى تەلمۈرتكەن، تەمتىرەتكەن كۆزلىرىگە تىكىلدىم، ھازىر يىگىتلىك غەيرىتىم ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا ئىدى.

— مېنىڭ ئىسمىم مەھبۇبە،— ئۇنىڭ بۇرۇنقى جاراڭلىق ئاۋازى نېمىشقىدۇر ئاستا، تىترەپ چىققاندەك بىلىندى ياكى بۇ ئاۋازمۇ مېنى ئالداۋاتامدۇ. مەن خېلى كۆپ كىتابلارنى ئوقۇغان، نۇرغۇن كىنولارنى كۆرگەن، قىزلار ئوغۇل بالىنى ياخشى كۆرۈپ

قالغاندا تارتىنىدۇ. بەزىدە گەپ-سۆزلىرىمۇ قولاشماي قالىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ياخشى كۆرگىنىنى يوشۇرالماي قالىدۇ. مەن ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن شۇنداق ئالامەتلەرنى ئىزدىدىم.

— ئەتە ئۆيىڭىزدە باشقا ئىشىڭىز يوقتۇ؟ — بۇ گەپنى قانداق دەپ سالغىنىمنى سەزمەي قالدىم.

— قانداق، بىرەر ئىش بارمىدى؟

— ئەتە يەكشەنبە ئىكەن، ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا بىللە ئايلىنىپ كەلسەك، دېگەنتىم، — سۆزلىرىمنى دەپ بولغۇچە ئاۋازىم تىترەپ، يۈزۈمگە ئوت كەتكەندەك بولدى.

ئەگەر شۇ تاپتا ئۇ «ياق» دېگەن بولسا، نېمە بولۇپ كېتەر ئىدىمكىنتاڭ، مەھبۇبە ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ:

— ئەتىگە باشقا ئىشىم يوق، — دېدى ئۇ، — لېكىن قەيەرنى ئايلىنىمىز؟

ئەمدى ماڭا تېخىمۇ قىيىن تۇيۇلغىنى بۇ قىزنى نەگە ئاپىرىش، نەدە پاراڭلىشىش مەسىلىسى بولدى. چۈنكى مەن ئادەتتە مەكتەپ ئىچىدىن چىقمىغاچقا، بۇ شەھەرنىڭ ئەلمى-تەلمىنى دېگەندەك بىلىپ كەتمەيتتىم. يەنىلا مەھبۇبە مېنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇلدۇردى.

— مۇنداق قىلايلى، دېسەم-دېمىسەم مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى چوقۇم بىزنىڭ گىلتاغقا چىقىپ باقمىغانسىز. ئۇ يەرگە چىقمامدۇق؟

— ئاشۇ تاقىر تاغقىمۇ؟ ئۇ يەرگە بارغانىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار. ھەقىچان كىيىملىرىمىزنى توپا قىلىپ كېلەرمىز.

— بارغاندىن كېيىن ئەھمىيىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالارسىز.

مەن مەيلى دېدىم. ئىشقىلىپ مەھبۇبە بىلەن بىللە بولسام قەيەر بولسىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ.

بىز ۋەدىمىز بويىچە ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇچراشتۇق. قۇياش غەربكە قايرىلغان بولسىمۇ ھاۋا دىمىق ئىدى. بىز زاۋۇت تېمىنى بويلاپ يۇقىرىغا كېتىپ بارىمىز. بىز دۆڭگە چىققانسېرى غۇر-غۇر شامال كېلىشكە باشلىدى. بىز گىلتاغنىڭ يانباغرىغا جايلاشقان دۆڭلۈككە چىقتۇق.

ئىيۇل ئايلىرىنىڭ باشلىرىدىكى تىنجىقتا بۇ يەر ناھايىتى سالقىن ئىدى. شېغىل بىلەن قالدۇق مايلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن قاتتىق بولۇپ كەتكەن يولنىڭ سول تەرىپىدىكى جىرادا بىر ئېرىق سۇ ئېقىۋاتاتتى. بىز ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا تۆزلەڭلىككە كېلىپ توختىدۇق. بۇ يەردىن دۆڭنىڭ چوققىسىغىچە 60 — 70 مېتىر كېلەتتى. بۇ يەرنىڭ تۇپىسى قىزىل، جىگەررەڭ ئىدى. بۇنداق رەڭدار توپىنى ئۇچرىتىپ باقمىغاچقا، مەندە ئالاھىدە قىزىقىش قوزغالدى.

— بۇ مايتاغدىكى تۇنجى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئورنى، ئاۋۇ قارىداپ كەتكەن يەر ئېھتىمال بۇرۇن چوڭ قازان ئېسىلغان يەر بولسا كېرەك، — مەھبۇبە ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە خىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دۆڭگە ياندىشىپ تۇرۇپ ئويۇلغان يەرنى

كۆرسىتىپ ماڭا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى،— ئاۋۇ تاغ بەلدىمىدىكى سۈپىنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا نېفىت ئىشچىلىرى ياغاچتىن جازا ياساپ نېفىت چىقارغان تۇنجى قۇدۇق نىڭ ئورنى ئاشۇ يەردە. دادامنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشۇ يەردىن 4 - 5 تېزەك ئورنىتىلغان تۆت چاقلىق ئۇزۇنچاق ياغاچ هارۋا ئارقىلىق خام نېفىت مۇشۇ يەرگە توشۇلۇپ ماي ئايرىلىدىكەن.

— ۋاھ، سىز مايتاغنىڭ تارىخىنى ياخشى بىلىدىكەنسىزغۇ؟— دېدىم مەن ئۇنىڭغا ھەيران بولغان ھالدا چاقچاق قىلغاچ.

— مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدا دادام ھەر تەتىلدە دېگۇدەك بىزنى مۇشۇ يەرگە ئە-كېلەتتى، ئەنە ئاۋۇ دۆڭنى كۆردىڭىزمۇ. خام نېفىت قاچىلانغان ھارۋا ئاشۇ يەردىن چۈشىدىكەن. ئۇ چاغلاردا تېخنىكا تەرەققىي قىلمىغاچقا، نېفىتتىن ئىككىلا خىل نەرسە، يەنى بېنزىن بىلەن كىرسىنلا چىقىدىكەن. دادام سۆزلەپ بەرگەندە ھەممىدىن قىزىق تۇيۇلغىنى، شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ بېنزىن بىلەن كىرسىننى ئېغىز ئارقىلىق تېتىپ بېقىپ ئايرىيدىغىنى بولغانتى. شۇ چاغلاردا ئانالىز ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچقا، شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق-تە.

ئۇ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى شۇنچە ھاياجان، ئىپتىخار بىلەن تەپسىلىي سۆزلىدىكى، مەن ئۇنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىگە ھەيران قالدىم.

— نېمانچە قاراپ كەتتىڭىز، ياكى مېنىڭ سۆزلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتامسىز؟

مەن ئىتتىك ئۆزۈمگە كەلدىم. بايا ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپلا قالغانىكەنمەن.

— يۈرۈڭ، تاغ چوققىسىغا چىقىپ شەھەرنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرەيلى.

بىز يۇقىرىغا سوزۇلغان چىغىر يول بىلەن تاغقا ياماشتۇق. قۇياش قىپقىزىل بولۇپ ئۇپۇققا ئولتۇرۇشقا باشلىدى. كەچكى شەپەق نۇرىدا ئۇ خۇددى رەڭدار كېپىنەكتەك جۇلالىنىپ كۆزۈمگە تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنمەكتە. بايا ئۇ سۆزلەۋاتقاندا مېنىڭ قۇلىقىم ئۇنىڭ سۆزىدە بولسا، كۆزلىرىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ماڭا زۆرۈر بولغان بىر نەرسىنى ئىزدەيتتىم.

مەن قانچە غەيرەت قىلغان بولسامۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمىدىم.

— سىز بىلەن تاغقا چىقىشتا بەسلىشىپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن. بىزدەك ئەرلەرنى بايىلا ئالتە شەھەرنىڭ نېرىسىدا قالدۇرۇپ قويىدىغان ئوخشايسىز،— دېدىم مەن تاغ چوققىسىغا چىققان چاغدا.

بۇ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتكەچ كۈلدى. ئۇنىڭ كەچكى شەپەق نۇرى بىلەن جىلۋىلەنگەن رۇخسارى يۈرىكىمنى تىترەتتى، كۆيۈۋاتقان ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى.

— قاراڭ، بۇ يەردىن قارىسىڭىز شەھەر چىرايلىق كۆرۈنەمدىكەن؟— دېدى ئۇ. دېمىسىمۇ تاغدا تۇرۇپ قارىسا تۆۋەندىكى يەرلەر— نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ قاتار كەتكەن ئاپئاق ماي باكلىرى، ئېگىز قۇرۇلمىلار، تۇرۇبا يوللىرى، يول ياقىسىدىكى قويۇق دەرەخلىكلەر، ئاھالىلەر رايونى، كىتابخانا، ھەتتا بىزنىڭ ياتاق بىنالىرىمىزمۇ گۈزەل ھەم ئېنىق كۆرۈندى. نېفىت شەھىرى تۇنجى قېتىم كۆزۈمگە ئاجايىپ چىرايلىق

گۈزەل كۆرۈندى. تۆت ئەتراپى تاغ-چۆللۈك بىلەن قاپلانغان، جۇڭغار ئېتىكىگە جايلاشقان بۇ يەر گويا چۆلدىكى بوستانلىققا ئوخشايتتى.

— ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن، مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ گۈزەل ئىكەن، — ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل غەيرەت، قەتئىيلىك تۇيغۇسى چىرمىۋالدى، — بۇ يەرنىڭ شەھىرىمۇ، ئادەملىرىمۇ گۈزەل ئىكەن.

ئۇ خىجىل بولغىنىدىن يەرگە قارىۋالدى. ئۇپۇقنى قاپلىغان شەپەق ئۇنىڭ يۈزىگە كۆچكەندەك بولدى.

— بەكلا ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، مۇبالىغە قىلىشقا بەكمۇ ئۇستا ئىكەنسىز.

بىر خىل جىددىيلىك، ھاياجان پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر قىلدى،

— ياق، مۇبالىغە قىلغىنىم يوق، سىز راستتىنلا چىرايلىق، مېنىڭ كۆزۈمدە سىز مەڭگۈ چىرايلىق. سىز تۇنجى قېتىمدىلا ماڭا ئاجايىپ يېقىملىق كۆرۈنگەن ئىدىڭىز. سىز ئىشىنىڭ-ئىشەنمەڭ، سىزنى ئاجايىپ ياخشى كۆرۈپ قالدىم. شۇڭا كۈندە دېگۈدەك كىتابخانىغا بارغۇم كېلىدۇ، كۈندە دېگۈدەك سىزنى كۆرگۈم كېلىدۇ. ئىشتىن ياندىغان يولىڭىزدا سىزنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىمنى سىز بىلمەيسىز، ئۇزۇن بولدى، بۈگۈن-ئەتە دەپ سىزگە ئېغىز ئېچىش پۇرسىتى بولمىدى. راستىنى ئېيتسام، سىزدىن تارتىندىم، قورقتۇم. بۈگۈن كۆڭلۈمدىكىنىڭ ھەممىسىنى دەي، مەھبۇبە، مەن يەنە نېمىلەرنى دېيىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، مەن سىزنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشىشكە تولىمۇ ئىنتىزارمەن، — مېنىڭ تاماقلىرىم قۇرۇپ، كېيىنكى سۆزلىرىم بوغۇزۇمدا دېگۈدەكلا قالدى.

مەن ئۇنىڭغا، ئۇ بولسا، چەكسىز تۈزلەڭلىككە قىپقىزىل نۇر چېچىپ ئاستا-ئاستا پېتىۋاتقان قۇياشقا قارىدى. ھازىر ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقىۋاتقاندەك. ئۇچرىشىپ قالسا باشقىچە بىر ئالامەت يۈز بېرىدىغاندەك قىلاتتى.

مەن دەسسەپ تۇرۇۋاتقان تاغ، كۆز ئالدىمدىكى نېفىت شەھىرى، چەكسىز كەتكەن دەشت-چۆل ھەم قىپقىزىل نۇرلىرى بىلەن يەر-جاھاننى گۈزەللىككە پۈركەپ ئاستا-ئاستا پېتىۋاتقان قۇياشمۇ «يىگىت، غەيرەتلىك بول، تۇنجى مۇھەببەت ئۈچۈن ھەر قانچە بەدەل تۆلەشتىن قورقما، ھايات گۈزەل، مۇھەببەتمۇ گۈزەل. بىز سېنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭغا ئامەت تىلەيمىز» دەۋاتقاندەك بىلىندى. ماڭا بىردىنلا بۇ توپىلىق تاغ، ئالدىمدىكى سوزۇلۇپ ياتقان شەھەر، تاقىر جاڭگاللىق تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ سۆيۈملۈك بىلىنىپ كەتتى.

تۇيۇقسىز ئېيتىلغان سۆزدىن گاڭگىراپ قالدىمۇ ياكى خىجالەت بولدىمۇ، ئۇ يۈزىنى چەتكە بۇرىغانچە لام-جىم دېمىدى، لېكىن كۆكسىنىڭ تېز-تېز كۆتۈرۈلۈشىدىن ئۇنىڭمۇ مېنىڭدىن كەم ھاياجانلانمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئارىنى بەش مىنۇتقىچە جىمجىتلىق باستى. مەيىن تاغ شامىلى ھەر ئىككىمىزنىڭ يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە.

— جېنىم مەھبۇبە، — دېدىم ئارىلىقتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — تونۇشقىنىمىزغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدىغۇ ياكى مېنى چۈشەنمەمسىز، ماڭا ئىشەنمەمسىز؟...

— ئۇنداق دېمەڭ نىجات! — دېدى ئۇ ماڭا ئۆرۈلۈپ، ئەمما كۆزلىرىنى مېنىڭدىن ئېلىپ قاچتى، — بىز دوست بولۇپ ئۆتسەك بولمامدۇ، ئۇ ئىشنىڭ تېخى ۋاقتى بارغۇ. سىز خاپا بولماڭ، مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېخى رەسمىي ئىشچى ئەمەس، ھازىر قايتا تەربىيە ئېلىۋاتىمەن، — ئۇنىڭ سۆزلىرى بارغانچە مۇلايىم، بارغانچە ئاستا چىقىشقا باشلىدى ياكى ماڭا شۇنداق بىلىنىۋاتامدۇ-تاڭ.

— دوستلۇقتىن مۇھەببەتكە ئۆتسەك تېخىمۇ ياخشى بولمامدۇ. مەن سىزنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن. ئىشەنمىسىڭىز مانا ئۈستۈمىزدە قۇياش تۇرۇپتۇ. مېنىڭ ساپ مۇھەببە-تىمگە ئىنسانلارغا ھاياتلىق بەخش ئېتىدىغان قۇياش گۇۋاھ بولسۇن، — مەن ھاياجې-نىمنى باسالماي قالدىم. مەھبۇبەنىڭ يەنە گەپ قىلىشقا مادارى يوقتەك قىلاتتى. تاغ شامىلى بارغانچە كۈچىيىپ، تىترەشكە باشلىدىم. مەھبۇبە نېپىز كۆڭلەكتە بولغاچقا، مەندىن بەكرەك توڭلاپ كەتكەندى. مەن چاپىنىمنى سېلىپ ئۇنىڭغا يېپىپ قويدۇم.

— يۈرۈڭ قايتايلى، كۈن كەچ بولۇپ كەتسە ئۆيدىكىلەر ئەنسىرەپ قالىدۇ، — ئۇ ئوتلۇق كۆزلىرىنى ماڭا لەپپىدە بىر تىكتى-دە، چىغىر يول بىلەن ئاستا تاغدىن پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. مۇشۇ تاپتا ئەگەر ئۇ رۇخسەت قىلسا، تاغدىن يۈدۈپ چۈشكەن بولاتتىم. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ چۈشۈۋاتىمەن. تاغ بېلىدىكى كىچىككىرەك تۈزلەڭلىككە كەلگەندە، بىر نېمىگە پۇتلىشىپ كەتتىمۇ ياكى پۇتى كىچىك-رەك ئورەككە كىرىپ كەتتىمۇ يىقىلغىلى قىللا قالدى. مۇنداقسىگە ئېيتقاندا، مەن بول-مىسام يىقىلغانمۇ بولاتتى. مەن ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋالدىم. قانداق بولغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم: خۇددى بىرى شۇنداق قىلىپ قويغاندەك تۇپلىق تاغدا مەن ئولتۇرىمەن، مەھبۇبە بولسا قۇچىقىمدا، قورقۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ كۆزلىرى-نى چىڭ يۇمۇۋالغانىدى. مەن ئوڭ قولۇم بىلەن ئۇنىڭ ئاپئاق پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردۈم، ئاندىن قويۇق ئېگىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىگە، ئەگمەچ قاشلىرىغا، ئىنچىكە قىيىا بۇرۇنلىرىغا، بىر-بىرىدىن بىلىنەر-بىلىنمەس ئاي-رىلىپ تۇرغان ئۇماق لەۋلىرىگە، قىزىلى قىزىل، ئېقى ئاق سۈزۈك يۈزلىرىگە بىر سىككۇنت ئىچىدە قاراپ چىقتىم. ئۇنىڭ تىنىقلىرىنىڭ بارغانچە تېزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى تولىمۇ چىرايلىق كۆتۈرۈلگەن كۆكسىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

پۈتۈن بەدىنىمنى ئىختىيارسىز ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ھېسسى-يات چىرمىۋالدى. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا بىر قولۇمنى بويىنىغا گىرە سالدىم-دە، خۇددى ئاچ بۆرە قويلارغا ئېتىلغاندەك قىزغا تاشلاندىم. ئۇ دەسلەپ ئۆزىنى ئۇيان-بۇيان تاشلاپ قارشىلىق قىلدى. قولى بىلەن مېنى يېنىك ئىتتەردى. ئۇ شۇنداق قىلغانسېرى مەن ئۇنى تېخىمۇ بەك قۇچاقلىدىم. دەسلەپ ئوتلۇق كۆزىگە، ئاندىن چاچلىرىغا، لەۋلىرىگە تەلۋىلەرچە سۆيۈپ كەتتىم. ئۇ بوشاپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ماڭا تاشلىغانىدى. ئەمدى بىر-بىرىمىزنى سۆيۈشكە باشلىدۇق. تىنىقلىرىمىز

بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. مېنىڭ قىزنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرىگە سۆيۈشۈم تۇنجى قېتىملىق ئىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى لەۋلىرىمدە، قوللىرى مۈرەمدە ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلگەندەك مېنى ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى، چۇۋۇلغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تۈزەشتۈردى-دە، ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ، ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە پەسكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەستىن تۇرۇپ قالدىم. توۋا، بىر مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى-ھە. بىردىنلا مېنى ھاياجان، قورقۇنچ چىرمىۋالدى. مەن نېمىشقا ھېسسىياتىمنى باسالماي قالدىم. نېمىشقا ئۇنى رۇخسەتسىزلا سۆيۈپ كەتتىم. ئەمدى ھەممە ئىش بۇزۇلدىمۇ؟ مەن گاڭگىرىغان ھالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، چاپىنىمنى ئالدىم-دە، ئۇنىڭ كەينىدىن پەسكە چۈشتۈم. بىز قىزنىڭ مەھەللىسىگىچە ئۈن - تىنسىز ھالدا كەلدۇق.

— خوش بولدى، سىز مەشەدە قېلىڭ، — دېدى ئۇ دوقمۇشقا كەلگەندە، يەرگە قاراپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا، بۇ ھالىتىدىن ئۇنىڭ يا ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى، يا ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تولىمۇ ئەدەبسىزلىك قىلىپ سالدىم. راستىنى ئېيتسام، سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەچكە، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم. جېنىم مەھبۇبە، يېقىندا بىزنى تەقسىم قىلىدىغان ئوخشايدۇ، مۇمكىن بولسا، ئەتەسىز بىلەن ئۇ توغرىلىق سۆزلەشكەن بولسام.

ئۇ ماڭا لەپپىدە قارىدى. يەنە شۇ ئوتلۇق كۆز. بۇ كۆز ماڭا تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەندەك بىلىندى.

— تېز كېتىڭ، ئاكام كېلىپ قالدى، — ئۇ بۇ سۆزنى ھودۇقۇش ئىچىدە شۇنداق تېز دېدى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يۈگۈرگەندەك كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ چىرايلىق قەددى-قامىتىگە، گۈزەل بەدەنلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغان ئاپئاق كۆڭلىكى كۆزۈمدىن يۈتكىچە قاراپ تۇردۇم.

ئەتىسى كۈن بويى دېگۈدەك خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ چىقتىم. ساۋاقداشلىرىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، تاماق يەۋاتقاندا ئۇ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. گويا ئۇ «ھۇ ئالدامچى، سېنىڭ مەقسىتىڭ ئەسلى شۇنداق ئىكەن، سەن ئەسلى دۇرۇس يىگىت ئەمەسكەنسەن» دەۋاتقاندەك ئازابلىنىمەن. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشتىن قورقىمەن. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بىزنى تەقسىم قىلدى ۋە بۆلۈنگەن ئىدارىدىن بىزنى ئالغىلى ماشىنا كەلدى.

ھەممىمىزنىڭ كۆزىدە ياش. ھەممىدىن كۆپ يىغلىغانلار قىز ساۋاقداشلار بىلەن ئايال ئوقۇتقۇچىلار بولدى. ئۇلار ھېلىدىن ھېلىغا قۇچاقلىشىپ خوشلىشاتتى. ھەر يەر-ھەر يەردىن كېلىپ، مەكتەپ قوينىدا ئۈچ يىل بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەپ، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللاردەك بولۇپ كەتكەچكە، ئايرىلماق راستتىنلا تەس ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز ئەمدى ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان يەرلەرگە بۆلۈنگەندۇق. كىم بىلىدۇ،

مۇشۇ ئايرىلغانچە ئۆمۈر بويى كۆرۈشەلمەيمىزمۇ، بۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. بىز بىر-بىرىمىز بىلەن قاتتىق قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ، بىزنى ئېلىپ كېتىدىغان ماشىنىلارغا چىقىشتۇق.

بىر ياخشى يېرى ياتاقدىشىم، دوستۇم جېلىل، يەنى «مەڭلىك» مەن بىلەن بىر يەرگە بۆلۈنگەنىدى. ئىككىمىز ئاپتوبۇس دېرىزىلىرىدىن باشلىرىمىزنى سىرتقا چىقىرىپ قالغان ھەممە ساۋاقداشلار بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىشقا باشلىدۇق.

— ھەي قارا، يول تەرەپكە قارا، كىم كېلىۋاتىدۇ؟! — دوستۇم ئىككى قولى بىلەن بېشىمنى يول تەرەپكە بۇرىدى. مەن كۆزۈمنى ئىتتىك يول تەرەپكە تىكتىم. دەل شۇ. يالغان ئەمەس، راستىنلا شۇ مەھبۇبە. كۆزلىرىم مېنى ئالداۋاتمايدىغاندۇ، دەپ بىر ئۇۋۇلىۋەتتىم، توغرا، شۇ. ئۇ ماڭا تونۇش دوستى بىلەن قولىدا سومكا كۆتۈرگەن ھالدا بىز تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ قوپۇپ كەتتىم. ھاياجاندىن يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىپ قالدى. ئاپتوبۇستىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردۈم.

— ياخشىمۇ سىلەر، بۇ يەرگە كېلىپ قالار دەپ پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدىم چەكسىز ھاياجاندىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي.

— سىز ئويلىمىغان بىلەن بىز ئويلايمىز. ھېلىتىن ئۇنتۇلۇپ قالسىڭىز، ئەتە ئۆگۈن قارىماي كېتەمسىز نېمە؟ — دېدى ئۇنىڭ دوستى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىزنىڭ ماڭىدىغانلىقىڭىزنى دوستۇمدىن ئاخشام ئاڭلىغانىدىم، — دېدى مەھبۇبە سومكىنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكىگەچ، تۇنجى قېتىم ئوتلۇق كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، — ھېلىمۇ سىزنى ئۈزىتىشقا ئۈلگۈرۈپ كەپتۇق.

— ئۈزىتىپ كەلگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت، — مەن ھاياجاندىن باشقا گەپ تاپالماي قالدىم، — بېرىپلا چوقۇم سىلەرگە خەت يازىمەن.

— شۇنداق قىلىڭ. بولمىسا خېتىڭىزگە قاراپ دوستۇمنىڭ كۆزلىرى ئېقىپ كەتمىسۇن، — دېدى دوستى شوخلۇق بىلەن.

مەھبۇبە خىجالەت بولغىنىدىن دوستىنى يەڭگىل بىرنى ئۇرۇپ قويدى.

ئۇنىڭ دوستى بىزنى ئايرىم پاراڭلىشىۋالسۇن دەپ ئويلىدى بولغاي، ماڭا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ نېرىغا كەتتى.

ئۇنىڭ لەۋلىرى، ئېڭەكلىرى، قوللىرى تىترەۋاتقاندەك بىلىنىدى. شوپۇر پەستىكى ئوقۇغۇچىلارنى تېزرەك ماشىنىغا چىقىشقا ئۈندەپ سىگنال بەردى. كىمدۇر بىرى مېنى ۋارقىراپ چاقىردى. بىراق مەندە كەينىمگە قارىغۇدەك ماغدۇر يوق ئىدى.

— يېقىندا بىزنىمۇ خىزمەتكە بۆلىدىغان ئوخشايدۇ. ئاڭلىساق كۆپ باللارنى قارامايغا بۆلىدىغانىنىڭ گېپى بار، — دېدى ئۇ ۋە بۇ سۆزلەردىن خىجالەت بولغاندەك قىزىرىپ كەتتى.

— ياخشى گەپ ئىكەنغۇ، ئەگەر بۆلۈپ قالسا بارارسىز؟

— ئۆيدىكىلەر نېمە دەيدىكىن، — ئۇ لېۋىنى چىشلەپ قويدى-دە، قولىدىكى

سومكىنى ماڭا تەڭلىدى، — بۇ سىزگە ئاز بولسىمۇ يولاڭغۇم، ئالدىراپ قالغاچقا ھېچ نەرسە قىلالمىدىم...

ماشىنىدىكىلەر مېنى چاقىرىپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

— خەير خوش مەھبۇبە، مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ. مېنىڭ خېتىمنى كۈتۈڭ، — مەن ئۇنىڭ يوللۇقىنى بىر قولۇمدا چىڭ تۇتقانچە ئوڭ قولۇمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. ئۇنىڭ ئاپئاق، يۇمشاق قولى مېنىڭ قولۇم بىلەن جىپىلەشتى. پۈتۈن بەدىنىمگە يەنە شۇئان ئوت تۇتاشقاندەك بولدى.

—خەت يېزىڭ! — ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۆزۈمنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

كۆز قىيمىغان ھالدا قوللىرىمىز بوشىدى. بىز مانا مۇشۇنداق ئاددىي، ئەمما تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ھالدا خوشلاشتۇق.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىۋاتامدۇ ياكى مېنىڭ كۆزۈم نەملىشىۋاتامدۇ بىلمەيمەن، ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ، دوستىغا بىر نەرسىلەرنى دېدى. ئۇ چوقۇم مېنىڭ گېپىمنى قىلدى. ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىكەن ئەمەسمۇ! مەن نېمىشقا بۇلارنى بۇرۇنراق سەزمىگەندىمەن؟ ئۇنىڭ مېنى ئۇزىتىپ كېلىشى مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ تولۇق ئىسپاتىغۇ؟ ئېھ، جېنىم مەھبۇبەم، مەھبۇبەم. بىز ئۈن-تىنسىز مۇھەببەت باغلىدۇق، سەن ماڭا كۆزۈڭ ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھەمراھىم بولىدىغانلىقىڭنى ئۇقتۇردۇڭ. مەن ھەممىنى ئاشۇ پاك، ساددا، ئەمما ئوت يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىڭدىن بايقىدىم. ئۇ كۆز يېشىنى سۇرتۇۋاتامدۇ ياكى ھاياجانلانغىنىدىن شۇنداق تۇيۇلۇۋاتامدۇ، ئىشقىلىپ ماڭا ئۇنىڭ بولاقتەك سوزۇك، ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ياش چىققاندەك بىلىندى.

كۆزلىرىم ئىختىيارسىز نەملەشتى. پۈتۈن كۆكرىكىمنى دېگۈدەك ئاپتوبۇستىن چىقىرىپ قولۇمنى پۇلاڭلاتقىنىمچە ئانا مەكتەپ، سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىلىرىم، ساۋاقداشلىرىم بىلەن، ھەممىدىن مۇھىمى ماڭا مۇھەببەت ئاتا قىلغان مەھبۇبە بىلەن خوشلاشتىم. ئۇ ئەمدى دوستىغا ئېسىلدى. ئۇ ئەمدى راستلا يىغلىدى. لەۋلىرىم تىترىدى. شۇ چاغدا بىرەرى كېلىپ تەسەللى بېرىدىغان ئىككى ئېغىز گەپ قىلغان بولسىلا يىغلاپ تاشلىغان بولار ئىدىم. مەن ئاخىرى ئۆزۈم ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم.

—خەير خوش، مېنىڭ ئوتلۇق كۆزلۈكۈم.

2

چېلىل ئىككىمىزنىڭ يېڭى خىزمەت ئورنىغا كەلگىنىمىزگە بىر ئايدىن ئاشتى. بۇ يەردە بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ دېگۈدەك تىكىلگەن چېدىر، ئاندا-ساندا كېلىپ قالىدىغان ماشىنىلاردىن باشقا نە ئۆي، نە كۆزگە چېلىقىقۇدەك بىرەر توپ گىياھ، ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بىرەر يېڭىلىق يوق ئىدى. ئەتراپ كۆز يەتكۈسىز دەشت-

چۆل. يېڭى كەلگەندە بىزنى قىزىقتۇرغان ھەيۋەتلىك گۈرۈلدەپ تۇرغان بورىۋاي بىلەن ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان زور ئاپتوموبىللار ھازىر مېنى ئۆزىگە تارتالمايدۇ. مەن غىچىرلاپ تۇرىدىغان كونا سىم كارىۋاتتا ياتپاشلىغاچ، كۆپ ھاللاردا مايتاغدىن ئايرىلغان چاغدىكى تاتلىق ئەسلىمىلەرنى خىيال قىلىمەن...

جېلىل ئىككىمىز يول بويى يېرىم ئۇخلاپ، يېرىم پاراڭلىشىپ كەلدۇق. ئاپتوبۇس كونا بولغاچقا تېز ماڭالمايتتى. بىز جۇڭغارنىڭ بىپايان چۆللۈكىدە توپتوغرا ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق ماڭدۇق. يول بويى ناۋان-ناۋاندا ئۇچراپ قالىدىغان يۇلغۇنلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نە بىر تۈپ دەرەخ، نە بىر تۈپ گىياھ ئۇچراتمىدۇق.

— باللار، ئۇيقۇڭلارنى ئېچىڭلار، بىز جەرەنبۇلاققا كەلدۇق. بىزنىڭ بۇرغىلاش باشقارما مۇشۇ يەردە، — بىزنى ئالغىلى بارغان ئادەم ئاپتوبۇس ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپ توۋلىدى.

بىز ئون نەچچە ساۋاقداش چالا ئويقۇ، ھارغىنلىققا قارىماستىن دېرىزىدىن باشلىرىمىزنى چىقىرىشتۇق.

تاپ-تاقىر جاڭگاللىقتا خام كېسەكتە قاتار قىلىپ پاكار ئۆيلەر سېلىنغان؛ نېرىسىدا بولسا بىر-بىرىگە ئۇلاپ بىرىزېنت چېدىر تىكىۋەتكەنىدى. بىز دۆڭگەرەك سېلىنغان — ئېھتىمال باشقارما بىناسى بولسا كېرەك — بىرقەدەر تۈزۈكرەك بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. بىزنى ئېلىپ كەلگەن ئادەم بىنا ئىچىگە كىرىپ كەتتى. يېرىم چۈشتىن ئاشاي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئەتراپ ئوت دېڭىزىدەك تىنجىق ئىدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن بىزنى ئېلىپ كەلگەن ئادەم يەنە بىر ئادەمنى باشلاپ بىنا ئىچىدىن چىقتى.

— ھازىر سىلەرنى ھەرقايسى ئەترەتلەرگە بۆلىمىز، — دېدى كېيىن چىققان ئادەم. قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزگە قاراپ، — نىجات، جېلىل ئىككىنچى ئەترەتكە بارىسىلەر، سىلەرنى ئاۋۇ ماشىنا ئېلىپ كېتىدۇ...

بىز ھەم خۇشال بولدۇق، ھەم مەيۈسلەندۇق. خۇشال بولغىنىمىز جېلىل ئىككىمىز يەنىلا بىر يەرگە تەقسىم قىلىنىپتۇق. مەيۈسلەنگىنىمىز باشقا ساۋاقداشلاردىن ئايرىلىپ قالدۇق. بىز ئىككىمىز يۈك-تاقلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ، قولىمىزغا بېرىلگەن تونۇشتۇرۇشنى يانچۇقلىرىمىزغا سېلىپ، ئۈستىگە بىرىزېنت بېسىلغان قارا ماشىنىغا ياماشتۇق.

بىز ئالاھەزەل ئىككى سائەتچە ماڭدۇق. قانچە ماڭغانسېرى ئوت دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشتۇق. ماشىنا ئۆلۈك توپىلىق يولدا ئاسمانپەلەك چاڭ-توزان توزىتىپ ماڭغاچقا، ئەتراپتىكى ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بىر-بىرىمىزگە گەپ قىلىشقىمۇ رايىمىز قالمىدى. بىر چاغدا ماشىنا مېڭىشتىن توختىدى. مەن كۆزۈمنى ئېچىپ جېلىلغا قارىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىبېشى ئۇن خالتىسىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتىم. ئۇ ماڭا قاراپ مەندىن بەكرەك كۈلەتتى. ئېھتىمال مېنىڭ تۇرقۇم ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك توپا بولۇپ

كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

— ئىش ئورنىغا كەلدۇق، چۈشۈڭلار ئۇكىلار، — ئوتتۇز ياش چامىسىدىكى سېپ مىزرەك شوپۇر پەستە تۇرۇپ بىزگە ۋارقىرىدى. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدۇق. يەر-جاھان تىنجىق دەستىدىن شار ئىسسىپ قويىسىمۇ مىدىرلىمىغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. كۆزىمىزگە بىر يەرگىلا تىكىلگەن 50-60 تەك بىرىزىنت چېدىردىن باشقا چەكسىز كەتكەن جاڭگاللىق كۆرۈندى. بۇنى كۆرۈپ پاكلا قىلىپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدۇق.

شوپۇر چېدىر تەرەپكە قاراپ قاتتىق بىر ئىسقىرتىۋىدى، چېدىر ئارىسىدىن ئۆزى دېمەتلىك ئىككى-ئۈچ كىشى چىقىپ ئالدىمىزغا كەلدى. ئۇلار بىزنى چوڭ بىر چېدىر ئىچىگە باشلاپ كىردى. جېلىل ئىككىمىزنىڭ ماكانىمىز مۇشۇ ئىكەن. چېدىرنىڭ ئىچى ئوڭغۇل-دوڭغۇل، قۇرۇق يەر بولۇپ، توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. بىز نەق بىر كۈن دېگۈدەك ياتاق تازىلىدۇق. تازىلىدۇق دېگەندىن كۆرە، يەر تۈزلىدۇق دېسەك تۈزۈك.

تۈنجى كېچىسىلا بۇ يەرنىڭ ئىسسىقىغا چىدىيالماستىن، تاڭ ئاتقۇچە چېدىرنىڭ ئىچىدە مېڭىپ چىقتۇق.

— قانداق يەر بۇ ئاداش، ئىسسىق ئادەمنى ئۆلتۈرەمدۇ نېمە؟ تاڭ ئاتايمۇ دەپ قالدى، ھاۋا يەنىلا چۈشتىكىدەكلا ئىسسىققۇ.

جېلىلنىڭ مەندىن بەكرەك روھى چۈشكۈن ئىدى. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن، تورۇسقا قاراپ ئوڭدىسىغا ياتتى. ئۇنىڭ بۇنداق جىمغۇر بولۇپ كېتىشى ماڭا چۈشىنىشلىك. چۈنكى ئۇنىڭ يۈرىكى ئاتقان قىزى باشقا ئەترەتكە تەقسىم قىلىنىپ كەتتى. شۇ چاغدا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قارىغانىدىم. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، قۇلىقىنىڭ ئاستىدىكى مېڭى مىدىرلاپ، يوغان ئويچان كۆزلىرىگە ياش ئەگىگەنىدى. ئىككىسى ئاددىيلا بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ خوشلاشقانىدى.

ئىككىنچى كۈنى ئىسسىق دەستىدىن بولالماي قالدۇق. بىز ئۆزىمىزنى گويا چېدىردا ئەمەس، تونۇر ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىشتۇق. بۇ يەردە سۇنى چوڭ بىر باكقا قاچىلاپ قويىدىكەن. لېكىن بۇ سۇمۇ قايناقسۇدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئامالسىزلىقتىن ھېلىدىن ھېلىغا يۈزلىرىمىزنى، باشلىرىمىزنى يۇيۇپ تۇردۇق، لېكىن سالقىندايدىغاندەك ئەمەس. يەرگە سۇ چاچساڭ، يەردىن ھور چىققاندەك ئىسسىق ھاۋا گۈپۈلدەپ كېتىدۇ. پۈتۈن ئەزايىمىزدىن تەر ئېرىقتا ئاققاندەك قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇخلاشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. كالتە ئىشتاندىن باشقا ئۈستىبېشىمىزدىكى نەرسىلەرنى سېلىۋەتتۇق. ئىسسىق، زېرىكىش دەستىدىن بىر-بىرىمىزگە گەپ قىلىشمۇ خۇش ياقمايدۇ. ھەر ئىككىمىزنىڭ قىلىدىغىنى خىيال سۈرۈش.

كەچلىك تاماققا چىققۇمىز كەلمىدى ياكى بىرەرى بىزنى ئىزدەپ كىرىپ قويمىدى. خىيالىمغا بىر نەرسە كەچكەندەك بولدى-دە، چاچراپ ئورنىمدىن تۇرۇپ يۈك-تاقلىرىم ئارىسىنى ئاختۇردۇم، ئىككى كۈنىڭىياقى ئىسسىق ئازابى، زېرىكىش ئىچىدە

مەھبۇبە بەرگەن سومكىنى ئۇنتۇلۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن. مەن ئىتتىك سومكا ئىچىنى ئاقتۇردۇم. سومكىدا ئۇن نەچچە تال قىزىل ئالما، ئۈچ-تۆتتەك مايلىق توقاچ، ئۇنىڭدىن باشقا كەمپۈت-پىرەنىك ھەم بىر خاتىرە دەپتەر تۇراتتى. مەن ئىتتىك خاتىرە دەپتەرنى قولۇمغا ئالدىم. بىرىنچى بېتىگىلا: «خىزمەتلىرىڭىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن. مەھبۇبەدىن» دەپ چىرايلىق قىلىپ يېزىلغانىدى.

خاتىرە دەپتەرنى كۆزلىرىمگە سۈرتۈۋالدىم. ئاندىن بىرى بۇ مەخپىيەتلىكنى كۆرۈپ قېلىشتىن قورققاندەك يەنە ئىتتىك سومكا ئىچىگە سېلىۋەتتىم. چاققانغىنە ساندۇقىمنى شىرە قىلدىم-دە، ئۈستىگە سومكامدىكى نەرسىلەرنى تۆكۈپ جېلىلنى چاقىردىم:

— قوپ ھوي، كەچكىچە ياتامسەن، چاي-پاي ئىچىپ قورساقنى تويغۇزۇۋېلىپ ئاندىن ياتساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن.

ئۇ ماڭا خۇش ياقمىغاندەك ئۆرۈلۈپ قارىدى، ئاندىن شىرە ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.

— پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق ئالما بۇ-ھە، بالدۇرراق چىقارساڭ بولمامدۇ پىخسىقلىق قىلىپ تىقىپ يۈرگىچە! — ئۇ چوڭ بىر تال ئالمىنى بىر چىشلەمدىلا يېرىم قىلىپ قويدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ياخشى تۇردۇڭلارمۇ، ئورۇنلىشىپ، ھاردۇقۇڭلار چىقىپ قالغاندۇ. پاھ، ياخشى مېھمان ئاشقا دەپ بىز تازا ياخشى چاغدا كىردۇقمۇ-نېمە؟ — 27-28 ياشلار چامىسىدىكى بىر-بىرىدىن بەستلىك، قويۇق بۇرۇت قويۇۋالغان ئىككىيلەن كىرىپ كەلدى.

ياتىقىمىزغا تۇنجى بولۇپ بىزنى يوقلاپ كىرگەن بۇ ئىككىيلەندىن بەكمۇ خۇش بولۇپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي تېپىرلىشىپ كەتتۇق.

— سىلەرنىڭ كەلگەنلىكىڭلارنى ئەتىگەن ئاڭلىدۇق. چۈشتە كىرەلمەي قالدۇق، قېنى سىلەرمۇ ئولتۇرۇڭلار، ئۆزئارا تونۇشۇپ قالايلى. بىز ماۋۇ قوشنا چېدىردا تۇرىمىز، — دېدى سەل ئېگىزرەك كەلگەن يىگىت.

بىز تۆتىمىز كىچىك ساندۇقنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. مەن ئالمىدىن ئىككى تالنى بۇ ئىككىيلەنگە سۇندۇم، ئۇلار بىر ئاز تەكەللۇپتىن كېيىن ئالمىنى قوللىرىغا ئېلىشتى.

— پاھ، نېمىدېگەن سۈلۈق، نېمىدېگەن تەملىك ئالما بۇ-ھە! — دېدى يەنە بىرەيلەن قولىدىكى ئالمىغا قاراپ، — ھېلىلا شاختىن ئۈزگەندەكلا-ھە.

ئۇلار ئالمىنى قانچە ماختىغانسېرى، كۆڭلۈم شۇنچە يايرىماقتا ئىدى، چۈنكى بۇ ئالمىلار ماڭا مەھبۇبەنى ئەسلىتىپ تۇرماقتا.

— زېرىكىپمۇ قالغانسىلەر-ھە. كېيىنچە كۆنۈپ قالىسىلەر، بۇ يەرنىڭ شارائىتى ناچارراق، دەم ئېلىش كۈنلىرى ھەقىقەتەن بەك زېرىكىشلىك بولۇپ كېتىدۇ. قېنى بىز ئۆزئارا تونۇشقاچ بىردەم قىزىپ ئولتۇرايلى، — ئېگىز بويلۇقى شۇنداق.

دېگىنىچە يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا هاراقنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. يانىدا ئولتۇرغىنى بولسا، گېزىتكە ئوراقلىق بىر كاللەك گۆشنى توقاچنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— ئىستاكاندەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟

مەن ئۇنىڭغا ئالدىمدىكى كورۇشكىنى ئۇزاتتىم. بىرى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، بىرى قەلەمتىراش بىلەن گۆشنى ئۇششاق توغرىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئۆزۈمچە ھەۋەسلىنىپ قالدىم، دېمەك، بىزمۇ ئەمدى بالا ئەمەس، چوڭلار بىلەن قاتار ئولتۇرىدىغان بولدۇق.

— چايدىنىڭلار يوقمۇ نېمە، مەن چىقىپ ياتاقتىكى چايدانىنى ئېپكىرەي، — گۆش توغراۋاتقىنى قەلەمتىراشنى قويۇپ، چىقىپ كەتتى ھەم ھايال ئۆتمەي چايدانىنى كۆتۈرۈپ كىردى، يەنە بىرەيلەن كورۇشكىغا ئازراق هاراق قويۇپ چايقىۋەتتى ـ دە، ئاندىن قايتا يېرىم قىلىپ هاراق قويدى.

— مېنىڭ ئىسمىم يارمەھەممەت، — دېدى ئۇ كورۇشكىنى قولىغا ئېلىپ، — بۇنىڭ ئىسمى ماخمۇت. بىز بۇ يەرگە كەلگىلى ئىككى يىلچە بولۇپ قالدى. مەن ئۈچىنچى سىنىپتا، بۇ ئىككىنچى سىنىپتا ئىشلەيدۇ. قېنى ياخشى ئولتۇرۇپ قالدۇق. ئىسسىق ئازابىنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇنتۇمىساق، بۇ يەردە باشقا ئامال يوق.

توۋا، مۇشۇنداق دىمىق ئىسسىقتا هاراق ئىچىش ئېغىر كەلمەمدىغاندۇ ـ ھە. ئەمما بۇ ئىككىيلەن هاراقنى قىينالمايلا ئىچىۋەتتى. نۆۋەت ماڭا كەلدى.

— مانا ئۇكام، قولىڭىزغا ئېلىپ ئۆزىڭىزنى بىر تونۇشتۇرۇۋەتمەمسىز. بۇنىڭدىن ئازراق ئىچىپ قويسىڭىز ھاردۇقىڭىزنى چىقارغاندىن سىرت، زېرىكىش، غەم ـ قايغۇلىرىڭىزنى باسىدۇ.

ئالاي دېسەم، مەن هاراقنى زادىلا ئىچىپ باقمىغان، ئالماي دېسەم سەت بولىدۇ. ئاخىرى ئۆزرە قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

— خاپا بولماڭ ئاكا، راستىنلا هاراق ئىچىپ باقماپتىكەنمەن. رەنجىمىگەن بولسىڭىز.

— راستلا ئىچىپ باقمىغانمۇ؟ ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى بوپتۇ. سىز بۇرۇن مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن بۇ جاڭگاللىققا كېلىپ ئىشلەشنى ئويلاپ باققانمۇ؟ ئويلاپ باقمىغان، شۇنداقمۇ؟ بۇ چېدىردا بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانسىز. بەلكىم خىيالمۇ قىلىپ باقمىغانغۇ دەيمەن. بۇ جاھان شۇنداق جاھان: ئادەم تۇغۇلغانىكەن، قىلمىغاننى قىلىپ باقىدۇ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ باقىدۇ. بۇرۇن هاراق ئىچىپ باقمىغان ئىكەنسىز، ئەمدى ئىچىپ بېقىڭ.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئالدىدا ئىلاجىسىز رومكىنى ئالدىم، بەلكىم، غەمكىنلىك، زېرىكىشنى بېسىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئوي بىلەن كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئاغزىمغا قۇيدۇم. بىر پارچە چوغ گېلىمنى كۆيدۈرۈپ كىرىپ، پۈتۈن ئەزالىرىمغا تاراپ كەتكەندەك بولدى. جايىمدا تولغىنىپ كەتتىم. خېلى بىر چاغقىچە زۇۋان سۈرەلمەي قالدىم.

— مانا ئىچىۋەتتىڭىزغۇ، ئاز-ئازدىن ئىچىپ قويسىڭىز ھېچ نەرسە بولمايدۇ. بۇ يەردە ئادەم كۆڭۈل ئاچقۇدەك، دەردىگە-دەرمان بولغىدەك نېمە بار دەيسىز، ئادەتتە بىرەر قېتىم كىنو كۆرۈشمۇ ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. ئەڭ ئېسىل نەرسە مانا مۇشۇ، قېنى گۆشتىن ئازراق زاكۇسكا قىلىڭ.

مەن ئىچكەندىن كېيىن جىبلىلغا زورلاش، تەكەللۇپ سۆزلەر كەتمىدى. كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تۇرسام، ئۇ مىندىدىنمۇ بەتتەر قىيىنىلىپ ئىچتى، ئاندىن ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى.

بىر رومكا ئىچكەندىن كېيىن قالغان رومكىلارنى ئىچمەي ئامال بولمىدى. ئۈچ رومكىدىن كېيىن ئۆزۈمنى بىر خىل روھلۇق، تېتىك سېزىشكە باشلىدىم. ئەمدى بىزدە زورلاشمۇ، تارتىنىشمۇ قالمىدى. ئۇدۇل كەلگەننى ياق دېمەي ئىچىۋەردۇق. ھاراق ئىچىۋەرگەنسېرى زېرىكىش، ئىچ پۇشۇقىنى باسقان بىلەن يۈرەكنىڭ بىر يەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ، سېغىنىش ئوتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. بۇلارنىڭ سورىغان گەپلىرىگە جاۋاب بېرىمەن، گەپ-سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاندەك بولىمەن، ئەمما ئەس-خىيالىم پۈتۈنلەي مايتاغقا كەتتى.

ئۇ مېنى ئويلىمىدىغاندۇ. بىرەر قېتىم بولسىمۇ يادىغا ئېلىپ، مەن توغرىلىق دوستىغا سۆزلەپ بەرگەندىمۇ؟ ئۇنى ئويلىغانسېرى ئىچىمدىن بىر پارچە ئوت سىرتقا تېپىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە. بۇ ئايرىلغاندىن كېيىنكى سېغىنىش ھېسسىياتىنى باسالمىغانلىقنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى ھاراقنىڭ كۈچلۈك تەپتىدىن بولۇۋاتقان ئىشمۇ؟ يارمەھەممەت بىلەن دوستۇم بىر-بىرىگە گەپ بەرمەي دېگۈدەك سۆزلەپ، سورۇننى قولىغا ئالدى. ماخمۇت بىلەن ئىككىمىزنىڭ سۆزلەيدىغىنىمىز ئاز، ئاڭلايدىغىنىمىز، ئويلايدىغىنىمىز كۆپ. ئۇمۇ خىيالچان ئولتۇراتتى. قارىغاندا بىرىنى سېغىنىۋاتقان بولسا كېرەك.

جىبلىل ئەمدى تېخىمۇ بەك ئېچىلدى. مۇھەببىتى بۆلۈنگەن ئەترەتنىڭ نەدىلىكىنى، مۇشۇ يەردىن ماشىنا بار-يوقلۇقىنى، قانچە سائەتتە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا سورىدى. يارمەھەممەتمۇ ھارماي جاۋاب بەردى، ھەتتا دەم ئالغان كۈنى ئۆزى باشلاپ بېرىشقا ۋەدە بەردى.

تۆتىمىز تارتىشىپ يۈرۈپ بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىپ بولدۇق. بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسى: ئەمدى ئارام ئېلىڭلار، ئەتە ئەترەت باشلىقى باشقارمىدىن قايتىپ كېلىدۇ، سىلەرنى شۇ سېمىنارلارغا بۆلۈشى مۇمكىن، دېگىنىچە بىزنىڭ تۇتقىنىمىزغا ئۇنىماستىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار ھاراق ئىچكەندەك ئەمەس. سۆزلىگەندە ئاغزىدىن بىر ئېغىزمۇ تەكرار سۆز چىقمىدى. ياتاقتا ئىككىمىز قالدۇق. مەن بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا دەسسىسەم، جىبلىل لەگلەكتەك لەيلەپ يۈرەتتى. بىر سۆزنى ئىككى ھەتتا ئۈچ تەكرارلايمىز. ئەمدى ياتاقنىڭ ئىسسىقىمۇ بىلىنمەي قالدى. ماڭا پەقەت ئىچىمدىن بىر پارچە ئوت چىقىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا ياتقان جىبلىل بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ماڭا قاراپ

ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، سەل ئىلىشاڭغۇ كۆرۈنەتتى ياكى ماڭا شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدىكىن...

— ئېيتىپ باقە، بىز بۇ يەرگە نېمىگە كەلدۇق؟ ئون نەچچە يىل ئوقۇپ مۇشۇ كۈننى كۆرەمدۇق؟ ئوقۇشنىڭ خۇۋالىقىنى بىزمۇ نېمىشقا كۆرمەيمىز؟ ئادەم كەلمەس جاڭگاللىقتا مۇشۇنداق ئۆتەمدۇق؟ — ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ بويىنۇمغا گىرە سالدى، — مەن چىدالمايدىغان ئوخشايمەن، بۇ يەردە ساراڭ بولىدىغان ئوخشايمەن، يۇرتقا قايتىپ ئاتامنىڭ ناۋايلىق كەسپىنى قىلسام بولغىدەك. ھېلىتىن بۇنداق بولسا ئەتە ـ ئۆگۈن نېمە كۈنگە قالىمىز؟...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش بويۇنلىرىمنى بويلاپ قوينۇمغا كىرىپ كەتتى. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى.

— سەن ماڭا دېسەڭ مەن كىمگە دەيمەن، بۇنداق كۈنگە مېنى چىدايدۇ دەمسەن. بۇ زادى قانداق گەپ. بىزنى بۇ يەرگە بۆلگەن مەكتەپكە، ئىدارىسىگە نېمە گۇناھ قىلدۇق. بىزنىڭ باشقىلاردىن نەرىمىز كەم، ئەتە يۇقىرىغا ئەرز قىلايلى!— كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز ئېقىپ كەتتى. مەستلىكنىڭ كۈچىدىنمۇ ياكى بۇ يەرگە شۇنچە ئېغىر كەلدىمۇ، ئۇنى ئۇقمىدۇق، ئىشقىلىپ قىممەتلىك ساۋاقداشلىرىمىزغا ھەسەت قىلىشقا باشلىدۇق. بىزگە تەسەللى بېرىپ ئايرىپ قويىدىغان ھېچكىم يوق. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە گىرە سېلىپ يىغلىماقتىمىز. بۇ مېنىڭ دەل 20 ياشقا توشقان چاغلىرىم ئىدى. مانا بۇ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم قاتتىق يىغلىشىم.

جېلىل مەندىن ئاجراپ ئورنىدىن تۇردى.

— ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا زۇلخۇمارنىڭ قېشىغا بارىمەن، بىز بۇنداق يەردە تۇرمايمىز. ئۇنى يۇرتقا ئېلىپ كېتىمەن، — ئۇ دەلدەڭشىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. مەن ئۇنى قوچاقلىغان پېتى كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم. نېمىلەرنى دېگىنىمنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ خېلى كۆپ سۆزلەپ كەتتىم:

— مەن مايتاغقا بارىمەن. مانا مۇشۇ چىغىر يولنى بويلاپ ماڭىمەن. مەھبۇبەنى كۆرگىلى بارىمەن.

ئاچ قورساق تۇنجى ئىچكەن ھاراق بىزنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

قايسى چاغلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. بىرىنىڭ تۈرتۈپ چاقىرىشى بىلەنلا ئويغىنىپ كەتتىم. كۆزۈمنى ئاچسام يارمەھەممەت بىلەن شۇ دېمەتلىك قاۋۇل بىرەيلەن ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇراتتى. ناتونۇش ئادەمنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەندەك تۇراتتى. يېنىمدا جېلىل يېتىپتۇ، دېمەك ئاخشام، مەستچىلىكتە كىيىملىرىمۇ سالماستىن بىر كارىۋاتتا قىستىلىپ يېتىپتۇق. مەن ئۇنى تۈرتۈپ ئويغاتتىم.

— كەلگىنىڭلارغا ئىككى كۈن بولماي تۇرۇپ قانداق بولغىنى بۇ؟ تېخى ئىشىكىڭلارنىمۇ ئېچىپ قويۇپسىلەر. سىرتقا چىقىڭلار، گەپ بار.

ئۇلار چىقىپ كەتتى. ئارقىدا چىقىپ كېتىۋاتقان يارمەھەممەت «تېزرەك بوـ
لۇڭلار» دېگەندەك كۆزىنى قىسىپ بېشى بىلەن ئىما قىلدى.

يالىدىكى دېرىزىدىن چۈش بولاي دېگەنىنىڭ بەلگىسىنى بېرىپ قۇياش
نۇرلىرى چۈشۈپ تۇراتتى. بىز ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرىمىزنى، ئىششىپ كەتـ
كەن قاپاقلىرىمىزنى ئۇۋۇلاپ بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. بىزدە تۈنۈگۈنكى ئەھۋالدىن
ئەسەرمۇ يوق ئىدى. نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمىزمۇ تولۇق ئاڭقى
رالمايتتۇق. بىرلا يېرى بېشىم يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىۋاتاتتى. بىز چېدىر سىرتى
غا چىقتۇق. قۇياش چەكسىز كەتكەن ئاسمىنى كەڭرى جاڭگاللىقتا ئۆز كارامىتىنى
كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇلار ئالدىمىزدىكى چېدىر سايىسىدە بىزگە قاراپ تۇراتتى. ئىككى
مىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردۇق. ھېلىقى قاپىقى يامان كىشى بىزگە قاراپ گەپ
باشلىدى:

— مەن مۇشۇ ئەترەتنىڭ باشلىقى بولىمەن. ئىسمىم مۇرات. ئىككى كۈن بولـ
دى، باشقارمىدا يىغىندا بولۇپ قېلىپ سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالالماي قالـ
دىم. مەن سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ ياق يارمەھەممەت، ئۈچىنچى سىنىپى
نىڭ باشلىقى، بۇ ياق ماخمۇت، ئىككىنچى سىنىپنىڭ باشلىقى. ئۆزئارا تونۇشۇپ
قويۇڭلار، — بۇ ئىككىيلەن بىزنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك بىز بىلەن قول ئېلىشىپ
كۆرۈشتى.

— نىجات ئۈچىنچى سىنىپقا بۆلۈندىڭىز، جېلىل ئىككىنچى سىنىپقا بۆلۈندى
ڭىز، قالغان ئىش تەقسىماتىڭلارنى، خىزمەت كىيىمڭلارنى مۇشۇلار بېرىدۇ. مېنىڭ
يەنە باشقارمىدا ئىشىم چىقىپ قالدى. نېمە ئىش بولسا مۇشۇ ئىككىيلەنگە دەڭلار،
مەن ئەتە قايتىپ كېلىمەن، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ مۇرىلىرىمىزگە بىردىن ئۇرۇپ
قويۇپ، چېدىر يېنىدىكى ماشىنىغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى.

— يۈرۈڭلار ئۇكىلار، باشلىق كەتتى، سىلەر بىزگە قالدىڭلار. ياتاققا بېرىپ
خىزمەت كىيىمڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار.

ئۇلار بىزنى ياتىقىغا باشلاپ كىردى. ئۇلارنىڭ ياتىقى خېلىلا رەتلىك بولـ
سىمۇ، يەنىلا توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. چۈنكى چېدىر داق يەرگىلا قۇرۇلغانىدى. ئۇلار
بىزگە يوغان ئىككى بوپنى تۇتقۇزدى.

— كىيىملەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭ ئىچىدە، قاراپ بېقىڭلار.

بىز بوپنى يەشتۇق. ھەممىسى يىپيېڭى كىيىملەر ئىكەن.

— بۇ سىلەرگە بېرىلگەن يازلىق شىم - چاپان، ئايىغىڭلار، — دېدى يارمەھەم
مەت تۈنۈگۈنكى ئەلپازى يوق ھالدا، — ماۋۇ بىخەتەرلىك قالپىقىڭلار، ئەڭ مۇھىم
بىلىپ قويىدىغان ئىشلار بىخەتەرلىك قالپاقسىز، ئۆتۈكسىز ئىشقا بېرىشقا
قەتئىي بولمايدۇ. تۈزۈمىمىز چىڭ. ئىشتىن قېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. نىجات، سەن
تەييارلىق قىلغاچ تۇر، بىر سائەتتىن كېيىن ئىشقا ماڭىمىز.

بىر سائەتتىن كېيىن ئالدى تەرەپكە شامالدىن دالدا بولسۇن دەپ ئارتىپ

www.uyghurkitap.com

قويغان بىرىنىڭتىن باشقا يېرى ئوچۇق يۈك ماشىنىسىدىن ئورۇن ئالدىم. بىز ئىشقا چىقىشتىن ئىلگىرى ھەممىمىز تىزلىنىپ تۇرۇپ ئىسىملىرىمىزنى چاقىرىدىكەن. بىزدىن بىر ئادەم كەم چىقىپ قالدى. يارمەھەممەت ئارقىغا بۇرۇلغانچە تېز-تېز مېڭىپ ئۇدۇلدىكى چېدىر ئىچىدىن بىرىنىڭ بويىنىدىن سۆرىگەنچە ئېلىپ چىقتى.

— بۇنى ماشىنىغا تاشلاڭلار، بارغىچە ساقىيىپ قالىدۇ. بۈگۈن ئۇ بولمىسا بولمايدۇ! — دېدى ئۇ.

ھېلىقى ئادەمنى ئۈچ-تۆت يەلەن ماشىنا ئۈستىگە تارتىپ چىقتى. يارمەھەممەت ھەممەيلەنگە مېنى بىر قۇر تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، شوپۇرغا ماڭ دېگەندەك ئىشارەت قىلدى.

بۇ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئىشقا چىقىشىم ئىدى. ئېھتىمال دۇنيادا ھەممە ئادەم ئۆزى ئوقۇغان كەسپىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىشنى تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش دەپ بىلىدىغاندۇ. مەن بۇرغىلاش كەسپىنى ئۈچ يىل ئوقۇغان بولسامۇ، ئەمەلىيىتىنى تېخى تۇنجى قېتىم باشتىن كەچۈرۈشكە كېتىۋاتاتتىم. شۇڭا روھىي كەيپىياتىم ئالدىنقى كۈنلەرگە قارىغاندا خېلىلا ياخشى ئىدى.

ماشىنىدا مېنىڭلا كىيىملىرىم يېپيېڭى، قالغانلارنىڭ قالپاقلىرى تۇم قارا رەڭگە ئۆزگەرگەن، كىيىملىرى پاتقاق، ماي دەستىدىن كۆرگۈسىز دەرىجىدە ئىدى.

كوزۇپ ئالدىغا بىرىنىڭ ئارتىۋالغان ماشىنا ئۆلۈك توپىلارنى توزۇتۇپ، بىزنى ئىش ئورنىغا ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن ئەتراپىمدىكى كۆز يەتكۈسىز جاڭگاللىقا، يىراق جايدىكى قۇم بارخانلىرىغا، ئۇنىڭ يانلىرىدىكى يۇلغۇنلۇقلارغا، ئارقىمىزدىن قېلىشماي كېلىۋاتقان نەچچە ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى چاڭ-توزانلارغا، يەر-جاھانغا ئوت چېچىپ تۇرغان ئۈستىمىزدىكى قۇياشقا قاراپ، قاراپ قويىمەن. كوزۇپتىكىلەر بۇنداق مەنزىرىنى تولا كۆرۈپ كەتكەچكىمىكىن، ئەتراپقا قاراشنى زېرىكىش ھېس قىلىشىپ، تاماكا چېكىشمەكتە، بەزىلەر كوزۇپقا يۆلىنىپ مۈگدەشمەكتە.

ماشىنا بىر سائەتتىن ئارتۇق ماڭغاندا، يىراقتىن دەسلەپ نوغۇچتەك بىر نەرسە، يېقىنلاشقانسېرى تىرەكتەك ھەم ئېگىز، ھەم يوغان مۇنار — ۋىشكا كۆرۈندى. ۋىشكا سۈپىسى ئۈستىدىكىلەر بىخەتەرلىك قالپاقلىرىنى بىزگە قارىتىپ پۇلاڭلاتتى. بۇلار بەلكىم بىزنىڭ چاپسانراق سمېنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك. بىز ۋىشكا سۈپىسىدا قاتار تۇرۇپ سمېنا ئۆتكۈزۈۋالدۇق. مانا شۇندىن باشلاپ ئىشچىلىق ھاياتىم باشلاندى. دېمەك، مەن چوڭ ئادەملەر سېپىگە قېتىلدىم...

بىزنىڭ بۇ تونۇردەك ئىسسىق، توپا، قۇمدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق بورانلىق چۆلدە ئىشقا پاكىز يېرىپ پاتقاق، ماي ھەم سېسىق پۇراق بىلەن قايتىپ كېلىش، كۈندە دېگۈدەك يۇيۇنۇش، ئاشپەزلەرنىڭ قوپال ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلاش، ئۇخشىمىغان تاماقلىرىنى ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئېلىش قاتارلىق ئىشلارغا كۆنۈپ قالغىنىمىزغا ئاز كەم ئۈچ ئاي بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئۈچ ئاي ۋاقىت جەريانىدا تەبىئەت بىزگە بىر قېتىمۇ يامغۇر ھەدىيە قىلىپ باقمىدى، قاچانلا قارىساڭ تىنجىق ئىسسىق،

ۋىژىلداپ چىققان بورانلا بىزگە ھەمراھ...

مەھبۇبەدىن ئايدا بىر يالقۇنلۇق سالام بىلەن يېزىلغان خەت ئالىمەن. مەنمۇ
سېغىنىشلىق ھېسسىياتىمنى بىلدۈرۈپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇن خەت يازىمەن. جېلىل
ئىككىمىز ئىككى ھەپتىدە بىر، ھېچ بولمىغاندا ئۈچ ھەپتىدە قانغۇدەك بىر خۇشاللىق
قا چۆمىمىز. ئۇنداق بولۇشى، زۇلخۇمار بىر قانچە ساۋاقداشلارنى باشلاپ بىزنى يوق
لاپ كېلىدۇ، ياكى بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا بارىمىز. بۇ يەردە نە كىنو، نە رادىئو
يوق، پۈتۈن ئىچ پۇشۇقىمىزنى پەقەت ئوغىدەك ئاچچىق هاراقتىن ئالىمىز. پەقەت شۇ
لا بىزگە بىردەم بولسىمۇ خۇشاللىق ئاتا قىلىپ، جاپالىق ئىشنى، ئازابلىق سېغىنىش
نى يېڭىدۇ. سىڭنا باشلىقىم يارمەھەممەت ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان يىگىت ئىكەن، ھەم
مىسىدىن كىچىك بولغاچقىمۇ، ماڭا بۆلەكچىلا ياردەم قىلىدۇ، جاپاغا چىدىماي يىغ
لاپ كەتكەن چاغلىرىمدا:

— نېمىگە يىغلايسەن، ئوغۇل بالا دېگەن جىگەرلىك بولۇشى كېرەك، — دەپ
مېنى ئەيىبلەيدۇ. دەم ئالغان كۈنلىرى بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ باشلامچى بو
لۇپ ئىچىدۇ، لېكىن ئىش ۋاقتىدا هاراق ئىچكەنلەرگە قەتئىي رەھىم قىلمايدۇ. ئىشقا
ماڭىدىغان چاغدا مەست بولسىمۇ، ماشىنىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇ ماڭا ھەم
باشلىق، ھەم ئۇستا. ئۇ ئىشلىگەندە باش كۆتۈرمەي ئۈن ـ تىنسىز ئىشلەيدۇ.

ھەپتىدىن بۇيان ئىككى كۆزۈمنى تۆت قىلىپ دېگۈدەك مەھبۇبەنىڭ كېلىشىنى
كۈتمەكتىمەن. چۈنكى ئۇنىڭ يېقىندا ئەۋەتكەن خېتىدا: ئۇلارنى مۇشۇ ئاي
ئىچىدە خىزمەتكە تەقسىم قىلىدىغانلىقىنى، زور كۆپچىلىكنى قاراмايغا بۆلىدىغانلىقى
نى، ئۆزىنىڭمۇ قاراмايغا بۆلۈنۈپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى يازغانىدى. بىزنىڭ
ئەترەتكىمۇ يېڭى ئىشچى ئالماقچىدى، شۇڭا كۈندە دېگۈدەك ئەترەت باشلىقىدىن
سوراپ تۇرىمەن. ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىزنىڭ ئەترەتكە يەتتە ـ سەككىزچە يېڭى ئىشچى
تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماشىنا كەتكەنلىكىنى ئۆز
قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. مەن ئىچىمدە مەھبۇبەنىڭ بىزنىڭ ئەترەتكە، ھېچ بولمىغاندا
يېقىنراق ئەترەتكە بۆلۈنۈپ قېلىشىنى خۇدادىن تىلىدىم.

يەنىلا شۇ مەينەت ئىش كىيىملىرىمنى كىيىپ، تاماق قاچامدىكى مۇزدەك كاۋا
سەي بىلەن موممىنى كۆتۈرگىنىمچە، بويىنۇمدىن سۆرىگەندەك كېچىلىك سىمېنىغا ماڭ
دىم. ئىشقا پەقەتلا بارغۇم يوق ئىدى. ئەمما يارمەھەممەتتىن قۇتۇلالمايمەن، ئۇنىڭ
ئۇستىگە، سىمېنىدا ئادەم ئازلىقى ئۆزۈمگە مەلۇم.

كېچە. بوران پۈتۈن جاڭگاللىقنى بېشىغا كىيىپ ھۇشقىتماقتا. ھەممىمىز بوران
دىن دۈگدەرىشىپ ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. يەنە شۇ زېرىكىشلىك، كۈندىلا كۆ
رىدىغان يول.

«كېلىدىغانلار ئىچىدە ئۇمۇ بارمىدۇ. بار بولسا بىزنىڭ ئەترەتكە بۆلۈنۈپ قو
يارمۇ. كەلسە نېمە دەيمەن؟ تارتقان ئازابلىرىم ئازمۇ، بۇلارنى ئۇ سەزگەنمىدۇ؟»
ماشىنىدا ئىشقا كېتىۋېتىپمۇ، بورۇۋايدا ئىشلەۋېتىپمۇ كۆڭلۈمدە ئاشۇنداق سوئاللار

نېرى بولمىدى. تاڭ ئاتارغا يېقىن ئىشىمىز سەل سىلىككەندە ھەمراھىم ئىككىمىز ۋىشكا يېنىغا قۇرۇلغان ياغاچ بوتكىنىڭ كەينىگە تاماكا چەككىلى ئۆتتۇق.

چىلىق - چىلىق تەردىن ئويغىنىپ كەتتىم. قۇياش نەق بېشىمىزغا كېلىپ ئوت چاقماقتا ئىدى. سائەتكە قارىسام 12 دىن ئېشىپتۇ. يېنىمدىكى ھەمراھىم بەخىرامان ئۇخلىماقتا ئىدى، دېمەك سىمېنىدىكىلەر بىزنى تاشلاپ كېتىپتۇ. بۇ ئاشۇ يارمەھەممەتنىڭ ئىشى. كىمكى ئىش ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالسا ئۇ تەنقىدلىمەيدۇ. ئەمما يامان يېرى ئويغاتماي كېتىپ قالىدۇ، سەن ئىككىنچى سىمېنىدىكىلەر بىلەن قايتىشقا مەجبۇر بولىسەن. دېمەك يەنە 12 سائەت ئىشلەيسەن دېگەن گەپ. ئۇ مانا مۇشۇنداق تەنقىدلىمەي تۇرۇپ جېنىڭنى ئالىدۇ.

مەن قەتئىي پىيادە مېڭىش نىيىتىگە كەلدىم. ھەمراھىم دەسلەپ نارازى بولدى. كېيىن بەكرەك زورلاپ تۇرۇۋېلىشىم بىلەن مېڭىشقا ماقۇل كەلدى. چۈنكى كېيىنكى سىمېنىدىكىلەرنىڭ ماشىنىسىنى ساقلاشقا توغرا كەلسە، بۇ سىمېنىدىكىلەر بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان، ئۇلارنىڭ شاگىرت گەپلىرى بىلەن ئىشقا بۇيرۇشلىرىغا چىداپ تۇرىدىغان گەپ ئىدى.

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، كۈن ئىسسىپ كەتكەنىدى. بىز چاپانلارنى سېلىۋېتىپ مايكىچان بولىۋالدۇق - تە، ئۆلۈك توپىغا ئوشۇقچە پېتىپ كېتىۋاتىمىز. بەزىدە ۋىشكا كۆچۈرگەندە تراكتورلار بىر يانىغا دۆۋىلەپ قويغان ئۆلۈك توپىلارغا تىزغىچە كىرىپ كېتىمىز. ھەمراھىم قاقشاپ كېلىۋاتىدۇ، مەن بولسام ئۆز خىيالىم بىلەن. بىز ئاخىرى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ يۇلغۇنلۇقنى ئارىلاپ تاشيولغا چىقماقچى بولدۇق. بولمىسا ھازىرقى مۇشۇ مېڭىشىمىزدا ئەتىمۇ ياتاققا يېتىپ بارالمايتتۇق. بىز يۇلغۇن ئارىلاپ كېتىپ بارىمىز. بۇ يەردە پاشا دېگەن ھېچقانچە گەپ ئەمەس. كالىنى قاچۇرىدىغان كۆككۈيۈنلەر بار ئىدى. ئۇلار توپ - توپ بولۇشۇپ ئەتراپىمىزدا غۇڭۇلدىشىپ يۈرمەكتە. بىز قولىمىزدىكى چاپان بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ بىردەم مېڭىپ، بىردەم يۈگۈرۈپ بەش - ئالتە سائەت دېگەندە ئارانلا تاشيولغا چىقتۇق. ھېرىپ ھالىمىز قالمىدى. ئەمدى يەنە يەتتە - سەككىز سائەتچە ماڭساق ئاندىن ياتاققا يەتكىلى بولىدۇ. بىز يارمەھەممەتتىن تارتىپ سىمېنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا قاقاس جاڭگاللىقنى، تومۇز ئىسسىقنىمۇ قويماي تىلىلىدۇق.

ئادەم دېگەن ئاجايىپ ئىكەن. كىچىككىنە ئىشتىن رەنجىپ، كىچىككىنە ئىشتىن تاغدەك خۇش بولۇپ كېتىدىكەن. ماڭغۇدەك ھالىمىز قالمىغاندا يولدا سۇ توشۇيدىغان ماشىنا ئۇچراپ قالدى. ماشىنىغا چىقىش بىلەن ھېرىپ، چارچاشنى، ئاچچىقنى... ھەممىنى ئۇنتۇدۇق. خۇددى تويغا كېتىۋاتقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتۇق.

ئۇستىبېشىمىز چاڭ - توزاندىن قارىخۇسىز ھالەتتە ماكانىمىزغا يېتىپ كەلدۇق. ياتاققا كىرەي دەپ تۇرۇشۇمغا، جېلىل چېدىر ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ مېنى قۇچاقلىغانچە، ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

— بول چاققان ھاڭۋاقتى، نەلەردە ئۇخلاپ يۈردۈڭ. ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. خۇشاللىق، ئۇقتۇڭمۇ، ساڭا خۇشاللىق. يۈرىكىڭ تۇيغاندۇ. بىلدىڭمۇ كىم كەلدى. مەھبۇبە كەلدى، مەھبۇبە! ئۇ كېلىپلا سېنى سورىدى. ئىسسىق سۆزلىرىنى تەييار قىلىپ قويدۇم. تېز يۈگۈرۈپ كىيىملىرىڭنى يۆتكە. نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟

ئۇ مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ھاياجاندا! ئۆزۈمنى يوقىتىپلا قويدۇم.

چوغ بولۇپ پۇتلارنى كۆيدۈرىدىغان جاڭگالنىڭ ئۆلۈك توپىسىغا، قۇم بارخانلىرىغا مەيدەمنى ياققۇم، ھەر كۈنى بويىنۇمدىن سۆرەپ دېگۈدەك بارىدىغان ماي، پاتقاق دەستىدىن تۇرغۇسىز بورىۋاي جازىسىنى قۇچاقلىغۇم، تەمسىز تامىقى ئۈچۈن سوقۇشىدىغان ئاشپەزلەرگە يىللىق مۇئامىلە بىلەن سۆزلىگۈم، قوللىرىنى ھاياجان بىلەن قاتتىق - قاتتىق سىققۇم كېلىۋاتىدۇ. ھەي، ماڭا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەڭ زېرىكىشلىك، ئەڭ سەت كۆرۈنىدىغان قارامايىنىڭ چۆللۈكى، بىردىنلا سۆيۈملۈك، ئەڭ گۈزەل كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. توۋا، ئادەمنىڭ قەلبىمۇ ئاجايىپ نەرسە ئىكەن، مۇھەببەت ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن. سەن ۋىسالغا ئېرىشكەندە كۆزلىرىڭگە ئەڭ سەت نەرسىلەرمۇ چىرايلىق، سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىكەن. دوستۇم جېلىل خەۋەر يەتكۈزگىنىڭگە رەھمەت، ئېھ يەر، ئېھ تاقىر جاڭگاللىق، ساڭا مەڭگۈ رەھمەت، سەن بىزنى ئۇچراشتۇردۇڭ، بىزگە بەخت شارابىنى ئىچكۈزدۈڭ. سەن بىزنىڭ ئانىمىز.

مەھبۇبە كەلگەندىن كېيىن روھىي كەيپىياتىمدا ئاجايىپ چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۆزۈمچە ناخشا ئېيتىمەن، ھاراق سورۇنلىرىغىمۇ ئاز بارىمەن. كېچىلىرى بىكار قالغان چاغلاردا كۆپىنچە كىتاب ئوقۇيمەن، ماتېرىيال ئاختۇرۇپ بىرەر نەرسە يېزىشقا تۇتۇش قىلىمەن. ئاشپەزلەرنىڭ ئەتكەن تامىقىدىنمۇ زارلانمايمەن. ئىشقا بارىدىغان چاغدا ھەممىدىن بۇرۇن تەييارلىقلارنى قىلىپ بولىمەن، ھازىر يېرىم توننا كېلىدىغان ئاسما كۇلۇچنى قىينالمايلا ئوينىۋېتىمەن. قىشنىڭ شۇۋىرغانلىق بورانلىرىدا يۈزلىرىم زاغرا ناندەك يېرىلىپ كېتىدۇ، پاتقاقتا سۇ بولۇپ كەتكەن پىيمىلىرىم مۇز تۇتۇپ كېتىدۇ، لېكىن ھازىر ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلەيمەن، ھەممىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلەلەيمەن. چۈنكى يېنىمدا كۆزلىرىدىن مېھرى - شەپقەت چاقناپ تۇرىدىغان سۆيگىنىم — مەھبۇبەم بار.

ئەمما ھەممىلا ئىش خۇشاللىق بىلەن ئۆتۈۋەرمىدى. بىزنىڭ ئەترەتكە مەھبۇبە بىلەن ئىككى قىز بىللە كەلگەنىدى. ئەترەت بويىچە شۇلارنىڭ يىغا - زارىسى ئەڭ كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىشىغۇ يەڭگىل، بورىۋاي ماتورىغا قارايدۇ. بۇنچە كۆپ ئەرلەر ئىچىدە، يەنە كېلىپ پۈتۈن بويتاق ئەرلەرنىڭ ئىچىدە، ئۈچ قىزنىڭ بولۇشى زېرىكىپ يۈرگەن ئەرلەر ئۈچۈن ئوبدان ئەرمەك بولدى. بىرلىرى چاقچاق قىلىۋاتقان،

بىرلىرى كۆزلىرىنى قىسىۋاتقان، يەنە بىرلىرى پەم بىلەن قوللىرىنى، بەدەنلىرىنى تەگكۈزۈۋاتقان...

قىزلار كەلگەندىن كېيىن ئولتۇرۇش ئەدەپ كەتتى. مەن بولسام بۇنداق ئولتۇرۇشلاردىنمۇ زېرىكتىم. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ ئولتۇرۇش ھازىر مېنى ئەندىشىگە سالماقتا. باللار ساق ۋاقتىدىكىغۇ مەيلى، مەست بولۇشقاندىن كېيىن قىزلارغا يەۋەتكۈدەك تىكىلىشكە باشلايدۇ. سەت چاقچاق قىلىپ ئوغاكنى قاينىتىدۇ. بىرنېمە دەي دېسەم كۆنلەمچىلىك قىلما، تېخى ئالمىغان قىزىڭغا نېمانچە قىلىسەن، ئەمرىڭگە ئالىدىغان بولساڭ تالا-تۈزگە چىقارمايدىغان ئوخشىمامسەن؟ دەپ زاڭلىق قىلىشىدىن قورقىمەن. دېمەك، مۇھەببەت تۇرمۇشۇمغا خۇشاللىقتىن باشقا يەنە ئارامسىزلىق، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەسەتنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدى.

يارمەھەممەت توي قىلىپ باشقارمىغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا مەن سىمېنا باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. بۇ يەردە توي قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى باشقارمىغا يۆتكىلىپ كېتەتتى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئەترەت باشلىقىمىزمۇ باشقارمىنىڭ قايسىدۇر بىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە مەن ئەترەت باشلىقى قوشۇمچە تېخنىك بولدۇم.

بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكتىم. مەھبۇبە ئەتىگەن شەھەرگە دوستلىرى بىلەن كىرىپ كەتكەن. چۈشتىن كېيىن يېنىپ چىقىدۇ. مەن زېرىككىنىمدىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بىزدىن 7-8 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نېفىت ئېلىش زاۋۇتىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئاغىنىلەرنىڭ مېھمانلىقى بىلەن خېلىلا كەيپ بولۇپ قايتتىم. ياتاققا كىرىپ تۇرۇشۇمغا بىرى بۈگۈن كەچلىك سىمېنىمنىڭ باشلىقىنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭ يېنىغا چىقسام دەرۋەقە مەيدىسىنى تۇتۇپ، ھەدەپ قۇرۇق ياندۇرۇۋاتاتتى. پۈتۈن ئەزايى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپ تۇراتتى. تېزدىن ماشىنا بەلگىلەپ ئۇنىڭغا ئىككى ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ شەھەرلىك دوختۇرخانىغا يولغا سالدىم. مانا بۇ ھاراقنى قالايمىقان ئىچكەنىنىڭ كارامىتى. ئادەتتە ئىشچىلار تولىسى قېرىق چاي، ئاچچىق موخۇركا بىلەن زاكۇسكا قىلىپ ئىچىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشخانىمىزنىڭ تامىقىمۇ ماختىغۇدەك ئەمەس، بۇنداق بولغاندىن كېيىن ئاشقازان بۇزۇلماي نېمە بولىدۇ؟ بىز ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ ھاراق ئىچىشىنى توسۇۋالمىدۇق. بەزىدە ئۆزۈممۇ ئۇلارغا قېتىلىپ كېتىمەن. ئەمما ئىشقا ئاسانلىقچە تەسىر يەتكۈزمەيمەن. باشقا سىمېنا باشلىقلىرىنى ئىزدىدىم. ئۇلارمۇ دەم ئېلىش بولغاچقا شەھەرگە كىرىپ كېتىشىپتۇ. ئەمدى ئۆزۈم سىمېنا باشلىقى بولۇپ ئىشلەشتىن باشقا ئامال قالمىدى. باكقا قاچىلانغان سۇ بىلەن بېشىمنى راسا يۇيدۇم. بۇ دەل باش ئەتىياز بولۇپ، تالادا ئادەتتىكىدەك بوران چىقىپ تۇراتتى. بىزنىڭ بۇ يەردە بوران بىر چىقسا ھەپتىلەپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا بىز كۆنۈك. بوران ھەرقانچە ھۇشقىيتقان بىلەنمۇ پاختىلىق

چاپانغا يۆگەنگەنچە بورانىنى تىللىغاچ ئۇششا ماڭىدىغان گەپ. بەزىدە قىزلارلا ئەمەس،
ھەتتا ئوغۇللارمۇ يىغلىشىۋېتىدۇ.
بېشىمنى يۆيۈپ خىيالسىز سەكرەپ قالغاندەك بولدۇم. تامىقىمىزنى يەپ بولغان-
دىن كېيىن شىرىپ تىكىلگەن پاختىلىق ئىشتان - چاپانلىرىمىزنى كىيگىنىمىزچە
ماشىنىغا چىقىشتۇق. شەھەردىكىلەر يېلىڭ كىيىنىپ يۈرگەن ۋاقىتلار بولسىمۇ، بىز
تېخى پاختىلىق ئىشتان - چاپاندىن ئازاد بولالمىغانىدۇق.
مەن ماشىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇردۇم. چۈنكى كۆڭلۈم ئاينىپلا تۇراتتى. كېچە،
ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا، ئاسماندا بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. ماشىنا ھەركۈندىكىدەك
ئارقىدا چاڭ - توزان قالدۇرۇپ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا ئىغاڭشىپ كېتىپ بارماقتا.
كەچلىك سىمېنا بەك زېرىكىشلىك بولىدۇ. يا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا، يا ئول-
تۇرۇش تازا ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتتا ئىشقا ماڭىدىغان گەپ. ماشىنا ئانچە ئۇزۇن
ماڭمايلا كۆڭلۈم ئاينىشقا باشلىدى. ھەي يەنە شۇ ھاراقنىڭ كاساپىتى. ياتاقتىن
ئىش ئورنىغىچە ئىككى سائەتچە كېتىدۇ. ھازىردىن باشلاپ قۇسقىلى تۇرسام ئىش
ئورنىغا بارغىچە يىقىلىپ قالىدىغاندەك قىلاتتىم. بەرداشلىق بېرىشىم كېرەك. سىمې-
نا باشلىقى بولغاندىكىن تورمۇزنى مەن تۇتىمەن. ماشىنىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى
يېڭى بالىلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىمدا مەھبۇبە قۇلاقچىنى ئېگىزكىچە باستۇرۇپ
كىيىپ ئولتۇرىدۇ. لەۋلىرىمنى چىشلەپ كېتىپ بارىمەن. شامال كۈچىيىشكە
باشلىدى.
مەن شۇ چاغدا پەقەت قانداق قىلىپ بەرداشلىق بېرەرمەن دېگەن ئوي بىلەنلا
بولۇپ، باشقا ئىشلارغا ئانچە دىققەت قىلماپتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزۈممۇ تولۇق
يېشىلمىگەنىدىم. كۆڭلۈم بىر قىسما بولغاندەك بولدى. قالغانلار ماشىنىنىڭ ئالدى-
دىكى بىرېزىنتىنى دالدا قىلىپ مۈگدەشمەكتە ئىدى. ماشىنا چوڭقۇرراق ماي كۆلچى-
كىگە دۈچ كەلدىمۇ، تۇيۇقسىز قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. قولۇم كوزۇپتىن بوشاپ يەر-
گە ساڭگىلاپ قالدىم. مەھبۇبە مېنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇرغانىكەن.
ماشىنىدىن يىقىلىشىم بىلەنلا قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى، تىپىرلاپ كېتىۋاتىمەن. شۇنچىلىك
قورقتۇمكى، كەيپچىلىكىم ئالتە تاغنىڭ نېرىسىدا قالدى. مەن ئۇنچىلىك قورققان
يەردە مەھبۇبە قانچىلىك قورققاندۇ - ھە!
مېنىڭ بىر پۇتۇم، بىر قولۇم، مۇنداقىسىگە ئېيتقاندا، بەدىنىمنىڭ يېرىمى
دېگۈدەك يەرگە ساڭگىلاپلا قالغانىدى. ھەتتا ماشىنىدىكىلەرمۇ نېمە ئىش بولغانلى-
قىنى بىلەلمەي قاپتۇ. كېيىن مەھبۇبەنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ۋارقىراشنىمۇ ئېسىدىن
چىقىرىپ قويۇپتۇ.
مېنىڭ قولۇم كوزۇپتا، پۈتۈن بەدىنىم بولسا، قۇربانلىققا ئېلىپ ماڭغان قوي-
دەك تىپىرلايدۇ. ئۇنىڭ بىر قولى ياقامدا، يەنە بىر قولى كوزۇپتا ئىدى. كوزۇپنى
مەھكەم تۇتۇۋالغان سول قولۇمنىڭ يېڭىنى چىشى بىلەن چىشلىۋالغانىدى. ئاڭغى-
چە كۈچلۈك ئىككى - ئۈچ قول كېلىپ مېنى ماشىنا ئۈستىگە چىقىرىۋالدى.

ۋارقىراشلاردىن كېيىن ماشىنا توختىدى.

دۇنيادا جاندىنمۇ تاتلىق نەرسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. ئاشۇ مىنۇتتا مېنىڭ كاللامدا پەقەت جاننى قۇتقۇزۇشلا بار ئىدى. نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق — ھە! پۈتۈن بەدەنلىرىمنى سوغۇق تەر قاپلاپ كەتكەنىدى. ھاسىراپ كەتتىم. ئاغزىمدىن گەپ ئەمەس، بەلكى ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى كېلەتتى.

شۇ قېتىمقى ئىشنىڭ يالدامىسى سوپىتىدە ئىش كىيىمىدە مەھبۇبەنىڭ چىشى پېتىپ پاختىسى كۆرۈنۈپ قالغان تۆت تۆشۈكلا قالدى. ئۇ چىشلىگەن چاپان تولىمۇ مەينەت بولۇپ، ئادەتتە كىشلەر پاختىلىق كىيىملەرنى بىر ياكى ئىككى يىلدا بىر يۇياتتى. بىز بولساق ئۇچ ھەپتىدە ياكى ئايدا بىر يۇياتتۇق. ھەر قېتىم سىڭىزلىق ئېرىتمىنى ئۇرغان چاغدا لاي، مايلار دەستىدىن چاپىنىمىز تۆت — بەش كىلو ئېغىرلىشىپ كېتەتتى. ئەتىسى يېرىم كۈن لاي قىراتتۇق. ئۇ چىشلىگەن كىيىممۇ مەينەت ئىدى. مەن ماشىنىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن مەھبۇبە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ياندۇرۇپ كەتتى. ئوت چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ كەتتى. تىترەپ كەتكەنلىكتىن ئىككىلەن ئىككى مورىسىدىن قاتتىق بېسىپ تۇتۇپ تۇردى. ئۇنىڭغا قاراپ مېنىڭ ئىچىم قاتتىق سېيرىلىپ كەتتى. ئەتىسى ئۇ بىر كۈن قوپماي دېگۈدەك ياتتى. مەن ئۇنىڭ ھېلى پېشانىسىنى سىلاتتىمەن، ھېلى قايناق سۇ ئىچۈرىمەن، ئاشپەزلەرگە سۇيۇق — سەلەڭ نەرسە بۇيرىتىمەن. كېچىدىكى ئاشۇ ئىش بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

بىزنىڭ بەختىمىز، چىن مۇھەببىتىمىزگە چىققان سۆگەل بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئاستا — ئاستا بىخلىنىشقا باشلىدى. شۇ كۈنى مەن ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئۇنتۇلغۇسىز ئىش بولدى.

يەكشەنبە، بايرام كۈنلىرى ساۋاقداش، ئاغىنىلەر بىر — بىرىمىزنى مېھمانغا چاقىرىپ ئولتۇرۇش قىلاتتۇق. بىزنىڭ بۇ يەرگە گىتار يېڭىلا كەلگەن بولۇپ، تانسا ئويناشنى پەقەت ئۆيلىرى شەھەردىكى بىرقانچە باللارلا بىلەتتى.

نېفىت ئېلىش زاۋۇتىدىكى ساۋاقدىشىم مەھبۇبەنى ئېلىپ ئولتۇرۇشقا قاتنىشىپ بېرىشىمىزنى تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ. مەھبۇبەنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى، دېگىنىگە قارىماي، ئالدىمغا سېلىپ ماڭدىم. ياتاققا كىرسەك ئولتۇرۇش باشلانغىلى خېلى بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇلار كېچىكىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئولتۇرۇشنىڭ قائىدىسى بويىچە ماڭا ئۇچ رومكا ھاراق جەرىمانە قويدى. مەن زورلاش، چاقچاقلار بىلەن ئىككى رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتىم. ئۇچىنچى رومكىنى ئىچەلمىدىم، دەپ تۇرۇۋالدىم. دېمىسىمۇ ئولتۇرۇشقا تېخى ھېرىدىپ دېگۈدەك يېڭىلا كەلگەن تۇرسام ئۇنىڭ ئۈستىگە، قورساقمۇ ئېچىپ بىر يەرگە بارغان بولۇپ، ئۇچ رومكا ھاراقنى كەينى — كەينىدىن ئىچسەم، ئۆزۈمنى ھاراققا بىر دەمدىلا ئالدۇرۇپ قويمايمەنمۇ...

— ئىچە ئاداش، بىللە ئولتۇرمىغىلىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدىغۇ، قورۇنۇۋاتقاندەك

قىلسەنغۇ، — كەيپى كۆتۈرۈلگەن ساقىي ماڭا رومكىنى تەڭلەپ تۇرۇۋالدى، — تارتىنما، رۇخسەت سوراپ قويدۇق. شۇنداققۇ دەيمەن مەھبۇبە. چاتاق يوق، ئىچە ئاداش.

مەن مەھبۇبەگە قارىدىم. ئادەتتە ئۇ بار يەرلەردە هاراقنى ئاز ئىچەتتىم. ئۇ ماڭا بىر قېتىممۇ «هاراق ئىچمەك» دەپ باقمىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭدىن، ئاشۇ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ئۆزۈممۇ ئۇقمىغان هالدا تارتىنىمەن.

مەھبۇبەنىڭ ئاپئاق يۈزى كۆڭلىكىنىڭ كۆكرىكىگە قادىۋالغان بولاپكىسىنىڭ قىپقىزىل كۆزىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئىچىمسەم كەيپچىلىكتە باشقا گەپلەرنىڭ بولۇشىمۇ تەبىئىي ئىدى. ئۈچىنچى رومكىنىمۇ كۆتۈرۈۋەتتىم. دېمەك، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىغا ناهايىتى تېزلا يېتىشىۋالدىم. ئىچىشتۇق، ئوينىدۇق، كۈلدۇق. هارغىچە ناخشا ئېيتىشتۇق. ئۆزۈممۇ بۈگۈن ناهايىتى ئېچىلىپ كەتكەنلىكىمدىن، بىرقانچە رومكا ئارتۇق ئىچىپ قويدۇم. ئولتۇرۇش ئالدى-كەينى بولۇپ، سائەت 11 لار بىلەن ئاياغلاشتى. بىز ئۇلارنىڭ «قونۇپ قېلىڭلار» دەپ زورلاپ تۇتۇپ قېلىشىغا ئۇنىماستىن قايتتۇق. هارغىدەك ئويناپ، يەنە ئۇلارغا ئېغىرچىلىق سېلىپ، يەنە بىر كۈن بېقىڭلار، دەپ يېتىۋېلىش نومۇس-تە.

مەھبۇبە ئىككىمىز سېمېنا ماشىنىلىرى توختايدىغان بېكەتكە كەلدۇق. بىز قانچە ئالدىرىغان بىلەنمۇ ئۈلگۈرەلمەي قاپتۇق. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ يەر بىلەن بىزنىڭ ياتاقنىڭ ئارىلىقى توققۇز-ئون كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ جاڭگاللىقتا تېز ماڭدۇق دېگەندىمۇ ئۈچ-تۆت سائەت مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن شىركەيپ. مەھبۇبە كەينىمىزگە يانايلى، دېدى. مەن كەيپلىكتە ماڭىمىز دەپ تۇرۇۋالدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ شۇنچە ۋاي دەپ، قوندۇرۇپ قالايلى، دېگىنىگە ئۇنىماي ئەمدى يەنە قايسى يۈزىمىز بىلەن قايتىپ بارىمىز. ئەمدى ئويلىسام ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قونۇپ قالغان بولساق، بۇنچىۋالا ئىشلارمۇ بولۇپ كەتمەس ئىكەندۇق.

بۇ كۈنلەر ماي ئېيىنىڭ بېشى بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ بورىنى پەسىيىپ، تىنجىق ئىسسىقى باشلانغانىدى. كېچە بولغىنىغا قارىماي ئىسسىق. ئەتىگەندىن قۇياشنىڭ تەپتىنى سۈمۈرگەن شېغىللىق يەر ئەمدى ئىسسىقلىقنى تېشىغا تەپمەكتە ئىدى. ئاينىڭ يورۇقىدا ئەتراپنى خېلىلا روشەن پەرق ئەتكىلى بولاتتى. بىز قاچاندۇر بىر چاغدا ماشىنا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزنى بويلاپ ماڭدۇق. يىراقتا ئاسفالت يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرىدىن چىققان نۇر خۇددى ئاققان يۇلتۇزدەك كېچە قاراڭغۇلۇقىنى كېسىپ پەيدا بولاتتى-دە، هايال ئۆتمەي يېتىپ كېتەتتى. ئۇ مېنى قولتۇقلاپ ماڭدى.

هاراقنىڭ كۈچى يىگىتلىك ھەۋىسىمنى قوزغاتماقتا. مەن ئازراقلا ماڭاتتىم-دە، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيەتتىم. ئۇ يېنىك قارشىلىق قىلىدۇ. ئەمما مېنىڭ قولۇمدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ قانچە قارشىلىق قىلغانسېرى مەن ئۇنىڭغا شۇنچە ئېسىلىپ سۆيەتتىم.



ئاخىرى ئۇ مەندىن بوشىنىپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ قاچتى. مەن قوغلاپ يېتىشەلمىدىم.

— سىزنى بوزەك قىلمايمەن. ھەممە ئىش سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولىدۇ. بىز پاراڭلىشىپ ماڭايلى، — مەن ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتكەندىن كېيىن ۋارقىراپ تۇرۇپ يالۋۇردۇم.

ئۇنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىپ يېنىمغا كەلدى. مەن ئۇنى بىلىكىدىن كاپلا تۇتۇپ يەنە سۆيۈشكە باشلىدىم.

مەھبۇبە ئەمدى ماڭا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— سەت بولىدۇ، خەقلەر بىزگە قاراۋاتىدۇ.

— يالغان ئېيتماڭ، بۇ كەچتە بىزگە قارايدىغان كىمكەن ئۇ؟

— ئاسمانغا قاراپ باقمامسىز؟

ئاسماندا سانسىزلىغان يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ تۇراتتى.

— ئۇلار بىزگە بەخت تىلەۋاتىدۇ، — مەن ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق سۆيدۇم. ئۇ قوللىرى بىلەن مېنى مۇشتلايتتى. مۇشتلىرى بولسا مېنى سىيلىغاندەك، باغرىمغا يەنىمۇ قاتتىق باس، قانغۇدەك سۆي دېگەندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ مەندىن يەنە بوشىنىپ ئالدىغا يۈگۈردى. مەن قوغلىدىم. خۇددى كىچىك باللاردەكلا-ھە. ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل، شېرىن چاغلىرىمۇ يىگىت مۇھەببەت باغلىغان چاغلار ئىكەن. بۇ چاغلاردا، نېمىلا قىلسا يارىشىدىكەن. تۇنجى سۆيگۈ ھاياتنىڭ لەززىتىنى بېغىشلىماقتا ئىدى.

مەن قانچە يالۋۇرۇپ، ھەتتا پوپۇزا قىلىپ ۋارقىرىغان بولساممۇ، ئۇ توختىمىدى. مەن يېتىشەلمىدىم. شۇنداق يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ پۇتۇم بىر ئورەككە كىرىپ قالدى-دە، تىك موللاق چۈشتۈم. يۈز-كۆزلىرىم توپىغا مىلەندى، ئاغزىمغىمۇ توپا كىرىپ كەتتى. يىقىلغانلىقىمنى كۆرۈپ مەھبۇبە يېنىمغا كەلدى. خۇددى مېنىڭ ئالدىمدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك، يىقىلىپ چۈشۈشىمگە ئۆزى سەۋەبچى بولغاندەك، كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىدى.

— خاپا بولماڭ، ئويىنىشىپ شۇنداقلا يۈگۈرۈپ قويغانىدىم. يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقىڭىزنى بىلىدىغان بولسام، ھەرگىزمۇ يۈگۈرمەيتتىم، — ئۇ يۈز-كۆزلىرىمنى سىلايتتى، سۈرۈلگەن پېشانەمدىكى قانلارنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتەتتى. ماڭا بۇ يىقىلىش قىلچە تەسىر قىلمىدى. دەسلەپ سەل ئاغرىغاندەك قىلىۋىدى، مەھبۇبە

يېنىمغا كەلگەندىن كېيىن ئاغرىش ئورنىغا ياشلىق ھېسسىياتىم قايتىدىن قوزغىلىشقا باشلىدى. ئورنىمدىن تۇرمايلا ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ سۆيدۇم. ئۇمۇ قارشىلىق قىلماستىن قۇچىقىمدا ئولتۇردى - دە، بوينۇمغا گىرە سېلىپ سۆيدى، ئىككىمىز ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى تېتىشقا باشلىدۇق. مەن ئۇنى ئاپپاق كۆڭلىكى بىلەنلا توپىلىق يەرگە باستىم. كونترول قىلىۋالغۇسىز دەرىجىدىكى يىگىتلىك ھەۋىسىم مېنى ئەقلىمدىن مەھرۇم قىلغانىدى، ئۇ ئاستىمدا تېپىرلاشقا باشلىدى، لېكىن نېمىلا قىلغان بىلەن، ئۇ بەرىبىر قىز ئىدى. شۇڭا مەن ئۈستۈن كەلدىم.

— جېنىم نىجات، ئۇنداق قىلماڭ. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي. بىز تېخى كىچىك، ئۇنداق قىلماڭ، مەن قورقىمەن. جېنىم! — ئۇ ئاستىمدا تۇرۇپ يالۋۇراتتى، ئەمما ئۇ قانچە يالۋۇرغانسېرى مېنىڭ ھەۋىسىم شۇنچە كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەچكە ئامالسىز ماڭا ئۆزىنى تاپشۇردى. ھاراقنىڭ كۈچى تېخى قويۇپ بەرمىگەنىدى. بىر چاغدا قارىسام ئۇنىڭ ئىككى قولى بارماقلىرى كىرىشكەن ھالدا ئىككى بىلىكىمدە تۇراتتى. چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئوت چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئەتراپ ئاۋۋالقىدىنمۇ جىمجىت. كەسلەنچۈكلەرنىڭ يېنىمىزدىنلا چۆپلەرگە تېگىپ كېتىپ چىقارغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى.

تازىنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن، دېگەندەك، مېنىڭ ئەقلىممۇ كېيىن كەلدى. بەش مىنۇت ئىلگىرىكى يۈرەكلىك، توختاۋسىز ھېسسىيات نەلەرگىدۇر تاراپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى پۇشايمان، ئىچ ئاغرىتىشتەك بىر تۇيغۇ ئىگىلىگەنىدى. مەن ئۇلى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولدۇم. لېكىن ئۇ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى - دە، ماڭا قاراپمۇ قويماستىن، ئېسەدەپ يىغلىغانچە ياتاق تەرەپكە يۈگۈردى. مەن تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ، ئۈن - تىنسىز ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئىككى ئېغىز تەسەللى سۆزى قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا شۇ گەپنى دېيەلەيمەن؟!

ئۇ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. مەن بولسام گويا جىنايەتلىك بىر ئىشنى قىلىپ قويغاندەك خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئەتىسى قوپسام چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. ئاشخانىدا ئۆچىرەتتە تۇرغانلار ئارىسىدا مەھبۇبە كۆرۈنمەيتتى. باشقىلاردىن سورىساممۇ كۆرمىگەنلىكىنى دېيىشتى. يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا چاندۇرماي دەپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا قانچە ئۇرۇنساممۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر تەمتىرەپ تۇراتتىم. تاماقنىمۇ يېمەستىن ئۇنىڭ ياتىقىغا يۈگۈردۈم. باشقا كەلگەندە باتۇر، دېگەندەك، شۇ چاغدا مەندىكى قورقۇنچ ئۈستۈن كېلىپ، ياتىقىغا ئۇسۇپلا كىردىم. ئۇ كارىۋاتتا كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ خىيال بىلەن ياتقانچە يېتىپتۇ. مېنى كۆرۈپ چۆچۈگىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇپ تاشلايدىغان مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى. مەن كېيىمنى تېپىپ بولغىچە، ئۇ يالۋۇرغاندەك مۇراجىئەت قىلدى:

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، چىقىپ كېتىڭ، مېنى بىردەم بولسىمۇ ئارامىمغا قويۇڭ...

ئۇ شۇنداق دېدى-دە، ئېسەدەپ يىغلىغانچە ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى. يىغىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى.

نېمە قىلغان بىلەن قىز بالا-دە. قىزلارغا ئورتاق بولغان ساددىلىق، كۆڭۈلچەكلىك ئاخىرى رەنجىشتىن غالىپ كەلدى. مېنىڭ شېرىن سۆزلىرىم ئۇنىڭ دىلىنى ئېرىتتى. چۈنكى ھەر ئىككىمىزنىڭ بىر-بىرىمىزنى چەكسىز ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىز ئايان ئىدى. ئۇ ئاخىرى مېنى كەچۈردى. ئەمما شۇندىن كېيىن مېنى بىر قېتىممۇ ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمىدى.

مەھبۇبە بىزنىڭ ئەترەتكە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەندىن بۇيان، مېنىڭ خىزمىتىمدىمۇ خېلى ئىلگىرىلەش بولدى. تېخنىكا ماتېرىياللىرى كەمچىل بولسا، ئۆزۈم تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقتىم. كەسپكە دائىر يازغان بىرقانچە ئىلمىي ماقالەم مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، يۇقىرىدىن مېنى باشقارما تېخنىكا بۆلۈمىگە يۆتكەيدىغان بولدى. راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ ئۇ يەرگە بارغۇم يوق ئىدى. چۈنكى سۆيۈملۈك مەھبۇبەنى، ماڭا بارغانچە چىرايلىق كۆرۈنۈۋاتقان جاڭگاللىقنى، بۇ يەردىكى چىقىشقاق سەپداشلارنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزۈم قىيمايۋاتاتتى. لېكىن مېنىڭ ئىلتىماسىم رەت قىلىنىپ، يەنىلا ماڭىدىغان بولدۇم. مەھبۇبە كېچىچە ئېسىلىپ يىغلاپ چىقتى. ئەتىسى مېنى ئېلىپ كېتىدىغان ماشىنا كەلگەندە، مەھبۇبە ماشىنا يېنىدىن نېرى بولمىدى. ماشىنا قوزغالغاندا مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ خېلىغىچە ماشىنىمىزغا ئەگىشىپ ماڭدى. مېنىڭ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. شۇنداق قىلىپ خىزمەت بىزنى يەنە بىر قېتىم ئايرىدى.

باشقارما بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى يۈز كىلومېتىرچە كېلىدۇ. مەن ھەپتىدە بىر ئۇنى يوقلاپ تۇرىمەن. مەھبۇبەمۇ دەم ئېلىش كۈنلىرى كىرىپ تۇرىدۇ. بىر-بىرىمىزنى سېغىنىشىمىز، ياخشى كۆرۈشىمىز بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى. بىر كۈنى ئۆزۈم يالغۇز ماتېرىيال تەرجىمە قىلىپ ئولتۇراتتىم. مەھبۇبە روھى چۈشكۈن ھالدا ياتاققا كىرىپ كەلدى. قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن، چاچلىرىمۇ تەكشى تارالمىغانىدى. ئۇ بىردەم ماڭا قاراپ جىمجىت تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ، ياستۇقنى قۇچاقلىغانچە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەستىن ئاڭگىراپ قالدىم. شۇنچە كۆپ تەسەللى بەرسەممۇ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېيتمىدى. كۆڭلۈمگە كەچمىگەن خىياللار كېلىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرى يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ بەردى-دە، تېخىمۇ قاتتىق يىغلىغىلى تۇردى.

خەتنى ئالدىراپ ئوقۇدۇم. بىرى تۇيۇقسىز كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك بېشىم

پىرقىراپ كەتتى. مانا ساڭا خۇش خەۋەر! ئۇنىڭ قورسىقىدىكى هامىلە ئۈچ ئايلىق-
تىن ئېشىپتۇ. مەن ئەمدىلا 21 ياشتىن ئاشقان، ئۇ بولسا 19 ياشقىمۇ كىرمىگەن،
تېخى شاگىرت ئىشچى ئىدى. بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەرزەنت كۆرۈش ئەمەس،
توي قىلىشمۇ بالدۇرلۇق قىلاتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن گاڭگىراپلا
قالدىم. ياشلىقتىكى يۈگەنسىز هېسسىياتقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىڭ بۇنداق ئاقىۋەتنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. مەن ئەر
بولغاندىكىن، بۇنداق گاڭگىراپ تۇرماسلىقىم كېرەك. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدىم.
ئېمىلەرنى دېدىمكىنتاڭ، ئىشقىلىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلدىم. ئۇ كەتتى. ساددا، ئاق
كۆڭۈل مەهبۇبە ماڭا پۈتۈن ئىشەنچىنى باغلاپ كەتتى.

ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياسايدىغان، خاتىرجەم قىلىدىغان كىم بار؟
ئۆزۈمنى كارىۋاتقا ئېتىپ يىغلىۋەتتىم. ئۆزۈمنى ئۆزۈم مۇشتلىدىم، تىللىدىم، ئەمما
ئۆتكەن ئىش قانداقمۇ ئورنىغا كەلسۇن!

بېشىمغا كۈن چۈشكەندە هالىمغا يېتىدىغانلار يەنىلا چىقىپ تۇرىدىكەن.
چاچلىرىغا ئاق سانجىغان، هەممە ئىشقا ئەستايىدىل قارايدىغان بۆلۈم باشلىقىمغا
بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم.

— هەي ياشلىق، هەي ياشلىق، — دېدى ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بول-
غاندىن كېيىن، — ئېمىدېگەن بەڭباشلىق - هە. بۇ قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ. ئەمما
سىزنىمۇ ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. ئالدىرىمىغان بولسىڭىز، يەنە ئۈچ - تۆت يىل ئوقۇ-
ۋالغان بولسىڭىز تازا ياخشى مېۋە بېرەتتىڭىز. خەير، هازىرمۇ كېچىكمەيسىز
بولغۇلۇق بوپتۇ. ئەمدى مۇشۇ هەپتە ئىچىدىلا توي رەسمىيىتىنى ئۆتەڭلار. توينى
بالدۇر قىلىۋەتمىسەك بىزگىمۇ، سىزگىمۇ سەت بولىدۇ. ئىقتىسادىڭىز يار بەرمىسە
بىز بار.

باشلىقنىڭ مەسلىهەتى بىلەن قىزىل قەغەز ئالدۇق. بۇنىڭ هېسابىغا مەهبۇبە
ئىككى يىل سىناقتا قالدۇرۇش چارىسى بېرىلگەنلىك ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى.
چۈنكى ئۇ هازىر رەسمىي ئىشچى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغلاردا تۈزۈممۇ
شۇنداق ئىدى.

مېنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدىغان بۆلۈم باشلىقىم مەهبۇبەنىڭ ئۆيىگە ئەلچى-
لىككە باردى، ئەمما شۇ كۈنى كەچتىلا قايتىپ كەلدى. ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك
بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەهبۇبەنىڭ ئاپىسى گەپ قىلغىچە ئاكىسى:
بىزنىڭ يۈزىمىزنى يەر قىلدى. ئۆيگە پۇت دەسسىگۈچى بولمىسۇن. بولمىسا پاچىقىنى
چېقىۋېتىمىز. ئۇنى كۆزىمىز كۆرمىسۇن، دەپ تىللاپ كېتىپتۇ. ئاپىسى يىغلىغانچە
قاپتۇ.

— بولدى، توينى قىلىۋېرىڭلار. بىز سىلەرگە هەم ئاتا، هەم ئانا! — دېدى ئۇ
قەتئىيلىك بىلەن.

مەهبۇبەنىڭ يىغىسىغا چىدىمىغان بۆلۈم باشلىقى مايتاغقا يەنە ئادەم ئەۋەتتى.

ئەمما ئۇلارمۇ بۆلۈم باشلىقىدىن بەتتەررەك خاپا ھالدا قايتىپ كەلدى.

بۇ يەردە قېرىنداشلىرىمىز بولمىغاچقا، بۆلۈم باشلىقى ئاتا بولۇپ، تويىنى ئاددىي بولسىمۇ خېلى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇ كۈنلەردە جېلىل دوستلۇقنى ھەقىقىي يەتكۈزدى. بۇ يەرگە ئۇ مەندىن كونا بولغاچقا، ھەممە ئىشقا دېگۈدەك ئۆزى چاپتى. زۇلخۇمارمۇ تەڭ يۈگۈرۈشتى.

بىز ئىچكىرىسىگە ئىككى كارىۋات، بىر سىرلاقسىز ساندۇق، ئۆي باشقۇرۇش ئورنىدىن بەرگەن ئىشكاپ، شىرە ئورنىدا كىچىكرەك ساندۇق، تاشقىرىسىدا بىر كىرىسىن ئوچاق بىلەن بىر ئادەم ئارانلا پاتىدىغان ياغاچ بوتكىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدۇق. ئۆيدە ھېچقانداق بىساتىمىز يوق، ئەمما تۇرمۇشىمىز كۆڭۈللۈك ئىدى. ساۋاقداش، تەڭتۇش دوستلارنىڭ ئىچىدە توي قىلىپ، ئۆي تۇتقانلارنىڭ تۇنجىسى بىز بولغاچقا، ئۆيىمىزگە ئادەملەر ئۈزۈلمەستىن كېلىدۇ. بەزىلىرى دەردلىرىنى، بولغان كۆڭۈلسىز ئىشلارنى دېگىلى كەلسە، بەزىلىرى بىردەم - يېرىمدەم مۇڭدىشىپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ھاراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىدۇ. مەھبۇبە ئۇلار ئۈچۈن چاي قاينىتىدۇ، تاماق ئېتىدۇ. بەزىدە يېرىم كېچىگىچە ئاشخانىدىن بىكار بولالمايدۇ. ئەمما بىرەر قېتىممۇ زارلانغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم.

مەھبۇبە پاقلاندەك سېمىز، بۇدۇر چاچلىرىغىچە ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئوغۇلدىن بىرنى تۇغدى. قىزىغا چىدىمىغان ئانا ئاخىرى ئۆزى كېلىپ نەۋرىسىنى باقتى. ئانا دېگەننىڭ كۆڭلى نېمىدېگەن يۇمشاق - ھە! مەھبۇبەمۇ ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئاشۇ ئانىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ئاڭلىساق ئاكىلىرىنىڭ بىزگە نىسبەتەن غەزىپى تېخىچە بېسىقماپتۇ. بىچارە ئانا ئوغۇللىرىنىڭ زورلاپ چاقىرتىشى بىلەن بالىنىڭ قىرقى توشقاندىن كېيىن، كۆزلىرى ياش ھالدا مەھبۇبەنى ماڭا تاپشۇرۇپ قايتتى.

جېلىل زۇلخۇمارنى باشلاپ پات - پات كېلىدۇ. بەزى كۈنلىرى كەچلەپ كېتىدۇ. مەھبۇبەمۇ زۇلخۇمار بىلەن ناھايىتى يېقىن بولۇپ كەتتى. بىز توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن ئۇلارمۇ توي قىلىشۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كەتتى.

بەزىدە ئۆيدە خالىي قالغاندا بالىنى ئويىنىتىۋاتقان مەھبۇبەگە سەپسالىمەن. تۇغۇتتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل سۈپسۈزۈك يۈزىنى داغ بېسىپ كەتتى، قانچە قىلغان بىلەنمۇ ئامالى بولمىدى. پېشانىسىدىن تارتىپ ئوتلۇق ئىككى كۆزىنىڭ يانلىرى، ئېقىپ چۈشكەن قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۈستىنى ئىككىلىك كېلىدىغان داغ كېسىپ ئۆتكەنىدى. سەمرىگەنلىكىتىنمۇ ياكى ئانا بولغانلىقتىن شۇنداقمۇ، زىلۋا قامىتىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. بىرلا ئۆزگەرمىگەن يېرى — ئوت چاقناپ تۇرىدىغان چوڭ - چوڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشىگە ئىچىم ئېچىشاتتى. مەن قايسىبىر كىتابتا ئىچكى گۈزەللىكنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزى يارىتىدىغانلىقى،

ئەمما تاشقى گۈزەللىكنى ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۆزى يارىتالمايدىغانلىقىنى ئۇقۇغانىدىم. مەن دەسلەپ ئۇنىڭ تاشقى گۈزەللىكىگە كۆيگەنىدىم، ئەمما بارا - بارا مەھبۇبەنىڭ ئىچكى گۈزەللىكى مېنى ئەسىر قىلىۋالدى، مەيلى ئۇ قانداقلا ئۆزگىرىپ كەتمىسۇن، ئۇنىڭ قەلبى گۈزەل، ماڭا چەكسىز سادىق. مەن ئۇنى ئۆمۈرۋايەت ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭغا سەپسېلىپ ئولتۇرۇپ، مۇشۇنداق خىياللارنى سۈرۈپ قويىمەن.

جېلىل زۇلخۇمارنى ئېلىپ يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىتلىكىگە يۆتكىلىپ كېتىدىغان بولدى. چۈنكى ھەر ئىككىسىنىڭ ئاتا - ئانىسى جەنۇبتا ئىدى. بەش - ئالتە يىلدىن بۇيان بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەپ، جاپانىمۇ، راھەتنىمۇ تەڭ تارتقان، شۇڭىمۇ قوزىلىق قويدەك بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلماي كەلگەن قەدىناس دوستلار ئەمدى ئايرىلماقچى.

ئۇلارنى ئۇزىتىش شەرىپىگە ئۆيىمۇ ئۆي مېھمان چاقىرىش بولۇپ كەتتى. ئاخىرىسىدا بىرقانچە بويتاق ساۋاقداشلار بازار ئىچىدىكى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ خېلى ياخشى ئاشخانىدىن بىرنى كۆتۈرۈۋېلىپ خاس ئولتۇرىدىغان بولدۇق. بۇ ئاشخانىدا ئۆزىمىزنى تولىمۇ ئەركىن ھېس قىلىشتۇق. چۈنكى ئۆيدە ئاياللار بىلەن داستىخان ئۈستىدە بۇنداق ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىشىش مۇمكىن ئەمەس. ھەممىمىز ئوخشاشلا شىركەيىپ بولدۇق، چاقچاقلىرىمىز ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

مەن راۋۇرۇس دېگۈدەك خۇش كەيىپ بولۇپ، سورۇننى بېشىمغا كىيدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ھەممە گەپ مېنىڭلا بولدى. ئادەتتە ھاراق سورۇنلىرىدا دائىم قىلىدىغان چاقچىقىم بويىچە جېلىلنىڭ مېڭى توغرىسىدا چاقچاق قىلىشقا باشلىدىم. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى تېلىقىپ كۈلۈشتى. ھەممىمىز كۆڭلۈم، دەپ ھاراق سۇنۇۋەرگەچكە جېلىل مەست بولۇپ قالاي دېگەنىدى. ئۇ رومكىنى قولىغا ئېلىپ دەلدەڭشىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ چاقچاقنى ياندۇرماقچى بولدى.

— سەن نېمىگە ئۇنچىۋالا خۇشال بولۇپ كەتتىڭ؟ سەندە بۇنچىلىك مەڭ بولىدىغان بولسا سېتىپ خەجلەيتتىڭ! — ئۇ ئادەتتە چاقچاق قىلىشنى ئۇقمايتتى. چاقچاق قىلدى دېگەنىمۇ قىزىدۇۋاتقان چاقچاقنىڭ بېلىگە تېپىپ، سوغۇق سۇ چاچاتتى، ھازىرمۇ شۇنداق بولدى، — مېنىڭ مېڭىمگە ھەۋەسىڭ كېلىپ شۇنداق دەيسەن - دە، بىلەمسەن، بۇ مەڭ قوشكېزەك، بىرى مەندە، يەنە بىرى مەھبۇبەدە. تېخى ئۇنىڭ يۈرىكىدە جۈمۈ!

سورۇن بىر سېكۇنتچە جىمجىتلىققا چۆمدى. ھەممەيلەن ھولۇققان ھالدا ماڭا قاراشتى، ۋۇجۇدۇمدىكى قان قايناپ مېڭەمگە تەپكەندەك بولۇپ، مۇشتلىرىم ئىختىيارسىز تۈگۈلدى، لېكىن يەنە ئۆزۈمگە ھاي بەردىم، بىرىنچىدىن، ھەممىمىز دېگۈدەك مەست، مەستنىڭ ئاغزىدىن نېمە گەپلەر چىقمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەتە بىزدىن ئايرىلىپ ماڭىدۇ، بەلكىم ئەمدى بىز مەڭگۈ كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن شۇنچە يىللىق دوستلۇقنى يىرىۋەتمەي... مەن چاندۇرماسلىق ئۈچۈن چاقچاقنى باشقىسىغا يۆتكىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇشىمىزمۇ ئاياغلاشتى. جېلىل ماڭا يالغۇزلۇق،

www.uyghurkitap.com

مۇساپىرچىلىقتىن تاشقىرى، ساقايماس كۆڭۈل جاراھىتىنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى.

ئەتىسى چىۋىن يۇتتۇرۇۋالغاندەك پەرىشان بولۇپ يۈردۈم. قۇلىقىمدا جېلىلنىڭ ئاشۇ گېپى. مەھبۇبە مېنىڭ كەيپىمگە يەر ئاستىدىن قاراپ-قاراپ قوييدۇ، لېكىن بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئۇ بەلكىم ئىچىدە جان جىگەر دوستىدىن ئايرىلغاچقا كۆڭلى يېرىم بولغاندۇ، دەپ ئويلاۋاتقاندۇ؟ ھى، جان جىگەر دوستۇمىمىش... مەن تاماكىنى قاتتىق بىر شورىغاچ مەھبۇبەگە قارىدىم، قارىدىم-يۇ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. گۇمان، ھودۇقۇش، تەمتىرەش، غەزەپلەر ئىچىدە قولۇمدىكى تاماكا چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. چىرايىم ئۆڭۈپ كەتتى. بېشىمنى مۇزدەك سۇغا چۆكتۈرگەندەك ئەندىكىپ كەتتىم. ئوغلۇمنى ئېمىتىۋاتقان مەھبۇبەنىڭ ئاپئاق سول كۆكسىنىڭ يان تەرىپىدە تۈگمىچىلىك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، جېلىلنىڭ يۈزىدىكىگە ئوخشاش بىر تال مەڭ مانا مەن دەپلا تۇراتتى. باشقا نەرسە بولۇپ قالمىسۇن دەپ كۆزلىرىمنى تېخىمۇ چوڭ ئېچىپ قارىدىم. دەل شۇنداق. بېشىم پىرقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جېلىلنىڭ دېگىنىدەك دەل يۈرەكنىڭ ئۈستىدىلا ئىدى. مەن شۇنچە يىللار باغرىمغا بېسىپ سۆيۈپ كەلگەن، ھەتتا بىر بالا تۇغقىچە ئۇنىڭ بۇنداق يېرىدە مەڭ بارلىقىنى ئەجەب سەزمەپتىكەنمەن-ھە!؟ كۈندە بىللە بولىدىغان ئېرى مەن سەزمىگەن يەردە، جېلىل قانداق بىلىدۇ؟



ئادەملەر مەستلىكىدە راست گەپنى دەپ سالىدۇ. دېمەك، ئۇ شۇ كۈنى بۇ ئىشنى ئىختىيارسىز دەپ سالغان. ئۇ چاغدىكى چاقچاق ئىدى، مانا ئەمدى پاكىت ئالدىمدا تۇرىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئايالىمنىڭ بۇنداق نازۇك يەرلىرىدىكى بەلگىلەردىن تارتىپ بىلگەنلىكى، بۇندىن ئىلگىرى ئايالىم بىلەن قويۇق غەيرىي مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى. بولمىسا ئۇ بۇنى قانداق بىلىدۇ؟ ئەمدى ئايدىڭلاشتىكى، مەن دۇنيادا ئەڭ يېقىن دوستۇم، سىرداشىم دەپ بىلگەن جېلىلمۇ، ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ سادىق دەپ بىلگەن مەھبۇبەمۇ ماڭا خىيانەت قىلغان نائەھلىلەر ئىكەن... مەھبۇبە تېزلا بالىنى قويۇپ ئالدىنى ئېتىۋالدى.

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، تالاغا چىقىپ كەتتىم. ماڭا ھەممە نەرسە — سىرتقا كېتىپ بارغان ئادەملەرمۇ مېنىڭ بەختىمگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلاردەك يىرگىنىشلىك بىلىندى.

ھەممە ئادەمگە ئايان، ياشلىق گۈزەل، شېرىن، ئۇنىڭ ھەربىر قىلىقلىرى كىشىلەرگە تاتلىق تۇيۇلىدۇ. بۇنىڭدا شەك يوق. مېنىڭ ئاشۇنداق گۈزەل دېگەن چىرايلىق

سۆز بىلەن ئاتالىدىغان ياشلىقىمچۇ؟ ئۇمۇ شەك - شۈبھىسىز شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇ ئېمىشقا ئۆزىگە ئۆكەي بولغان سەت، يىرگىنىشلىك نەرسىلەرنى يېزىۋېلا يۈرىدۇ؟ مەن ياشلىقتا قەدەمنى خاتا بېسىپ سالدىممۇ ياكى باشقىلار بەختىمگە توپا چېچىۋاتامدۇ؟ مەن مەھەللىنىڭ چەت تەرىپىگە جايلاشقان مەيپۇرۇش خەنزۇ بوۋاينىڭ دۇكىنىدا پارچە هاراقنى كەينى - كەينىدىن ئىچكەچ مۇشۇلارنى ئويلىماقتىمەن.

دوستۇم دەپ سىر بېرىپ، پۈتۈن ئېتىقاد بىلەن ئىشىنىپ يۈرگەن ئادىمىمچۇ؟ ئاخىرى كېلىپ تۇزلۇقىمغا توپا چاچقان ئەشەددىي دۈشمىنىم بولۇپ چىقتى. مەن نېمە ئۈچۈن ھەممىلا نەرسىنى ئۆزۈمنىڭ كۆڭلى بىلەن ئۆلچەپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئايالىم بىلەن توي قىلماستا ھەم توي قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ دائىم دېگۈدەك ئۆزۈنىدىن ئۆزۈن پاراڭلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەتتا شەھەرگىمۇ بىللە كىرىدىغانلىقىنى، ئايالىمنىڭ بولسا ئۇنى دائىم تاماققا چاقىرىپ، كىر - قاتلىرىنى مېنىڭ كىر - قاتلىرىم بىلەن بىللە يۇيۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇ كەلسە يۈزلىرىدىن كۈلكە كەتمەيدىغانلىقىنى نېمە ئۈچۈن ئويلاپ باقمىغاندىمەن؟... ئېسىت، ئېسىت، بۇنداق تۇرمۇشقا لەنەت!

مەن ھەممە دەرد - ئەلەمىمنى ئاچچىق ھاراقتىن ئېلىپ، مەست ھالدا ئۆيگە يەن ئۈچۈن بارغانچە كۆردەك كۆرۈنۈۋاتقان يەرگە ماڭدىم. كۆڭلۈمدە بولسا بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپ بولىمەن، دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

مەن ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ ئۆيگە كىردىم، مەھبۇبە ئوغلۇمنىڭ كىيىمنى ياماۋاتقانىكەن. مېنىڭ ئەلپازىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— نىجات! — دېدى ئۇ يېنىمغا كېلىپ، — نېمە بولدىڭىز؟ خاپىلا يۈرۈيسىز، بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

— ھېچنېمە، قىلغۇلۇقنى قىلىۋېلىپ ھېچ نەرسىنى بىلمەس بولۇۋالغىنىنى قارا بۇ يۈزۈقنىڭ.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز نىجات. مەن نېمە قىپتىمەن؟ — ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئادەتتە ئوت چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ھازىر ماڭا يالغانچى، خىيانەتچى كۆزدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىنىن، يەنە سوراپ نېمە قىلىسەن؟

— ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ سەۋەب، پاكىتلىرى بولىدىغۇ؟

— نېمە، سەن تېخى سەۋەب، پاكىت تەلەپ قىلىۋاتامسەن؟ كۆكسۈڭدىكى مەڭگىنىڭ ئۆزى پاكىت ئەمەسمۇ؟ كۆڭلەكلىرىڭنىڭ ئىچىدىكى مەڭنى ئۆزۈڭ كۆرسەتمىسەڭ جېلىل نەدىن بىلسۇن! شۇنداق تۇرۇپ يەنە قايسى يۈزۈڭ بىلەن ماڭا پاكىت كېرەك دەپ سورايسەن؟! مەن سېنى بەختلىك قىلالمايدىغان ئوخشايمەن، سەنمۇ مېنى پالاكەت باستۇرما، ئەڭ ياخشىسى يولىمىز ئايرا بولۇپ كەتسۇن...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيدە ئۇرۇش - جېدەل قوزغۇلدى. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق ئاقلىسىمۇ مەن ئىشەنمىدىم. ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئېچىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتىم، ئاخىرى ئۇ مېنىڭ

ئەلىپسىگە رازى بولدى.

— كۆڭلىڭىزگە شەك كەلتۈرگەن ئىكەنسىز، ئىختىيار سىزدە. بۇنداق بولغاندىكىن مەنمۇ ئۆزۈمنى مەجبۇرىي سىزگە تاڭالمايمەن. ئىشەنمەسلىك بەرىبىر پاجىئە ئېلىپ كېلىدۇ، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ.

ھەر ئىككىمىزنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سوت ماڭا بىر يوتقان-كۆرپە، ئۇنىڭغا بالا بىلەن ئۆينىڭ ھەممە بىساتلىرىنى بۆيرۇپ ئاجراتتى. ئۇ شۇ ئۆيدە قالدى. مەن يوتقان-كۆرپەمنى كۆتۈرۈپ كوللېكتىپ ياتاققا كەتتىم. ياشلىقتا ئويلىماي باسقان بىر قەدەم تۈگەتكۈسىز پاجىئەنى ئېلىپ كېلىدىكەن. مانا مەن ئالدىراڭغۇلۇق، ئەخمەقلىقىم تۈپەيلى 23 كە كىرمەي تۇرۇپ ئۆزۈمنى بەختسىز قىلغاندىن باشقا ئوماقىنا ئوغلۇمنىمۇ يېتىم قىلدىم. مەھبۇبەمۇ 20 گە كىرمەي تۇرۇپ ئېتەكلىرىنى بۇلغاپ بىر بالا بىلەن تۇل قالدى.

لېكىن قايغۇ-ھەسرەتمۇ مەڭگۈلۈك ئەمەسكەن. ياكى مېنىڭ تەلىيىم شۇنداق ئوڭ كەلدىمۇ، مەھبۇبە بىلەن ئاجرىشىپ ئىككى ئاي ئۆتمەي، تەشكىل مېنى ئوقۇشقا ئەۋەتمەكچى بولدى. ئەۋەتكەندىمۇ ئۇنداق-مۇنداق يەر ئەمەس، ھەممە ئادەم بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بېيجىڭغا ئەۋەتمەكچى بولدى. بۇ ئاسان قولغا كېلىدىغان بەختمۇ-ھە. مەن يۈز بەرگەن پاجىئەلەرنى، تارتقان ئازابلىرىمنى، يىرگىنىشلىك ھېسابلانغان ھەر قانداق نەرسىنى ئارقامدا قالدۇرۇپ ئۈمىد، خۇشاللىق ئىچىدە بېيجىڭغا سەپەر قىلدىم.

3

ئۈچ يىل بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى. ئوقۇشۇمنىڭ پۈتۈشىگىمۇ ئىككى ئايچە ۋاقىت قالدى. بۇ يىللار مەن پۈتۈن ۋاقتىمنى، زېھنىمنى ئوقۇش، نېفىت سانائىتىدىكى يېڭى زامانىۋى بىلىملەرنى ئىگىلەشكە ئاتىدىم. ئۆتكەن ئىشلار ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

ھاياتتا ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرىدىكەن ياكى مېنىڭ پېشانەمگە شۇنداق تەقدىر يېزىلغانمىكىن بىلمەيمەن، تاسادىپىي بىر ئۇچرىشىشتىن تۇرمۇشۇمغا يېڭى بىر ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى. بېيجىڭنىڭ ۋاڭفۇجىڭ كوچىسىدا ئادەملەر مىغ-مىغ بولۇپ، خۇددى ئۆچىرەت بىلەن كېتىپ بارغاندەك قىلاتتى. بىزنىڭ يۇرتلاردا بولسا بۇنداق كۆپ ئادەملەرنى كوچىدا تۇرماق كىنوخانىلاردىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايتتى.

مەن ۋاڭفۇجىڭ كىتابخانىسىدىن ئالغان كىتابلىرىمنى كۆتۈرۈپ، قورساقنى توقلاش نىيىتىدە گەنجياكۇدىكى ئۇيغۇرلار ئاچقان ئاشخانىغا ماڭدىم. ئۇ يەردىكى ئاشخانىلاردا شىنجاڭنىڭ تاماقلىرى ئېتىلەتتى. مەن 103-يولنىڭ تراللېيبۇسىغا ئولتۇرۇپ ماڭدىم. ھاۋانىڭ دىمىقلىقىدا تراللېيبۇسنىڭ ئىچى تېخىمۇ بىقىسىپ كەتكەنىدى. گۈزەل سەنئەت سارىيىدىن ئۆتۈپ ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ: «ماشىنىنى توختىتىڭلار، ماۋۇ يەردە بىر ئادەم بولالمىدى» دەپ ۋارقىرىشىدىن تراللېيبۇستىكىلەر ئوپۇر-توپۇر بولۇشۇپ كەتتى. مەنمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى

كۆرۈش ئۈچۈن ئالدى تەرەپكە ئۆتتۈم.

— شىنجاڭلىق ئوخشايدۇ، ھوشىدىن كەتتى، بولۇشىلار چاپسان، دوختۇرغا ئاپىرايلى.

مەن ئالدىغا بېرىپ قارىسام، بىر قانچە كىشىلەر 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر ئادەمنى يۆلەشتۈرۈپ تۇراتتى. ترالليبۇس توختىدى. ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ تاكسى توستۇم، ئاندىن كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۇنى شۇ يەرگە ئەڭ يېقىن بولغان دېڭىز ئارمىيە باش دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردىم.

دوختۇرلار ئۇنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتتى. مەن قورساقنىڭ ئاچلىقىنىمۇ ئۇنتۇدۇم. قارايدىغان ھېچكىمى يوق بۇ ئادەمنى شۇ ھالەتتە قانداقمۇ تاشلاپ كېتەلەيمەن... ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا بۇ شەھەرگە مۇساپىر ئىكەن. يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن دوختۇرلار يېنىپ چىقتى.

— سىزنىڭ دادىڭىزمۇ، — دېدى چوڭراق بىر دوختۇر يېنىمغا كېلىپ، — قان بېسىمى يۇقىرى ئۆرلەپ يۈرەك كېسەلى قوزغىلىپ قاپتۇ. خاتىرجەم بولۇڭ. ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدى.

مەن شۇ كېچىنى كارىدوردا مېڭىپ دېگۈدەك ئۆتكۈزدۈم. ئۇ ئادەم ئەتىسى كۆزىنى ئاچتى، لېكىن يەنە ياپتى. مەن لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتۈم.

— تاغا، ئۆزىڭىزنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسىز؟ — مەن ئۇنىڭدىن ئاستا سورىدىم.

ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا ماڭا قارىدى.

— خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلىۋاتىمەن. مەن ھازىر قەيەردە؟

— سىز ھازىر دېڭىز ئارمىيە باش دوختۇرخانىسىدا. خاتىرجەم بولۇڭ تاغا، دوختۇرلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دەۋاتىدۇ.

ئۇ رەھمەت دېگەندەك، ماڭا مەنىلىك بىر قارىۋېلىپ كۆزىنى يۇمدى، ئەمدى دوختۇرخانا مېنىڭ ئىككىنچى دەرىسخانام بولدى. ئۇ ئادەمگە قارىغاچ دەرسلىرىمنى مۇشۇ يەردە تەييارلايمەن. كۆڭلى نېمە تاماق تارتسا، گەنجياكۇدىن توشۇيمەن، كىيىملىرىنى يۇيۇپ بېرىمەن، دوختۇر گەپ قىلىشنى چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئادەم بىلەن تېخى تونۇشقىدەكمۇ بولالمىدىم. تۆتىنچى كۈنى ئۇ ئورنىدىن تۇردى. مەن ئاخىر ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— تاغا، سىز شىنجاڭنىڭ نەرىدە خىزمەت قىلىسىز؟

— ئۆزۈممۇ سىزدىن سوراي دەپ تۇراتتىم. مەن شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ئىشلەيمەن. ئىسمىم ئابدۇل. سىزچۇ، ئۆيىڭىز مۇشۇ يەردىمۇ؟

خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىمدىن ئۇنى قۇچاقلاشقا تاس قالدىم. مۇساپىرچىلىقتا يۇرتداشلار نېمىدېگەن قەدىرلىك بىلىنىدۇ - ھە! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىكەنمىز.

— ئاكا، بىز بىر يەرلىك ئىكەنمىز. مەن بۇرغىلاش باشقارمىسىدىن. بېيجىڭ نېفىت

ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەلگەنىدىم.

ھەر ئىككىمىز خۇددى تۇغقانلاردەك قايتىدىن قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتۇق.

— ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى. خۇدانىڭ سىزگە ئۇچراشتۇرغىنىنى قاراڭ. سىز بولمىغان بولسىڭىز مەن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىغان بولارىدىم. ئوقۇشىڭىز نەچچە يىللىق؟ — ئۇ مېھرىبان ئاتىلاردەك ماڭا قايتىدىن سەپسېلىپ قارىدى.

— ئۈچ يىللىق ئىدى. يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن پۈتىدۇ.

— بەكمۇ ياخشى بوپتۇ، بەكمۇ ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئۇ خۇشال بولغان ھالدا مۈرەمگە قولىنى قويۇپ، — ھازىر سىلەردەك ئىختىساسلىق بىلىم ئىگىلىرىگە ناھايىتى موھتاج بولۇۋاتىمىز. سىلەردەك ئادەملەر كۆپلەپ يېتىشىپ چىققاندىلا شىنجاڭنىڭ نېفىتلىكىنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ ئۇ يەردە مىللىي ئىختىساس ئىگىلىرى تېخىمۇ ئاز. سىز قايسى كەسىپ ئوقۇۋاتىسىز؟

— بۇرغىلاش كەسپىنى، بۇرۇن مايتاغ نېفىت تېخنىكۇمىدا ئۈچ يىل بۇرغىلاش كەسپىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ يەردە يەنە ئۈچ يىل ئوقۇدۇم.

— ياخشى، ياخشى. سىز تېخى ياش ئىكەنسىز، نېفىتلىكنى كۆرمىگىلىمۇ خېلى بولۇپ قالغاندۇ؟ — ئۇ ھاياجان بىلەن مەندىن سورىدى.

— قايتمىغىلى ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. تەتىللەردە ئىنىگىلىز تىلى ئۆگەنىدىم.

— مانا نېفىتلىكنى كۆرمىگىنىڭىزگە ئۈچ يىل بولۇپتۇ. ھازىر ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى. سىز بىلىدىغان ئۇسكۇنىلەر، سىز ياتقان چېدىر - ياغاچ بوتكىلار ھازىر يوق. ھازىر بارسىڭىز تونۇيالماي قالىسىز. ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپلا مېنى ئىزدەڭ، سىزنى ئۆزۈم بىر ئايلاندۇراي.

بىز ئاتا - بالىدەك بولۇپ قالدۇق. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى شىنجاڭغا قايتىپ كەتتى.

مەن ئۇنى ئايرودرومغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم. ئايرىلىش ئالدىدا ئۇ قوللىرىمنى قايتا - قايتا سىقتى. كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا:

— سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى قانداقمۇ ياندۇرارمەن. قاراماي بارغاندىن كېيىن چوقۇم مېنى ئىزدەڭ. بولمىسا ئۆزۈم قېشىڭىزغا چىقىمەن، — دېدى چەكسىز مىننەتدارلىق بىلەن.

مېنىڭمۇ ئۆز دادامدەك چىقىشىپ كەتكەن بۇ ئادەمدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايۋاتاتتى.

ئايروپىلان كۆكتە پەرۋاز قىلدى. مەن ئايرودروم سىرتىدىكى چىملىقتا تۇرۇپ قوللىرىمنى پۇلاڭلاتتىم.

ئاخىرى ئوقۇشمۇ تۈگىدى. مەن يەنە بۇرغىلاش باشقارمىسىغا قايتىپ كەلدىم، ئابدۇلكام دېگەندەك ھازىر بۇ يەر شەھەردەك بولۇپ كېتىپتۇ. قەۋەت - قەۋەت بىنا، تۈپتۈز يوللار، يەنە تۈركۈملەپ سېلىنىۋاتقان ئېگىز بىنالار بۇ يەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ. بىرلا ئۆزگەرمىگىنى ئوتتەك ئىسسىق

ھاۋاسى، قۇلاق تۇۋىدە غىڭىلداپ تۇرىدىغان پاشىسى ئىدى. بۇلار ماڭا كۆڭۈلسىز ئۆتمۈشنى ئەسلىتىدۇ.

مەن كېلىپ ئەتىسى كادىرلار بۆلۈمىدىن مېنى چاقىرتتى.

— سىز بۇزغىلاش ھۈنەر - تېخنىكا تەتقىقات ئورنىغا يۆتكەلدىڭىز، مانا بۇ سىزنىڭ يۆتكىلىش قەغىزىڭىز، — دېدى ئوتتۇرا ياش كەلگەن بۆلۈم باشلىقى.

— نېمىشقا، مەن تېخى ئەمدىلا كەلگەن تۇرسام. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىش تەلەپ قىلمىغان تۇرسام، — دېدىم مەن بۇ ئىشقا ئەجەبلىنىپ.

— بىز بۇ تەرىپىنى ئويلىمايدىكەنمىز، يۇقىرىدىن سىزنى يۆتكەش توغرىلىق ئۇقتۇرۇش كەلگىلى ھەپتە بولدى.

مەن بۇ ئىشلاردىن ھەيران قالدىم. ئەتىسى يوتقان - كۆرپە، كىتاب ماتېرىياللىرىمنى مېنى ئالغىلى چىققان ماشىنىغا باستىم - دە، شەھەرگە كىرىپ كەتتىم.

مەن يېپيېڭى - ئازادە، ھەممە نېمىسى تەل دېگۈدەك ياتاقتا يالغۇز ئورۇنلاشتىم. ئۇششاق - چۈششەك رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بولغىچىمۇ ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ياتاقتا كىتاب ماتېرىياللىرىمنى رەتلەۋاتسام كۆزەينەك تاقىغان، چاچلىرى شالاڭلىشىپ قالغان باشلىقىمىز كىرىپ كەلدى.

— چۈشتىن ئىلگىرى سىزنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىمىز قالمىدى. ئىدارە باشلىقى سىز بىلەن سۆزلەشمەكچى ئىكەنتۇق. ئېھتىمال سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئىگىلىسە كېرەك.

مەن ئۇنىڭغا چۈشتىن ئىلگىرى كادىرلار باشقارمىسىغا بارغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— ئۇ سىزنى بىرەر سائەتچە ساقلاپ سىز كەلمىگەندىن كېيىن، كەچتە ئۆيىگە كەلسۇن، شۇ يەردە سۆزلىشەي، دەپ كېتىپ قالدى.

— مەن ئۇ ئادەمنى تونۇمىسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆيىنىمۇ بىلمىسەم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئەجەبلىنىپ.

— ئۇ نېفىت ئىدارىسىنىڭ پەن - تېخنىكا، تەتقىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى. ئېھتىمال سىزنىڭ ئارخىپىڭىزنى كۆرگەندۇ. ئۇ ئىختىساس ئىگىلىرىگە، بولۇپمۇ سىزدەك ملللي پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. بېرىپ سۆزلىشىپ كېلىڭ. ئىشتىن قايتقاندا سىزنى بىرىگە قوشۇپ قويىمەن. شۇ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويسۇن.

مەن تاملىرى ئېگىز قوپۇرۇلغان پاكىز، ئازادە، باراڭلىق ھويلىغا كىردىم. ھويلىدا 50 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ماڭا كەينىنى قىلىپ بىر ئادەم ئولتۇراتتى. ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ «كىمنى ئىزدەيسىز» دېگەندەك ماڭا قارىدى.

— ياھ، ئوغلۇم كېلىپ قاپتىغۇ، — ھېلىقى ئەر كىشى كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كەتتى.

— ھوي، ئابدۇل ئاكامكەنغۇ! — مەنمۇ خۇشاللىقتىن توۋلاپ كەتتىم.

— بۇ ھەدىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاندىن ئايالىغا مېنى تونۇشتۇردى، — بۇ مەن سىلەرگە گېپىنى قىلىدىغان، بېيجىڭدا ماڭا قارىغان بالا،

ئىسمى نىجات. يۈرۈڭ، بىز ئۆيگە كىرەيلى.

ئۇ ئايال ماڭا قاراپ مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

بىز ئازادە، ياسىداق ساراي ئۆيگە كىردۇق.

— كەلگىنىڭىزگە قانچە كۈن بولدى. ئەتىگەن سىزنى يوقلاپ بارسام بىر يەرگە چىقىپ كەتكەن ئوخشايسىز. خېلى ساقلاپ كېتىپ قالدىم، — دېدى ئۇ مېنى دىۋانغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ.

— قايتىپ كەلسەم يېڭى ئورۇنغا ئالماشتۇرۇپتىكەن. شۇنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولدۇم.

— سىزنى ئۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىشنى مەن تەكلىپ بەرگەنتىم، چۈنكى بۇ ئورۇن يېقىندىلا قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزنىڭ كەسپىڭىزگىمۇ ماس كېلىدىكەن.

مەن بولغان ئىشلارنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتىم.

بىز تاماق يېگەچ ئۇزۇن سۆزلەشتۇق. بېيجىڭدىن تارتىپ نېفىتلىككىچە، بۇرغىلاش ئۈسكۈنىلىرىدىن تارتىپ ھازىرقى يېڭى تېخنىكىغىچە دېيىشمىگەن سۆزىمىز قالمىدى. ئۇ مېنى ئۇنىمىغىنىمغا قويماي تەتقىقات ئورنىغا ئەكىلىدىغان يولغىچە ئۇزىتىپ كەلدى.

— ئەتە يەكشەنبە، — دېدى ئۇ قولۇمنى قىسىپ تۇرۇپ، — بېيجىڭدا دېيىشكەن ۋەدىمىز بويىچە سىزگە نېفىتلىكنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرسىتىپ كېلىمەن.

ئەتىسى پۈتۈن بىر كۈن كىچىك ماشىنىدا دەسلەپ شەھەر ئىچىنى، ئاندىن نېفىتلىكلەرنى ئايلىنىپ چىقتۇق. ھەممە نەرسە راستىنلا تونۇپتىن ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. چېدىر ئورنىغا ھاۋا تەڭشىگۈچىسى بار ئىمپورت قىلىنغان يۆتكەلمە ئۆي، قارا ماشىنا ئورنىغا ئاپتوبۇس بولۇپ كېتىپتۇ. ئۈچ يىل ئىلگىرىكى قىياپەت يوق ئىدى. تونۇردەك دىمىق ئىسسىق، مايلارغا مىلىنىپ تۇرغان كىيىملەرلا ئۆزگەرمىگەنىدى.

يېڭى خىزمەتكە كىرىشكىنىمگىمۇ يېرىم ئايدىن ئېشىپ قالدى. ئىككى كۈندە بىر ئابدۇلكاملارنىڭ ئۆيىگە تاماققا بېرىپ تۇرىمەن. بولمىسا تېلېفون بېرىپ چاقىرتىشىدۇ. بىكار چاغلىرىمدا بېيجىڭدىن ئەكەلگەن ماتېرىياللارنى رەتلەش، ئۆگىنىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردە مەن دېمەتلىك بىرەر بالىنىمۇ تونۇمايمەن. بۈگۈنمۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن بېيجىڭدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئالغان ئۈنئالغۇنى قويۇپ مەشىق قىلىۋاتسام ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى.

ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا بويى تۇرقى مەن دېمەتلىك، يۈزلىرى ئاپئاق بىر قىز تۇراتتى.

— سىز نىجات بولامسىز؟ — دېدى ئۇ قاش-كۆزىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، — مېنى دادام ئەۋەتكەنىدى. بۇنداق دېسەم ئەجەبلىنىپ قالماڭ، سىز بېيجىڭدا دوختۇرخانىدا قارىغان ئادەم مېنىڭ دادام بولىدۇ. سىز كەلمەستىنلا سىز توغرىلىق ئاڭلاپ بولغان، — بۇ قىز قىلچە تارتىنىپمۇ قويماستىن سۆزلىگەن ھالدا ياتاققا كىردى.

— مەن ئابدۇلكامنىڭ سىزدەك قىزى بارلىقىنى كۆرمەپتىمەنغۇ؟ — مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك قارىدىم.

— مېنى ئۆيدە كۆرمىگەچكە شۇنداق دەپ ئويلىدىڭىز-دە. شائىخەيگە بىر ئايلىق ئۆگىنىشكە بارغانىدىم. قايتىپ كەلگىنىمگە ئىككى كۈن بولدى.

— شۇڭلاشقا كۆرمەپتىكەنمەن دە، — دېدىم مەن سەل ھودۇققان ھالدا. بۇ قىزنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر تەمتىرەشكە باشلىدىم. مەن ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان چاي قۇيغاچ، قايسى ئورۇندا ئىشلەيدىغانلىقىنى سورىدىم.

— شائىخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، چارلاش-لايىھىلەش ئورنىغا بۆلۈنۈپ كەلگىنىمگە بىر يىل بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — دادام سىزنى چاقىرىپ كەل دەپ ئەۋەتكەنتى. باشقا ئىشىڭىز يوقتۇ؟

شۇنداق چىرايلىق قىز ئالدىمغا كەلسە بارمايمەن دەپ قانداق دېيەلەيمەن، مەن دەرھال ماقۇل بولدۇم. بەئەينى كىنو چولپانلىرىدەك زىلۋا قامەتلىك، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ قىز بىلەن يولدا بارغۇچە بېيجىڭ، شائىخەيىنىڭ گەپلىرىنى قىلىشىپ ماڭدۇق. ئۇمۇ ئاتا-ئانىسىغا ئوخشاش مېنىڭدىن مەمنۇنىيەتدار ئىكەنلىكىنى سۆز ئارىسىدا قىستۇرۇپ كەتتى. تاسادىپىي يولۇققان ئۇ ئىش يۈزىسىدىن بولۇۋاتقان ئىشلار بارغانچە مېنى خىجالەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ قىز بىلەن تونۇشقىنىمغا قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتىم.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى بىلسەم بولامدۇ؟ — دېدىم مەن چاقچاق ئارىلاش.

قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئېسىم قۇرۇسۇن، ئىشلەيدىغان ئورنىمنى دەپ، ئىسمىمنى دېمىگىنىمنى قاراڭە، ئىسمىم مەرھابا...

«مەرھابا» ... بۇ ئىسىم ماڭا ھەممە ئىسىملاردىن چىرايلىق ئاڭلاندى.

ئارىلىقتا مەرھابا مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلىپ كەلدى. مەن تانسا بىلمەيدىغىنىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، بۈگۈن بىر دوستۇم كەلمەكچىدى، دەپ يالغان ئېيتىپ قۇتۇلدۇم. نېمىشقىمۇ تانسا دېگەننى ئۆگىنىپ قويمىغان بولغىيتتىمكىن، شۇ كۈندىن باشلاپ ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۈنئالغۇنى قويۇپ زەربىدارلىق بىلەن تانسا ئۆگىنىشنى باشلىدىم. ئۆزۈمچە خېلى ئۆگىنىپ قالغاندەك قىلاتتىم. چۈنكى تۈنۈگۈن قوشنا ياتاقتىكىلەر ئولتۇرۇش قىلغاندا ئۆزۈمنى سىناپ كۆردۈم، ۋالىستىن باشقا تانسىلاردا ئانچە بەك چېنىپ كەتمىدىم. دېمەك، مەرھابا بىلەن ئوينىساممۇ ئانچە چېنىپ كەتمەيمەن.

مەن چاچلىرىمنى مايلاپ، ئاياغلىرىمنى پارقىرىتىپ، چىرايلىق تىكىلگەن كاستيۇم-بۇرۇلكا بىلەن مودا بولۇۋاتقان كۆڭلەكنى كىيىپ ئۆزۈمنى ياساپ يۈرىدىغان بولدۇم. بۇنىڭ ھەممىسى مەرھابا ئۈچۈن ئىدى. مەن ئەمدى ئۇلار چاقىرمىسىمۇ بىرەر باھانە تېپىپ ئۇلارنىڭكىگە بارىدىغان، مەرھابا بىلەن بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىلىشىشقا پۇرسەت ئىزدەيدىغان بولدۇم. ئۇلارنىڭكىگە بارسام ئابدۇلىكام قەۋەتلا خۇش بولۇپ كېتىدۇ. مەن بىلەن سائەتلەپ پاراڭلىشىپ كېتىدۇ. مەرھابا بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىمىز قانچە قويۇقلاشقانسېرى، بۇ تۈز كۆڭۈل، ھېچقانداق نەرسىدىن تارتىنمايدىغان،

uyghurkitap.com

چىرايلىق قىز مېنىڭ قەلب تۆرەمدىن بارغانچە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنى كۆرسەم يۈرىكىم سالىدىغان، كۆزلىرىدىن نېمىدۇر بىر نەرسە ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ ئەمدى ياتاقتىمۇ، ئىشخانىدىمۇ كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيتتى. تېلېفوندا كۈنىگە ئىككى-ئۈچ قېتىم سۆزلىشىمىز.

— نېمىنى خىيال قىلىپ كەتتىڭىز ئۇكام؟ — بۆلۈمنىڭ مۇلايىم، ئەمما تەلەپچان باشلىقى مۈرەمنى ئاستا قېقىپ قويغاندا ئېسىمگە كەلدىم.

— ھېچنېمە، — دېدىم مەن ئىتتىك ئۆزۈمنى ئوڭشاپ.

— كەچتە بىزنىڭكىگە بارايلى، ئىشتىن چۈشكەندە دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ كۆزۈمگە مەنىلىك قاراپ قويدى-دە، چىقىپ كەتتى.

— سىزنىڭ خىيالچان بولۇپ قالغانلىقىڭىزدىن گۇمانلانغانىدىم، — دېدى ئۇ تاماقنى يەپ بولۇپ ئىككىمىز خالىي قالغاندا، — بۇنداق ئۆزگىرىشتىن سىزنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. ياشلىق ئەمەسمۇ، كىمنىڭ بېشىدىن ئۆتمىگەن. ئەمما مەن ئويلىغاندىن بۇرۇنراق بولۇپ كەتتى. ئەسلى ئىككى يىل بېسىپ ئىشلىگەن بولسىڭىز تازا ياخشى مېۋە بېرەتتىڭىز. خەير، مەيلى ھەر قانداق ئىشىڭىزغا بىز تەييار. قىز دېگىنا، سىزنى خىيالچان قىلىۋەتكەن قىز كىم؟

كۆپنى كۆرگەن، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە باي بۇ مېھرىبان ئادەمگە راست گەپنى دېمەي بولمىدى. مەرھابانىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

— كۆزىڭىز ئۆتكۈر ئىكەن. ئۇ قىز ئەخلاقلىق، ئوبدان تەربىيە كۆرگەن. بىزنىڭكىگە دائىم دېگۈدەك كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭ دادىسى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان ئاغىنە. ھەممە گەپ بولسا دېيىشىۋېرىمىز. سىز تارتىنىسىڭىز، بولدى بىزگە قويۇپ بېرىڭ. ئابدۇل بىلەن ئەتىلا ئۆزۈم سۆزلىشىمەن. ھەدىڭىز مەرھاباغا دېسۇن... بۇنى ئەمدى كېيىنگە سۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق...

مەرھابا ئەمدى باھانە-سەۋەب كۆرسىتىپ مەن تەكلىپ قىلغان تانسىلارغا بارماس بولۇۋالدى. بەزى چاغلاردا ئۆيىگە بېرىپ قالسام، كىچىك ئۆيىدىن چىققىلى ئۇنىمايدۇ. تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالساق قىزارغانچە ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. ئۇ بۇنداق قىلغانسېرى، مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇھەببەت كۈچىيىپ بېرىشقا باشلىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئۆزۈمنىڭ پەرىزىچە، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك قىلاتتى. بولمىسا نېمىشقا قىزىرىدۇ؟ نېمىشقا مەندىن قاچقاندەك قىلىدۇ-يە، مۇھەببەتلىك كۆزى بىلەن قارايدۇ؟ بىر ھەپتىدىن كېيىن ماڭا تېلېفون بېرىپ، باغچا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ خۇددى ئەتە تويۇم بولىدىغاندەك خۇش بولۇپ كەتتىم، باش-كۆزۈمنى يۇيۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرىمنى پاكىز قىرىپ، چاچلىرىمنى مايلىدىم-دە، قاتۇرۇپ ياسانغىنىمچە باغچا ئالدىدا خېلى خىياللارنى قىلغاچ ئۇنى ساقلاپ تۇردۇم.

مەرھابا مەن بىلەن زورىغا دېگۈدەك كۈلۈمسىرەپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىغان بولۇپ، كەيپىياتىدىن بىر خىل مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى. بىز ئۈن-

تىنىسىز باغچا ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كېتىۋاتتى. بىردەم چىرايلىق تىكىلگەن كاستيۇمىمنى تۈزەپ قويسام، بىردەم چاچلىرىمنى سىلاپ قوياتتىم.

— سىزنى مۇھىم بىر ئىش بىلەن چاقىرتقانىدىم، — دېدى ئۇ ئادەملەردىن خالىي، قويۇق دەرەخلىك يېنىدا تۇرۇپ، — سىز بىلەن بىز ئوقۇغان، ھەممە نېمىگە ئەتراپلىق، توغرا كۆز قاراش بىلەن قارايمىز. شەخسەن ئۆزۈم شۇنداق. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا ئاشۇنداق تەلەپلەرنى قويمىغان بولسىڭىز. بۇنداق قىلسىڭىز ماڭا بەكمۇ ئېغىر كېلىدىكەن. بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ئۆتسەك قانداق دەيسىز؟

مەرھابانىڭ ئاۋازى يىغا ئارىلاش تىترەپ چىقتى.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم. سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن، دېسەم بولامدۇ. ئەمما بۇنداق مەردانىلىق بىلەن دېيىلگەن سۆز ھېسابىغا نۇرغۇن ئازاب تېپىۋالامدىمەن. مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى چۈشەندۈرمەيمەن. ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى دېمەيمەن؟! مەن ئاخىرى ئۆزۈمگە جۈرئەت بەردىم:

— مەرھابا، بىز تونۇشقىلىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى، — دېدىم مەن ھاسىراپ تۇرۇپ، — بىز بىر - بىرىمىزنىڭ قەلبىنى چۈشەندۇق. شۇڭىمۇ ناھايىتى تېزلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. دوستلۇقنى نېمە ئۈچۈن مۇھەببەت باسقۇچىغا كۆتۈرگىلى بولمايدىكەن. مەن خېلى كۈن بولدى بۇ سۆزلەرنى دېمەكچى ئىدىم. لېكىن، دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، — بۇ سۆزلەرنى دېگۈچە نېمىشقىدۇر يۈرىكىم ئېغىپ كەتكەندەك بولدى. خۇددى بىر قول يۈرىكىمنى سىقىۋاتقاندەكلا. تۇۋا، بۇ نېمە ئىشتۇ، مەن غەيرەت قىلىپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، — مەن خېلى كۆپ ئويلاندىم. سىز ماڭا، مەن سىزگە ئەڭ مۇۋاپىق جورىلاردىن ئىكەنمىز. ئورتاق غايە ئۈچۈن بىرلىكتە كۆرەش قىلساق، ئىگىلىگەن بىلىمىمىز ئارقىلىق نېفىتلىكنىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشساق ياخشى ئەمەسمۇ؟!

مەن يەنە نېمىلەرنى دېگىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقماي قالدىم. بىر چاغدا مەرھابانىڭ قول ياغلىق بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئۇنىڭ سۈپسۈزۈك مەڭزىنى بويلاپ ياشلار دومىلاپ چۈشمەكتە. ئۇ بۇ يىغىسى بىلەن تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنگەندەك بولدى. تۇۋا، ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنىڭ يىغىسىمۇ ساڭا ھۇزۇر تۇيۇلىدىكەن...

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ھەرقانداق ئىش بولسا ئۆزىمىز سۆزلەشسەك، — مەرھابا يىغىدىن توختاپ ماڭا مۇراجىئەت قىلدى، — بۇ ئىشقا چوڭلارنى ئارىلاشتۇرمىغان بولسىڭىز. سىزدىن قايتا ئۆتۈنىدىغىنىم، چوڭلارنى ئارىلاشتۇرمىغان بولسىڭىز. مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلالمايدىغان بولدۇم. سىز ھەممە نەرسىگە توغرا قارايدىغان ئوقۇغان يىگىتقۇ؟ مېنىڭ سۆيگىنىم بار، خاپا بولماڭ، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە باغچا ئىچىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ يۈگۈرگەنچە كېتىپ قالدى. قويۇق دەرەخلىك ئارىسىدا ئۆزۈم يالغۇز قالدىم. يۈرىكىم يەنە ئېغىپ كەتتى. تۇۋا بىر قول يۈرىكىمنى سىقىۋاتقاندەكلا - ھە!

www.uyghurkitap.com

ئەتىسى باشلىقىم ئالدىمغا كىردى.

— ئولتۇرۇڭ ئۇكام. مىجەزىڭىز بەكلا بوشقۇ؟ قىز بىلەن سۆزلەشتىڭىزمۇ؟ ئاتا - ئانىسى سىزنى مەندىن بەكرەك ياخشى تونۇيدىكەن. گەپىنىڭ بېشىنىلا چىقىرىۋىدىم، هەر ئىككىسى تەڭلا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. تېخى ئۇلارمۇ شۇنداق ئويدا يۈرۈپتىكەن. ئەمدى قىز بىلەن ئۆزىڭىز سۆزلىشىڭ. بەخت قۇشى بېشىڭىزدا ئەگىپ يۈرىدۇ ئۇكا، تېزرەك تۇتۇش قىلىڭ. هەممە ئىش سىزدە قالدى، — ئۇ ئوغلىنى ئەركىلەتكەندەك مۈرىلىرىمگە ئۇرۇپ قويدى.

مەن يا ياق، يا ماقۇل دېمىدىم. مەرھابانىڭ ئاخشام دېگەنلىرىنىمۇ ئېيتمىدىم. مەن ئۆزۈمچە ئۇنىڭ ئاخشامقى دېگىنىنى پەقەت قىزلىق ناز ياكى مېنى سىناماقچى بولۇپ دېگىنى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ «سۆيگىنىم بار» دېگىنى يالغان، بولمىسا نېمىشقا مەن بىلەن تانىسىغا بارىدۇ. ئۇنداق ئىشلىرىنىڭ بارلىقىنى بۇرۇن نېمىشقا يوشۇرىدۇ، نېمىشقا ئانىسىغا بۇ گەپلەرنى ئېنىق دېمەيدۇ ياكى مېنىڭ ئىلگىرىكى تۇرمۇشۇمنى ئاڭلاپ قالدىمىكىن؟ ياق، ياق، ئۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۆزۈممۇ ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتسام بۇلار قانداقمۇ بىلسۇن. بىلگەن تەقدىردە چوقۇم يۈزۈمگە سالاتتى... مەن ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىدىغان خىياللارنى قىلىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدىم.

ئەتىسى ئۇنىڭغا كۆرۈشەيلى، دەپ يەنە تېلېفون بەردىم.

بىز باغچىدا بىرەر سائەتچە خۇددى تونۇشمايدىغان ئادەملەردەك گەپ قىلىشماستىن ئايلاندۇق. ئۇنىڭ قاپاقلىرى يەنىلا ئىششىق كۆرۈنەتتى. گۈزەل كۆزلىرى يەركىلا تىكىلەتتى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ خېلىلا جۇدىگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاخىرى سۆز ئاچتى:

— مەن سىزنى ئاڭلىق دەپ كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئوچۇق دېگەنىدىم. هازىرمۇ كېيىم شۇ. مەن سىزنى بەختلىك قىلالمايدىغاندەك قىلىمەن. نۇرغۇنلىغان چىرايلىق قىزلار ئەتراپىڭىزدا يۈرسە، نېمىشقا مېنىلا قىينايسىز؟

— ئۇنداق دېمەڭ مەرھابا، جاھاندا مىڭ كىشى بولغىنى بىلەن كۆڭۈلدە بىر كىشى. مەن سىز بىلەنلا بولسام ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر بەخت قوينىدا ھېسابلايمەن. كەسپىي جەھەتلەردىمۇ بىر - بىرىمىزگە ياردەمدە بولالايمىز. سىز ماڭا ئىشىنىڭ.

بىز ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلەشتۇق. مەن ھەممىدىن كۆپ سۆزلىدىم. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە سۆزلىرىم قىزنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتتىمۇ ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بولدىمۇ، بۇنىسىنى خۇدا بىلىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇ نائىلاج ماقۇل بولدى. ئەمما شۇنچە ئۇزۇن سۆزلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ چىرايىدا ئازراق بولسىمۇ كۈلكە ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى. ھەر ئىككىلىمىز جىددىيلىشىپ قالغانىدۇق. مەن ئۇنى ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە ئەكېلىپ قويدۇم. كەينىمگە بۇرۇلاي دېيىشىمگىلا يۈرىكىم يەنە ئېغىپ كەتتى. تۇۋا، بىر قول يۈرىكىمنى سىقىۋاتقاندەكلا - ھە!

ئاز ئۆتمەستىن قىز تەرەپنىڭ پۈتۈن چىقىمىنى ئۈستىگە ئېلىش ھېسابىغا توي قىلدىم. ئەمما مەرھابا تويى بولغان ھەر قانداق قىزلاردىنمۇ بەتتەررەك قاتتىق يىغلىدى. قىزنى

كۆچـۈرگەن چاغـدا ئۇ بىردەم ئانىسىغا، بىردەم دوستلىرىغا ئىسلىپ شۇنداق ئۇزۇن ئۆكسـۈپ يىغلىدىكى، مىنىڭمۇ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ كەتتى. ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ماڭا نەپرەت كۆزى بىلەن ھومىيىپ قاراۋاتقاندەكلا بىلىنـدى. شۇ چاغدا يۈرىكىم يەنە ئېغىپ كەتتى. توۋا، بىر قول يۈرىكىمنى سىقىۋاتقاندەكلا ـ ھە!

شۇنداق قىلىپ مەن ناھايىتى ئاسانلا كەڭرى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆينىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدىم.

ھەر ئىككىلىمىز ئۆز كەسپىمىزگە شۇنچە بېرىلسەكمۇ، بىر ـ بىرىمىزگە بولغان قىزغىنلىقىمىز دېگەندەك ئەمەس. خۇددى كۆل سۈيىدەك جىمجىت. توي قىلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۈز بەرگەن بىر ئىش ھەممىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

بىز بىرلىكتە دوستىمىزنىڭ تويىغا باردۇق. ياز كۈنى بولغاچقا ھەم ھاراق ئىچىپ، ھەم تانسا ئويناپ تەرلەپ كەتكەچكە، سەگىدەش ئۈچۈن سورۇندىن تالاغا چىقتىم. تام ياقىلاپ بىنادىن ئەگمەي دەپ تۇرۇشۇمغا يىغلامسىرىغان تونۇش بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ توختاپ قالدىم. بۇ مەرھابانىڭ ئاۋازى ئىدى.

— مېنى تىللاڭ، يۈزۈمگە تۈكۈرۈڭ. مەن سىزگە ۋىجدانسىزلىق قىلدىم. ۋەدەمدە تۇرالمىدىم. ھازىر مەن بىرىنىڭ قانۇنلۇق ئايالى بولۇپ قالدىم. مەن تۇرمۇش ئىسىنقىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. مەندەك بىر ۋىجدانسىز قىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇڭ. سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز مەڭگۈ قەلبىمدە... ـ مەرھابانىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. ئىنژېنېر بالىغا توي قىپسىز. ئۇنىڭ ئۈنسىگە، ئۇ سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانىكەن. بۇنىڭغا قىلچە ھەسەت قىلمايمەن، ـ ئېگىز بويلۇق، چاچلىرى، ئۆسكىلەڭ بىر بالا تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭمۇ ئاۋازى يىغلامسىراپ چىقاتتى، ـ مېنىڭ ئورنىمدا ئاشۇ بالا سىزنى بەختلىك قىلالىسا، مەنمۇ ئوخشاشلا خۇشال بولىمەن. مەن ھەممە ئىشنى



ئۇقتۇم. سزده نېمه گۇناھ بار ئاتا - ئانىڭىزدىنمۇ رەنجمەيمەن. چۈنكى ئۇلار سىزگە ئەجرە سىڭدۈردى. سزمۇ ئۇلارنىڭ كېيىنى يىرالمايسز. بۇنداق ئىشلار ھەممىلا ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەندە بىلىدۇ. ئەتە جەنۇبىي شىنجاڭغا يەنە ئالتە ئايلىق خىزمەتكە ماڭىمەن، يۈكمۇ بېسىپ قويدۇم. خەير - خوش، سىزگە بەخت تىلەيمەن. بۇندىن كېيىنمۇ دوستانە ياردەمگە تەييارمەن، — ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق دەسسەپ مىجىقلەتتى. ئىككىمىز بىر - بىرىگە بىردەم قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، يىگىت مەرھابانىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى - دە، كەينىگە يېنىپ كەتتى. مەرھابا بولسا خېلى ئۇزۇنغىچە جايىدا يىغلاپ تۇردى.

مەستلىكىممۇ نەگىدۇر تاراپ كەتتى. مەن نېمىنى كۆرۈۋاتىمەن، نېمىنى ئاڭلاۋاتىمەن. توغرا، يىغلاۋاتقان مەرھابا مېنىڭ ئايالىم، مەن ئۆز مەنپەئىتىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى خازان قىپتىمەن. مەن بىر جىنايەتچى، ۋىجدان سوتىنىڭ سورىقىغا تارتىلىدىغان جىنايەتچى ئىكەنمەن. مەرھابانىڭ مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلغانلىقى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەن - دە، مەن قاپاقباش نېمىشقا چۈشەنمىدىم، نېمىشقا ئاتا - ئانىسى ئارقىلىق مەجبۇر قىلدىم؟... مەن شۇ كۈنى، توي قىلغاندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم قاتتىق مەست بولۇپ ئايالىمنىڭ قولتۇقىمدىن يۆلەپ مېڭىشى بىلەن ئۆيگە قايتتىم.

بولغۇلۇق بولۇپ بولدى. نېمە قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەمدىكى ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر بولۇش.

ئائىلىمىزدە زامانىۋى ئۆي جابدۇقلىرىنىڭ ھەممىسى تەل. ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ نورمال. ئىز بەختلىك ئائىلە بولۇش ئۆلچىمىگە پۈتۈنلەي توشاتتۇق. ئەمما ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن نېمىدۇر كەملىك قىلاتتى.

مەن بىزدە بىر بالا بولسىلا ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا بىر نەچچە قېتىم بۇ توغرىلىق پۇرىتىپ باقسام، ئۇ ماڭا ئالىيىپ قويۇپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى. ئىككىمىز تۇرۇپ - تۇرۇپ گەپ تالىشىپ قالاتتۇق. ئۇ بۇنداق چاغدا ماڭا قەتئىي يول قويمايتتى. بۇنداق دوقۇرۇشۇپ قېلىش ئاخىرى كۆڭۈلسىزلىككە ئۆزگەردى. ئەمما چوڭ ئۆيگە بارغاندا ھەر ئىككىمىزنىڭ چىرايىنى كۈلكە قاپلايدۇ. چوڭلارغا بولۇۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بىلدۈرۈشنى ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى تارتمايدۇ. «چىداش كېرەك، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دەيتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە، — ئۇنى بەختلىك قىلىمەن دەپ مەيدەمگە مۇشتلىغان ئوغۇل بولغاندىكىن ھەممىگە چىدىشىم كېرەك.»

ئەمما بەزىدە ئۇ يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن تاكاللىشاتتى. ئۇ كۆپىنچە مېنىڭ تەرجىمە قىلغان ماتېرىياللىرىمدىن قۇسۇر چىقىراتتى. مۇشۇ ئارقىلىق مەندىن ئۆچ ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەن بۇنى بىلىپ تۇرىمەن. شۇڭىمۇ لەۋلىرىمنى چىشلەيمەن. سۈكۈتتە تۇرۇۋالىمەن. چۈنكى سۈكۈتنىڭ ئۆزى ئالتۇن بىلەن باراۋەردە. شۇنداق قىلىپ قىشنىمۇ، باھارنىمۇ ئۆتكۈزۈپ يازغا ئۇلاشتۇق. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قېتىم توقۇنۇشۇپ قالدۇق، لېكىن بىر قېتىممۇ سەن - پەن دېيىشىپ باقمىدۇق. چۈنكى مەن سۈكۈت قىلىمەن.

تونۇش - بىلىش كۆپەيگەنسېرى چاقىرىشمۇ جىقلاپ كەتتى. كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشلارغا بېرىپ، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىۋېلىپ قايتىپ كېلىمەن. بىز ئارىلاشقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك بىردىن ئىككىگىچە بالىلىرى بار ئىدى. ئۇلار بالىلىرىنىڭ قانداق تىلى چىققانلىقى، قانداق ماڭغانلىقى دەسلەپتە «دادا» دەپ تىلى چىققانلىقى ياكى «ئاپا» دەپ تىلى چىققانلىقى، ھەتتا بالىلىرىنىڭ يېڭى كىيگەن كىيىملىرىنى تەرەت قىلىپ بۇلغىۋەتكىنىگىچە زوق - شوخ بىلەن سۆزلىشىدۇ. بىزدىن كېيىن توي قىلغانلارنىڭمۇ ئاياللىرى يەڭگىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بولغانىدى. مانا بۇلارنى ئاڭلاش، كۆرۈش مەن ئۈچۈن ئازاب. شۇڭىمۇ ئويلايدىغىنىم كۆپ، قىلىدىغان ئىشىم ئاز، ئىچىدىغىنىم كۆپ، يەيدىغىنىم ئاز. بەختلىك بولدۇم دەپ تولىمۇ يايراپ كەتكەن ۋۇجۇدۇمدا ئەمدى بىر خىل كۆڭۈلسىزلىكنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتىمەن.

ھاراقنى كۆپ ئىچكەنلىكتىنمىكىن ئاسان ياندۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمما ھاراقنى يوشۇرۇن ئىچىمەن. يالغان باھانە، سەۋەبلەر بىلەن چىقىپ كېتىپ، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ غەرق مەست ھالدا قايتىپ كېلىمەن. ھازىرقى ئەھۋالىمغا ھاراقتىن باشقىسى مۇڭداش بولالمايدۇ. دوست - بۇرادەرلەرنىڭ تەسەللىسىنى ئاڭلارمەن، ئەمما بولغان ئىشنى ئۇلارغا قانداق دەيمەن. ئوغۇل بالىغا نىسبەتەن ئايالىم مەندىن كۆڭۈلسىز دېيىش نومۇس - تە. بۈگۈنمۇ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ ئۆيگە قايتتىم. ئۆيگە يېقىن قالغاندا كۆڭلۈم سەل ئايىنىغاندەك قىلدى. بىردەم بولسىمۇ ئۆزۈمنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن يول ياقىسىدىكى قويۇق دەرەخلىك ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردۇم. ئىككى ئايال پاراڭلىشىپ كېلىپ، قېرىشقاندەك مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ توختىدى.

— ئاداش، توي قىلغىلى خېلى بولۇپ قالدى. بىرەر ئۆزگىرىش يوقمۇ؟ بولمىسا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىڭلار...

ئۇلار مەندىن بەش - ئالتە مېتىر نېرىدا!! مەن قاراڭغۇلۇقتا بولغاچقا، ئۇلار مېنى كۆرەلمەيدۇ. ئوڭ ياندىكى دەل مېنىڭ ئايالىم، خاتا ئەمەس. مېڭىشىمدىن تارتىپ ئاۋازىغىچە شۇ. مەرھابانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاداش، ھەرقانداق ئايال نېمىشقا پەرزەنت كۆرۈشنى خالىمىسۇن. يېڭى توي قىلغانلارنىڭ قايسىبىرىدە بۇنداق ئوي بولمايدۇ دەيسەن. مەنمۇ ئوماق بىر بالىنىڭ ئانىسى بولۇشنى ھەممىدىن كۆپ ئويلايمەن ھەم ئارزۇ قىلىمەن. سىلەر بالىلىرىڭلارنى ئەركىلىتىپ، پەپىلەپ كەتسەڭلار، مېنىڭ قولۇممۇ ئىختىيارسىز تەۋرىنىپ كېتىدۇ. قورقىمەن ئاداش، مۇھەببەتسىز پەرزەنت كۆرۈشتىن قورقىمەن. ئىشەنچسىز، كۆڭۈلسىز ئادەمدىن قانداقمۇ پەرزەنت كۆرگۈڭ كېلىدۇ، سەن دەپ باقە...

بۇنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېگىنىنى ئاڭلىماي قالدىم. ئاڭلاشنىمۇ خالىمىدىم. جايىمدا ئولتۇرۇپلا قالدىم. دېمەك، ئايالىمنىڭ مېنى راستتىنلا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى ئېنىق بولدى. ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ، مۇھەببەت بولمايدىكەن،

ئائىلە قۇرۇش تۇرماق، دوست بولۇپ ئارىلىشىشتىنمۇ ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۆزۈمنى بىلىملىك، ئاڭلىق، ھەممىگە توغرا قارايدىغانلاردىن ھېسابلايمەنۇ، نېمىشقا مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان يۈرەكنى قىينايمەن، ئۇنىڭ ياشلىقىنى خاراب قىلىمەن؟ ئۆزۈمنىمۇ، ئۇنىمۇ بۇ ياسالمىلىقتىن ئازاد قىلسام بولمامدۇ. مەن بىر ئوغۇل بالا تۇرۇپ نېمىشقا بۇنداق قىلالمايمەن. ئەتە ھەممىنى دەيمەن، كەڭ-كۇشادە سۆزلىشىمەن. ھەممە ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىم كېرەك. بولمىسا ئۈن-تىنسىز ھالدا ھەر ئىككىلىمىز ئۆزىمىزنى خاراب قىلىش يولىغا قاراپ ماڭىدىكەنمىز.

ئاخشامقى ھاراقنىڭ تەسىرىدە بېشىم قاتتىق لوقۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى. كۆزۈمگە نە ماتېرىيال، نە چېرتيوژ، ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. چاينى ئاچچىق دەملەپلا ئىچىمەن.

— پاھوي، قانداقراق ئىنژېنېر يىگىت. سېنىمۇ تاپقىلى بولىدىكەن، — ئوچۇق ئىشىكتىن بىرى كۈلگەنچە كىرىپ كەلدى.

دەسلەپ يۈزلىرى ئاپئاق، ساقال-بۇرۇتلىرى پاكىز قىرىلغان، سېمىز بۇ ئادەمنى تونۇيالماي قالدىم. ئۇ مەن بىلەن تولىمۇ قىزغىن قۇچاقلىشىپ دېگۈدەك كۆرۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ قولىقىنىڭ يېنىدىكى مېڭىدىنلا جىلىل ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ ناھايىتى ئۆزگىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بەلكىم ئالتە-يەتتە يىل كۆرۈشمىگەچكە ماڭا شۇنداق تۇيۇلغاندۇر.

— كەلگىنىمگە ئۈچ كۈن بولدى. سېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. ئۆزگىرىپ چىرايلىقلا بولۇپ قاپسەنغۇ. نېمانچە كەم سۆز ئولتۇرىسەن. گەپ قىلە؟! — ئۇ ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى.

مەنمۇ قىزغىن كۆرۈشتۈم، ئەمما ئۇنىڭ مېڭىنى كۆرۈپلا پۈتۈن بەدىنىم غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئۇ مېھمان بولۇپ كەلگەنىكەن، ئەلۋەتتە چاندۇرماسلىقىم كېرەك. شۇنداق دېگىنىم بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنى ئامالسىزلىقتىن ئۆيگە باشلاپ باردىم.

— پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق ياسالغان ئۆي بۇ، ئاجايىپ ئازادە ئىكەن، — ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ماختاپ كەتتى، — قارا سېنى، ئاڭلىسام ھازىرقى قېيىن ئاتاڭ ئىدارە باشلىقى ئىكەن. تەلىيىڭ بار ئىكەن جۇمۇ! — مەن ئۇنىڭغا مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم. ئەمما ئاشۇ مېڭىنى كۆرۈپلا قايىقىم تۇرۇلدى.

ئىككىمىز ئەتىگەندىلا ئىچىشنى باشلىۋەتتۇق. ئالدىمىزدا زاكۇسكىغا بىر قانچە توخۇملا بار. ھاراق ئىچكەنسېرى غەزىپىم ئۆرلىمەكتە.

— بېيجىڭغا بېرىپ ئوقۇپ كەپسەن، ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدۇق، قايتىپ كېلىپ باشقىدىن تويىمۇ قىلىۋاپسەن. ئوغلۇڭ بىلەن مەھبۇبە بىزنىڭ يېنىمىزدا، ئۇلارمۇ ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ. سەن بېيجىڭغا كېتىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇمۇ جەنۇبقا يۆتكىلىپ كەلگەنىدى.

ئوغلۇم بىلەن مەھبۇبەنىڭ ئىسمى چىقىۋېدى، بىرىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئىتتىكلا ئەتراپىمغا قارىدىم. ئەتىگەندىلا ئىچكەن ھاراق ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

— بىز كەتكەندىن كېيىن سىلەرگە نېمە بولدى؟ شۇنداق خاتىرجەم، بەختلىك ئائىلىگە كۆز تەگكەندەكلا ئىش بوپتۇ. بىز بۇ ئىشنى كېيىن بىلدۇق. ئەمما مەھبۇبەدىن سورىساق ھېچنېمە دېگىلى ئۇنىمايدۇ.

— ئۇ نېمە دەيتتى ئىزا تارتماستىن، مەن بۇزۇلدۇم، خىيانەت قىلدىم دەمدۇ، ھەرگىز ئۇنداق دېمەيدۇ! — مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. غەزەپتىن ئۇنىڭغا ئېتىلىدىغاندەكلا تۇراتتىم، — ئۇ شۇنداق قىلدى، ئۇقتۇڭمۇ؟ باشقىلار بىلەن يوشۇرۇنچە ئوينىدى. شۇنداق تۇرسىمۇ مەن يەنە ئۇنى باغرىمغا بېسىپ خوتۇن قىلىمەنمۇ؟ بۇنى مېنىڭ ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟! — مەن قوللىرىمنى شىلتىپ ئۇنىڭغا ۋارقىراپ كەتتىم.

— مېنىڭ بىلىشىمچە، مەھبۇبە ئۇنداق قىلىدىغان ناپاك ئاياللاردىن ئەمەس. يەنە باشقىلاردىن گۇمانلانساڭ قانداق بولىدۇ؟

— ھەي تۈزكور، مۇغەمبەر! ئېست سېنى دوست دەپ يۈرگىنىم! — ئەمدى مەن رەسمىي ۋارقىراشقا ئۆتتۇم، — نەق سەندىن گۇمانلىنىمەن، ئۇقتۇڭمۇ. سەن ئايالىم بىلەن مەن يوق چاغدا ئوينىغان. ماڭا خىيانەت قىلغان. ئېسىڭدىمۇ سېنى ئۇزىتىدىغان كۈنىدىكى ئولتۇرۇش. سەن شۇ كۈنى نېمە دېدىڭ. ئېسىڭگە كەلدىمۇ؟ سەن شۇ چاغدا ئايالىڭنىڭ سول كۆكرىكىدە مەڭ بار، دېمىگەنمىدىڭ. شۇ چاغدا مەن چاقچاق دەپ ئويلاپتىمەن. كېيىن كۆردۈم. كۆرگەندىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم خۇمپەر. سەن ئايالىم بىلەن ئوينىمىغان، بىللە بولمىغان بولساڭ، ئۇنىڭ كۆكسىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەمتىڭ، ئېيتە قېنى. ھازىر يەنە قايسى يۈزۈڭ بىلەن مېنى ئىزدەپ كەلدىڭ؟!

جېلىل ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ پېشانىسىگە قاتتىق بىرنى ئۇردى. ئۇ ھەدەپ بېشىنى چايقايتتى.

— مېنى كەچۈرگىن، كەچۈرگىن دوستۇم. ئاشۇنداق كىچىككىنە چاقچاقىنىڭ سېنىڭ تۇرمۇشىڭغا بۇنچىلىك پالاكەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن. ئېست ئاغزىم. ھەي زۇلخۇمار نېمىشقىمۇ ئۇ گەپنى ماڭا دېگەنىسەن-ھە؟ — ئۇ ئۇستەلنى مۇشتلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مەھبۇبەنىڭ مېڭىنى مەن نەدە يۈرۈپ كۆرەي. بىر كۈنى ئىككىنىسى مونچىغا كىرىپتىكەن، شۇ چاغدا سول كۆكسىدە مەڭ بارلىقىنى زۇلخۇمار كۆرۈپتىكەن. كېيىن ئۇ ماڭا دەپ بەرگەنىدى، — ئۇ كېيىنكىنى داۋاملاشتۇرالماي ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. مەن يېشىلىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدىم. بىردەمدىن كېيىن مەنمۇ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتىم. ئۆي ئىچى نازا ئاچقاندەك بولۇپ كەتتى. بۇ بىزنىڭ دەسلەپ ئىشقا بۆلۈنۈپ كەلگەن ھالىتىمىزگە تامامەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئوخشىمايدىغىنى ئۇ چاغدا جاپادىن يىغلىغانىدۇق، ئەمدى

uyghurkitap.com

بولسا ئازابتىن، ئۇقۇشماسلىقتىن يۈز بەرگەن بۇنچە چوڭ پاجىئەنىڭ ئاقىۋىتىدىن يىغلاۋاتاتتۇق. مەن قىلغان يەڭگىللىكىم ئۈچۈن، چەككەن ئازابلىرىم ئۈچۈن، تارتقان دەردلىرىم ئۈچۈن ھەممىدىن بەك ھۆكرەپ يىغلىدىم. بىز كىچىك باللاردەك گىرەلىشىپ يىغلىشىپ كەتتۇق.

مەن يىغلاپ تۇرۇپ، «نېمىشقا ئازابلىنىپ يۈرۈۋېرىمەن، دۇنيادا ئادەم ئۆز-ئۆزىنى ئازابلىماقتىن ئېغىر ئىش يوقكەنغۇ. مەن قاراپ تۇرۇپ نېمىشقا ئىككى ئايالنىڭ يۈرىكىنى ئازابلايمەن، نېمىشقا ئۇنىڭغا راست گەپ قىلىشتىن قورقىمەن. بۇرۇن ئۆيلەنگەنلىكىمنى، ئايالىمنىڭ بولغانلىقىنى، بالامنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭدىن نېمىشقا يوشۇرىمەن. يوشۇرۇش ھېسابىغا بۇنداق ئازابلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئاسانمۇ؟ ئۇمۇ ئادەمغۇ» مانا مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتىم... ئەتىسى ئەزھاباغا ھەممە گەپنى ئۇچۇق دېدىم، ئۇمۇ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمىدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىز جىمجىتلا ئاجرىشىپ كەتتۇق. مانا ئەمدى كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بىچارە مەھبۇبە بىلەن ئوغلۇمنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن...

4

ئۇ ھېكايىسىنى تامام قىلدى. كېچىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. بىز قالغان ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، كىرىپ يېتىپ قالدۇق. بىر چاغدا ئويغانسام ئۇ كارىۋاتتا ئىككى پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ، چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان ھالدا تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئۇچۇق تومۇرغىلا تاماكىنى قولۇڭلارغا ئېلىۋاپسىلەرغۇ؟ — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇ بېشىنى چايقاپ، ئۇھ تارتىپ قويدى.

— تاڭ ئاتارغا يېقىن بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە مەھبۇبەنىڭ يېنىغا بېرىپتىمەن، ئۇ بۇرۇن بىز ئولتۇرغان ياغاچ بوتكىنىڭ ئالدىدا تۇرغىدەك. ئۇنىڭ ئېتىكىنى ئوغلۇم تۇتۇپ تۇرغىدەك. مەن ماگىزىندىن ئۇنىڭغا ئاتاپ ئېلىۋالغان پىلمۇتنى ئوغلۇمغا تۇتقۇزغىدەكمەن. ئۇ بولسا پىلىموتنى قولىغا ئېلىپ، ئاچچىق بىرنى كۈلۈپ قويۇپ ماڭا قارىتىپ ئاتقۇدەك. خۇدانىڭ قۇدرىتى، بىلەن ھېلىقى پىلىموتتىن راست ئوق چىقىپ، مەيدىلىرىمنى قان قىلىۋەتكۈدەك. ئايالىم بالامنى توسىۋاتقىدەك. ئۇ: «خاپا بولمىغىن، بالا سېنى تونۇيالماي قالدى، ئۇنى كەچۈرگىن! ئۇ سېنىڭدەك بىر دادىسىنىڭ بارلىقىنى تېخى بىلمەيدۇ. ئەيىب مەندە، مەن سەن توغرىلىق ھېچ نەرسە دېمىگەنىدىم» دەپ مەندىن كەچۈرۈم سورىغىدەك.

— خاتىرجەم بولۇڭ، چۈشنىڭ كۆپى تەتۈرىسىگە تارتىدۇ. تېخى بالىڭىز بوينىڭىزغا ئېسىلىپ يىغلاپ كېتەمدۇ؟! — ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلىنى ياساپ قويدۇم.

— ئاتامنىڭ دائىم قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان، ئۆيى بىلەن ئىككى بالىسى

بېقىپ گۈلدەك ئۆتۈۋاتقان ئاكامنى قاچانمۇ ئادەم بولارسەن، دەپ ۋارقىراپ قويىدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. كىشىلىك دۇنيادا ئۆزىنى ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ھەقىقەتەن ئاسانغا چۈشمەيدىكەن. ئىككى كۈندە ساقالنى بىر قىرىپ، چاچنى مايلاپ، پۈزۈر كىيىنىپ يۈرگەن بىلەنمۇ، بىلىم ئېلىپ نەتىجە ياراتقان بىلەنمۇ ئۇنى تولۇق يېتىشكەن ئادەم دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدىكەن. مەن جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئىنژېنېر بولدۇم. ئەمما ئۆزۈمنى تارازىغا سېلىپ باقسام، ئادەم بولۇشۇمغا تېخى خېلى باركەن، — دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئادەمنىڭ ھاياتىنى دولقۇنلۇق دېڭىزدىكى لەيلەپ يۈرگەن قولۋاققا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. دولقۇن ئىچىدە تۇرۇپ، يېشىللىققا پۈركەنگەن زېمىننى كۆرسەڭ ھاياجاندىن ئۆزۈڭنى باسالماستىن ۋارقىراپ كېتىشىڭ مۇمكىن، چۈنكى ھايات قېلىشىڭدا ئۈمىد پەيدا بولماقتا. ئەمما دېڭىز دولقۇنى يېنىپ سېنى چوڭقۇر دېڭىز تېگىگە سۆرەپ كىرگەندە قارىساڭ، ئەتراپىڭ قاپقاراڭغۇ. كۆزۈڭنى ئاچساڭ ھېچ نەرسە كۆرەلمەيسەن. ئەنە شۇنداق چاغدا ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزىسەن، قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كېتىشىڭگە سەۋەب بولغان دولقۇن يەنە دېڭىز ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ قۇرۇقلۇقنى كۆرسىتىپ، سېنى يەنە ئۈمىدلەندۈرۈپ قويىدىكەن. ئادەم مانا مۇشۇنداق ئۈمىد بىلەن ياشايدىكەن. شۇنداق بولغاندىلا ئادەم ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىدىكەن...

ئاپتوبۇسنىڭ چايقىشى بىلەن ئۇخلاپ قاپتىكەنمەن، بىر قول مۈرەمنى يېنىك ئۇرۇپ ئويغاتتى.

— بىز ئايرىلىدىغان بولدۇق. مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالىمەن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ بىز خوشلاشتۇق. ئۇ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ مۇراجىئەت قىلدى:

— بىز تەرەپكە كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىڭ، ھېكايىڭىزنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى بۇندىن كېيىن ئاڭلايسىز.

ھاياجاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلگەندەك بولدى.

ئاپتوبۇس ئاستا قوزغالدى. مەن ئەينەكتىن بېشىمنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتامدۇ- نېمە؟ ياق، يۈگۈرمەپتۇ. ئەمما ماڭا ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغاندەك بىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

رەيھانگۈل مامۇت

# قەلبىم مېنىڭ چەكسىز بىر دېڭىز

## گۈلتاغ شادلىقى

ئۆپۆقنىڭ لېۋىنى سۆيگەندە قۇياش،
كۆتۈردى ئۇيقۇدىن گۈلىن تېغى باش.
بەختتەك تاڭلارنىڭ قوللىرىدا گۈل،
گۈللەرگە ئوخشايدۇ ئۇندا بىر جۈپ ياش.

ئاتەشتەك سەزگۈدە تاۋلىنىدۇ ئەس،
ساپ، يىللىق ھاۋادىن ئېلىشار نەپەس.
ئورمانلار چايقىلار مەيىن شامالدا،
دىلىدا ئانا يەر چوغلانغان ھەۋەس.

كېلىدۇ ھەر ياندىن ناخشا ئاۋازى،
ھەر ياندا يېشىللىق، بەرگلەر نازى.
ياڭرايدۇ نېفىتنىڭ جەڭگاھلىرىدا
يۈرۈشكە ئاتلانغان مەردلەرنىڭ سازى.

مۇشكۈللەر مۆكدەيدۇ ھالىغا ھەم ۋاي،
گۈلىن تاغ ياشلىرى ئىشلەيدۇ ھارماي.
ئۇنچە تەر ۋەسلىدە ئۇيىدى تارىخ،
مايتېغىم نۇرلىنىپ ئاچتى خۇش چىراي.

ئەتىلەر پارلاقتۇر ئاچماقتا قۇچاق،
ئەتىلەر زەپەر ۋە قۇتلارغا ئوچاق.
ھەنىشۋا ئامەتلەر قونىدۇ بىزگە،
گۈللەيدۇ يەنىمۇ بۇ ئانا تۇپراق.

## قەلبىم مېنىڭ چەكسىز بىر دېڭىز

قەلبىم مېنىڭ چەكسىز بىر دېڭىز،
خىياللىرىم ئۇچقۇر بىر قولۋاق.
قولۋاق ئۇچار دېڭىز يۈزىدە،
توسالمايدۇ ئۇنى ھەر قىرغاق.

قەلبىم گويا چەكسىز بىر دېڭىز،
خىياللىرىم ئۇچقۇر بىر قولۋاق.
قولۋاق ئۇچار دېڭىز يۈزىدە،
پەرۋازىدا يوق مەڭگۈ ئاداق.

## باھار ئاخشىمى

يېقىملىق باھارنىڭ يىللىق ئاخشىمى،
ئۈزەتتى كۆكتە ئاي كۈمۈش قېيىقتەك.
كۆزلەرنى چاقنىتىپ سامادا يۇلتۇز،
باقاتتى زېمىنغا تويىماي شۇنچە بەك.

گۈلزارلىق ئىچىدە زوقلىنىپ شۇنچە،
باھارغا قوزغالدى قەلبىمدە ھەۋەس.
گۈپپۈلدەپ تۈرىدۇ رەڭگارەڭ گۈللەر،
ئىپارلار ئىلكىدە پىقىلدىم مەن مەس.

## تۆھپىكارغا

كەلگەندە يېنىڭغا چەكسىز ھۆرمەتتە،
شادلىقتىن كۆزلىرىڭ چاقناپ كېتىدۇ.
باھاردەك جىلمىيىپ ئۈزىتىپ قالساڭ،
يۈرىكىم تىپچەكلەپ يايراپ كېتىدۇ.

بىلمەن سەن ئاددىي نامسىز قەھرىمان،
تىنىمسىز ئىشلەيسەن ھارمايسەن ھامان.
ھەقىقىي شان - شەرەپ ساڭا تەن مەڭگۈ،
تۆھپەڭدىن غۇنچىلار كۈلمىگەن قاچان.

يوللىرىڭ جاپالىق مەنزىلىڭ نۇرلۇق،
مۆجىزە تامغىسى ھەر باسقان قەدەم.
جەننەت دەپ ئاتايدۇ ئۆزىنى دۇنيا،
سىنىڭدەك ياشىسا ياشىغان ئادەم.

## سۆيگۈ كېچىسى

ئايدىڭدا سەيلىگە چىقتىم مەن خۇشال،
گۈللەرنىڭ ھىدىنى ئېپ كەلدى شامال.
شامالالار سۆزلىدى سىنىڭ ھەققىڭدە،
مۇھەببەت ئەيلىدى قەلبىمنى قامال.

مەجنۇنتال تۈۋىدە باقتىم مەن ساڭا،
چاقنىدى كۆزلىرىڭ ئوت بولۇپ ماڭا.
دېدىڭسەن سۆيگۈڭنىڭ بەدىلى سۆيگۈم
تەشنا مەن ئەل سۆيەر قەلبىڭگە يانا.

سۆيگۈنى سۆيگۈگە ئۇلىدىم جانان،
سەن ئۈچۈن يۈرىكىم قۇياشتۇر يانغان.
قارىسام كۆزۈڭدە سىرلىق بىر دۇنيا —
تۈمەنمىڭ زۆھرە يۇ، تۈمەنمىڭ چولپان!

ئېسىمدىن چىقمايدۇ شۇ ئايدىڭ كېچە،
دىلىمىز بېغىدا ئېچىلغان غۇنچە.
ھېجرانلار بېشىمغا ھەسرەت سالالماس،
سۆيگۈنىڭ ۋىسالى بولغاچقا شۇنچە.

ئابلىمىت مۇھەممەت زەۋقىي

# ئايدەك نۇرلۇق، ئايدەك دىلرەبا

## ئۈرۈمچى

ئاقتى شۇلا، ئاقتى نۇر جامالىڭدىن ئۈرۈمچى،
بەخت قۇچقاچ نۇرلىنىپ زامانىڭدىن ئۈرۈمچى،
چاچقۇ چاچتىڭ دىللارغا ئارمانىڭدىن ئۈرۈمچى.

تاڭ قالدۇردۇڭ ھۆسنۈڭدە ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى،
مۆجىزەڭدە مەست قىلىپ دىلكەش دوستۇ يارەنىنى،
جىلۋە قىلدى قىزىلتاغ شامالىڭدىن ئۈرۈمچى.

ئۇلۇغ بوغدا ئانامنىڭ ئەترە - رەيھان گۈلىسەن،
ئەتەڭ پارلاق قۇياشتەك يەنە چاقناپ كۈلىسەن،
گۈزەل بەختىڭ نامايان باھارىڭدىن ئۈرۈمچى.

سېنىڭ گۈلگۈن يۈزۈڭدىن ئوت تۇتاشتى يۈرەككە،
گۈلگە ئوخشاش ئېچىلىپ يەتتىڭ ئارزۇ - تىلەككە،
ئىلھام ياپراق تاشلىدى چىنارىڭدىن ئۈرۈمچى.

سۆيدۇم سېنى مەڭگۈگە شەيدا بولۇپ جېنىمدىن،
ساڭا ئوتلۇق مۇھەببەت يالقۇنلايدۇ تېنىمدىن،
گۈل ئېچىلار كۆكسۈمدە خۇمارىڭدىن ئۈرۈمچى.

## ئايدىڭ ئاخشام چىرايلىق دۇنيا

ئايدىڭ ئاخشام چىرايلىق دۇنيا،
باغلار ئەترە دېڭىزى گويا.
مەن قارىسام يارنىڭ كۆزىگە،
مەۋج ئۇرىدى مۇھەببەت دەريا.

مەۋج ئۇرىدى مۇھەببەت دەريا،
مۇھەببەتتە قۇدرەت مۇھەييا.
ئاقتىم ئۇچقۇر دولقۇنلىرىدا،
دولقۇنلارغا بولدۇم بىر شەيدا.

دولقۇنلارغا بولدۇم بىر شەيدا،
ۋۇجۇدۇمدا تىلسىمات پەيدا.
قەدەم قويدۇم ئەجەب مەنزىلگە،
بۇ مەنزىلنى ئاي بىلمەس ھەتتا.

بۇ مەنزىلنى ئاي بىلمەس ھەتتا،
يورۇتسىمۇ جاھاننى تەنھا.
ئەل ئىشقىدا يانغان يۈرەكلەر
يورۇقلارنىڭ يورۇقى ئەمما.

يورۇقلارنىڭ يورۇقى ئەمما
ئەل دېيىلگەن ئۇشبۇ مۇئەمما.
بۇ ھېكمەتلەر باركەن كۆزۈڭدە
ئايدەك نۇرلۇق ئايدەك دىلرەبا.

ئايدەك نۇرلۇق ئايدەك دىلرەبا،
ئىككىمىز ئاي ئىككىمىز زىبا.
ئانا يەرگە سىڭىپ كېتىمىز
پاك قەلبلەر بىلمەيدۇ رىيا،

ئىككىمىز ئاي ئىككىمىز زىبا،
ئايدىڭ ئاخشام چىرايلىق دۇنيا.

## ئەنە ئاي

يۇلتۇزدەك چىمىرلاپ ئوينايدۇ قارلار،
زىمىستان دەھشىتى قىلالمايدۇ كار.
باغرىمدا بىر ئوت بار يېلىنجاپ تۇرغان،
ئۇ سېنىڭ پەرىشتەم ۋەسلى ئوت نىگار.

يىراق بىر چۆللەرنىڭ ھەشىمىتى ئۇ،
نۇرلىنار ئۇنىڭدىن يىراق بىر شەھەر.
قولىدا قاراتاش بولار مەرۋايىت،
ئىزىدا چاقنايدۇ بىباھا گۆھەر.

ئۇنىڭدەك يالتىراپ ياتسا ئۇپۇقلار،
ئۇنىڭدەك جانلىنىپ ياتىدۇ ياۋان.
قانداقچە سىغقاندۇ كۆزلەرگە زېمىن،
ئۇنىڭدەك ئاتىدۇ تاڭلارمۇ راۋان.

شولىدىن پۈتۈلگەن بىر ۋۇجۇد بەلكى
چاقنايدۇ ئالەمدە چاقنايدۇ تىنماي.
مۆجىزە يۈز ئاچار يارقىن قىيادا
يانىدۇ بىر سىيما پارلار ئەنە ئاي.

## ھىكمەت

گۈل ئېچىلماس باغدا ھەرگىز بۇلبۇل ئۈنىگە كۆيمىسە،
تاڭدا بۇلبۇل سايرىمايدۇ گۈلنى جاندىن سۆيمىسە.
گۈلخۇمارى دەپ ئۇنى ماختامدىكىن يارەنلىرىم،
گۈل ئۈچۈن مىڭ تولغىنىپ گۈلنىڭ يولىدا ئۆلمىسە.
گۈل بىلىپ سۆيمە بۇرادەر ھەپىرەڭنى بىۋاپا
كۈنۈ - تۈن تارتىپ پىراق كۆيگىنىڭنى بىلمىسە.
بولما يار باقما ئاڭا كەتكىن يېنىدىن پەش قېقىپ،
يىغلىساڭ يىغلاپ ھامان كۈلسەڭ ئەگەردە كۈلمىسە.

## ساڭا خاس

چۆمۈلەي كۆزلىرىڭ ئۈممانلىرىغا،
كۆمۈلەي چاچلىرىڭ ئورمانلىرىغا.
سۆيگۈنىڭ بابىدا ھارام نەرسە يوق،
لىشانىمەن كىرپىكىڭ قورغانلىرىغا.

ساڭا خاس يۈرىكىم ئەقىدەم، مېھرىم،
سەن بىلەن يورۇقتۇر ئالەمدە چېھرىم.
سەن بىلەن ئۆلۈكتۇر بەقۇۋۋەت ئەجەل،
سەن بىلەن تىرىكتۇر مۆجىزەم، سېھرىم.

## ئايدەك جامالىڭ كۆرگىچە

تاقىتىم تاقتۇر مېنىڭ ئايدەك جامالىڭ كۆرگىچە،
سۆيمەن جاندىن سېنى تا ئۆلگىچە، تا ئۆلگىچە.
سورىماي كۆڭلۈمنى ئالدىڭ پەرۋانىمەن، سەرسانىمەن،
سەن بىلەن بىللە باراي ھەتتاكى كۈلۈ - چۆلگىچە.
ئىككىمىزنى ئايرىماق تەستۇر پەلەككە ئەمدى بەك،
ئۆلگىنىم ياخشى ئىرۇر دەمنى دەمدىن بۆلگىچە.

## كۈلكىگە ئايلاندى بىزنىڭ بۇ جاھان

قاپقارا كۆزۈڭدىن كۈلكە ئاقتۇرۇپ،
تىكىلسەم كۆزۈڭدە پارلىدى چولپان.
يىپەكتەك نۇرلارنىڭ شەرھى نېمىدۇر؟
ئاشۇنداق يانامدۇ چۆلدىكى گۈلخان؟

ئاستىلاپ كۆيمەكتە بۇ تېنىمدە جان،
چىدىماي ئاخىرى كۆتۈردۈم پىغان.

ئېچىلدى غۇنچىدەك غۇنچە لەۋلىرىڭ،
كۆڭلۈمدە تۇغۇلدى ئىشەنچ شۇ ھامان
تۇيغۇلار قۇش بولۇپ
ئۇچۇشتى بىر ئان،
گۈلشەنگە ئايلاندى بىر باقسام ياۋان.
سەن كۈلۈپ قارىدىڭ مېنىڭ كۆزۈمگە
كۈلكىگە ئايلاندى بىزنىڭ بۇ جاھان.

## زىبا دەيمەن

سۆيۈپ دىلدىن سېنى جانان ئېتىڭنى دىلرەبا دەيمەن.
خىيال ئىلكىدە ھەر كۆرسەم قەدىرلەپ مەرھابا دەيمەن.
ئەگەر كەلسەڭ ھۇزۇرۇمغا ئىزىڭدىن چاچرىتىپ خۇش ھىد
كۆزۈم قاماشتى ۋەسلىڭدىن تېنىمگە نۇر - زىبا دەيمەن.
تولۇن ئايدەك كۈلۈپ تۇرغان سېنىڭ گۈلگۈن جامالىڭنى
مېنىڭ دەردىمگە ھەرگىزمۇ تېپىلماس بىر داۋا دەيمەن.
ساڭا قەلبىمدە ئالەمچە مېھىر دەرياسى دولقۇنلاپ،
سېنىڭ ئىشقىڭدا ھەر دائىم ئاقار چەكسىز ۋاپا دەيمەن.

## مايتاغ ھۆسنى

ئالتۇن رەڭلىك شەپەق نۇرى چېچىلغان چاغدا،
چارىباغقا ئوخشىتىمەن مايتاغ ھۆسنىنى.
شۇنچە گۈزەل تۇس ئالامدۇ ساپ تەر تۆكمىسە،
مەرد ئىشچانلار گۈللىتىشكە ئۇنىڭ كۆكسىنى.

خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك قوغلىشىپ ھەر تاڭ،
زاۋۇت تامان ھەممە بىردەك سەپ تۈزۈپ ئۈزەر.
سېخلار ئايرىم، ئىشلار ئايرىم نىشان - غايە بىر،
شۇڭا ھەركىم ئۆز ئىشىدا قوچار شان - زەپەر.

## ئانا

تەرىپىڭ تىللاردا تۈگىمەس داستان.
ئالەمدە ھەممىدىن ئۇلۇغ سەن ئانا.
سېنىڭسىز كۈلمەيدۇ مۇقەددەس ھايات،
گۈلمەيدۇ بۇ بەرھەق كائىنات يانا.

سەن بىلەن دۇنياغا كۆز ئېچىپ ياشناپ،
ۋەتەنگە تەر تۆكەر تومەتىمىڭ رەنا.
تەرىڭدىن ھاياتلىق گۈلگە پۈركىنىپ،
ئىنسانلار ئۆمرىدىن تاپىدۇ مەنا.

غۇرۇرى، پەخرى سەن ھەممە ئىنسانىنىڭ،
سەن شۇڭا ئۆزۈڭنى بەختلىك سانا.
ھاياتلىق زېمىندۇر، سەن چەكسىز دېڭىز،
مېھرىڭدىن سۇ ئىچەر يۈرەكلەر گويا.

ياشنايدۇ ئەبەدىي بەختىڭ گۈل بولۇپ،
ھۆر دەۋران بولغاچقا ساڭا باش پانا.
ھاياجان ئىلكىدە كۈيلىدىم سېنى،
قەلبىمدىن ئۇرغۇغان ناخشامدا گويا.

## ئۆرلە قاراماي

ناخشا ئېيتتىم چىگىنىز تېغى باغرىدا،
قاراماي‌غا زوقۇم كېلىپ تاڭ سەھەر.
گۈزەللىكى يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ،
مېنى زەپمۇ مەپتۇن قىلدى بۇ شەھەر.

دەشت ئىدى ئەينى چاغلار كۆرگەندە،
شۇنى ئەسلەپ تۇرۇپ قالدىم بىر مەھەل؛
بۈگۈن كۆرسەم گۈزەل شەھەر تۇرۇپتۇ،
مەرد يىگىتلەر شىجائەتتە باغلاپ بەل.

چىن يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان سۆزۈم بۇ
مەنزىلسىرى ئۆرلە - يۈكسەل قاراماي.
ئۆمۈرۋايەت سەيلىگاھى بوپ قالسۇن،
بارچە ئەلنىڭ دىل قەسرىدە مۇشۇ جاي.

## پەرىزات ئىشقى

قارىسام ئاجايىپ گۈزەل چارباغ
قونۇپتۇ بۇ چىگىنىز تاغنىڭ كۆكسىگە.
بىلمىدىم كۆچكەنمۇ گۈزەللىك قەسرى
ئەسىر بوپ جۇڭغارنىڭ كۆركەم ھۆسنىگە.

نەگۈلشەن، نەقەسىر ئەمەس كۆرگىنىم،
ئىشچانلار ئەجرىدىن كۈلگەن بىر شەھەر.
ئويغىنىپ قەلبىمدە، پەرىزات ئىشقى،
كۆڭلۈمنى ئىلكىگە ئالدى شۇ قەدەر.

## سېغىنىپ ئەسلەيمەن ھەر جايدا سېنى

چەكمىگىن سەھەردە يۈرەك تارىمنى،
جۇڭغاردىن ئۇرغۇغان مەيىن شاماللار.
كەتمەكچى بولغانتىم باغرىڭدىن شۇدەم،
چۇلغىدى قەلبىمنى چەكسىز خىياللار.

خىياللار ئەۋجىدە ياندى نۇرلىنىپ،
ياش كۆڭۈل - كۆكسۈمدە قاراماي چېھرى.
خەيىر دەپ ئايرىلدىم، قالدى سېنىڭدە
يالقۇنلۇق يۈرەكنىڭ ئۆزۈلمەس مېھرى.

ئىشقىڭدىن گۈل تۇتۇپ ئىلھام پەرىسى،
ئۈندىسە جىلۋە قىپ نەزمىگە مېنى.
ئىجاد ۋە مېھنەتتىن گۈل دەستە تىزىپ،
سېغىنىپ ئەسلەيمەن ھەر جايدا سېنى.

## ئانىلار ئەجرىسىز كۈلمەس بۇ ھايات

ئانىلار ئەجرىسىز كۈلمەس بۇ ھايات،
ئانىسىز ھەم روناق تاپماس بۇ ھايات.
سېنىمۇ بۇ كۈنگە يەتكۈزگەن ئانا،
ئۇنىڭسىز بۇ ئالەم نە بولسۇن ئاۋات.

مانا بۇ ھەقىقەت، بىلىپ يەت دوستۇم،
تەۋەللۇت ئۇنىڭدىن ئادەم دېگەن زات.
ئۇنىڭدىن چەكسىز بىر مېھىر چېچىلار،
شۇڭا ئۇ تەڭداشسىز ئۇلۇغ مۆجىزات.

كۆتۈرگىن بېشىڭدا بىلىپ قەدرىنى،
مانا بۇ ئانىڭغا ئالەمچە سوۋغات.
ھاياتتىن شادلىنىپ قەلبى تائەبەد،
ئۆمرىنى سۈرسۇن ئۇ چەكمەستىن پەرياد.

## گۈل

يارىم سۇندى قىزىلگۈلنى تاڭ سەھەر
بۇ كۆڭلۈمنىڭ سوۋغىتى سىز ئېلىڭ دەپ.
گۈلنى ئېلىپ يار قولىدىن، دېدىم مەن
كۆكسۈم باھار، سىز گۈل بولۇپ قېلىڭ دەپ.
ھايات شۇنداق ئۆتسە دەيمەن بىلسىڭىز،
ئىككى قەلب بىر - بىرىگە قۇت ئىزدەپ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

## كۆيىمەن

تارتىدۇ مېھرىمنى سېھرىي كۈچ بىلەن
كۆڭلۈمدە جىلۋە قىپ بىر ساھىبجامال.
خىيالىم ھەر دەقىق ئىنتىلەر ئاڭا،
خىسلىتى ئەقلىمنى قىلغاچقا قامال.
بىلسەڭىز يۈرەكتە يارنىڭ ئوتى بار،
كۆيىمەن كۆيمەسكە بار نېمە ئامال.

## نىگارغا

ئەي نىگار ھەر كۆرسەم سېنى پىنھاندا،
بىلمەيمەن يۈرىكىم دولقۇن ئۇرىدۇ.
كۆمۈلسەم يەلپۈنگەن چاچلىرىڭغا مەن
شۇندىلا يۈرىكىم قېنىپ تۇرىدۇ.
يازغىنىم يۈرىكىم، ئەقىدەم - مېھرىم،
قەدىرلە سۆيگۈنى ئاددىي ئىش دېمە.
چۈشەنسەڭ ئەي نىگار بولالمايدۇ تەڭ
تۇرمۇشتا مەن ئۈچۈن ساڭا ھېچنېمە.

ئالىيە مۇسا

# ھايات قايناق، گۈزەلدۇر دۇنيا

## گۈل ئۆستۈ زېمىننى سۆيۈپ

گۈل بەرگىدە سېھرىي بىر جىلۋە،
چاقنار گويا يېشىل بىر زىيا.
كۈلدى ئىنسان، كۈلمەكتە زېمىن،
ئاي زېمىنغا باقىدۇ قىيا.

زېمىن گۈلى ئېھتىمال ئىنسان،
كۈلكىسىگە قالغان كۆك كۆيۈپ.
گۈلى بىلەن يايرايدۇ زېمىن،
گۈل ئۆستۈ زېمىننى سۆيۈپ.

## مەۋجۇدات سۆيگۈسى

كۆكنىڭ ئېسىل جاۋاھىرلىرى،
تاڭ قالماڭلار كۆزۈمنى قىسسام.
شۇنچە ئېگىز تۇرغان يېرىڭلار،
ھېچ يەتمەيدۇ، قولۇمنى سۇنسام.

سۆيگۈ ئىزدەپ مېنىڭ بۇ كۆڭلۈم،
كەزگىنىدە ئالەمنى تامام.
كەتتىڭلارغۇ تەكشى جىمىرلاپ،
قىلماقچىدەك شېرىن خوش كالام.

سىلەر بەلكى سۆيگۈگە ئىلاھ،
يىراق مەنزىل ساما چېتىدە.
تۇرار مەڭگۈ نۇرلۇق جىلۋەڭلار،
ھاياتىمنىڭ ھەر بىر بېتىدە.

خىياللىرىم قاقىدۇ قانات،
گاھ سامادا قونۇپ قالىمەن.
جىلۋە قىلغان ھەر مەۋجۇداتتىن
بىر سۆيگۈنى تونۇپ قالىمەن.

## ئۆگدەپ ياتقان قارلىق چوققىلار

پەر ياستۇققا قويۇپ بېشىنى،
ئۆگدەپ قاپتۇ قارلىق چوققىلار.

قۇياش ئۇلى بىزەيدۇ ئاپئاق،
بۇلۇت ئۇلى تامام يوق قىلار.

كۈن يېنىدا تۇرغاندىمۇ ئۇ،
بوستانلارغا باقىدۇ قىيا.
كۈلۈپ كېتەر سەتەڭ ياپراقلار،
پەنجىسىدە چاقنىغان زىيا.

ئۈيقۇسىدىن ئويغىنار چوققا،
چېكىسىگە گۈللەرنى قىسىپ.
ئۇ ياشايدۇ بەرگەچكە بەدەل،
يېشىللىقنى باغرىغا بېسىپ.

## كىچىككىنە يېشىل يوپۇرماق

كىچىككىنە يېشىل يوپۇرماق،
ئارمان ئاڭا سايىۋەن بولماق.
سايىسىدا كۈلسە گۈل يۈزلەر،
بولۇپ كېتەر تېخىمۇ ئوماق.

كۆيەر تېنى تومۇز ئاپتاپتا،
تۆككەن كۈيى تېخىمۇ ياڭراق.
ئۆزۈن ئۆمۈر تىلەيدۇ دائىم
سايىلەرگە يېشىل يوپۇرماق.

ئىستەكلىرى پارلاق تاڭ كەبى،
ئەجرىمۇ ھەم يۈكسەكتىدۇر باق.
پاكىز بولسۇن ھەر قانداق شەيئى
ئالەم بولسۇن يېشىل يوپۇرماق.

## سابالاردىن سورىدىم سېنى

دەريا ئاقار كۆۋەجەپ ئاستا،
ھاۋۇقۇلىدا مەست قىلىپ مېنى.
گۈللەر بىلەن سۆيۈشكەن مەيىن
سابادىن مەن سورىدىم سېنى.

ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ ھاۋادەك،
ئاشىق قىلدىڭ ئۆزەڭگە مېنى.
يىراقلارغا سەپەر چەككەندە،
سابالاردىن سورىدىم سېنى.

گۈل ئالغاندەك ئېلىپ مەيلىمنى،
باھار قىلدىڭ جۇدۇن پەيلىمنى.
قوغدىغاندا ئانا يېرىمنى،
سابالاردىن سورىدىم سېنى.

## نەدە قالدىڭ شوخ سەبىيلىكىم

تولغىنىمەن تۈيغۇلار تۈيغۇن،
گاھ باقىمەن كۆكتىكى ئايغا.
ئىنتاسىلىقمۇ بىر كۈيدۇر بەلكىم،
تەلپۈنىمەن ئايدەك چىرايغا.
تۈندە بولار يۇلتۇز بۆشۈكۈم،
نەدە قالدىڭ شوخ سەبىيلىكىم.

ئەتىلەرنى چۈشىدىم تالاي،
ئۈمىدلىرىم بىخ سۈردى كۆركەم.
سۆيگۈ كۈلەر ئالتۇن ئۇپۇقتا،
كۈلەر ئاسمان، زېمىن ۋە ئۆلكەم.
ئۈمىد بىلەن يايىرار يۈرىكىم،
نەدە قالدىڭ شوخ سەبىيلىكىم.

خۇشال بولۇپ گاھى بىر كۈلسەم،
گاھ مەيۈسلۈك كىرەر ئۆيۈمگە.
ھىجرانلاردىن چەككەن پەريادىم
ئايلىنىدۇ سۆيگۈ كۈيۈمگە.
تۈندە بولۇر يۇلتۇز بۆشۈكۈم،
نەدە قالدىڭ شوخ سەبىيلىكىم.

## ئۇستاز مەدھىيەسى

ئۆتتى يىللار، ئۆتتى ۋاقىت تۇيدۇرماي،
ياز بىلەن قىش ئالمىشىدۇ بىر تىنماي.
ئۇ ئۆتكۈزدى پەسىللەرنى كۆزىتىپ
تۈنگە ئوخشاش چاچلىرىغا قوندى ئاي.
چەكسىز كەتكەن يېشىل قۇچاق دەرەخزار،
مەغرۇر،ھەيۋەت تۇرار ئۇندا بىرشەمشاد.
ھاياتىنى سىنىپلاردا ئۆتكۈزگەن
بىر سىيمانى ئەسكە سالار ئۇ ھەيھات!
ئۇنىڭ ئەقلى، زېھنى، جۇشقۇن ياشلىقى
سىڭدى نۇردەك شۇ ئۈمىدلىك كۆزلەرگە.
كۆزلەر، كۆزلەر ھېكمەتلەرنى سۆزلەيدۇ،
تەڭداش يوقتۇر ئالەمدە بۇ سۆزلەرگە.
دوسكىلاردىن توزۇپ تۇرار ئاق توزان،
توزىمايدۇ ئۇنىڭدىكى تىلەكلەر.
دانكونىڭ دە ئۇنىڭدىكى ئوت يۈرەك،
خىزىرنىڭ دە ئۇنىڭدىكى بىلەكلەر.

## قۇياشقا

يورۇتۇپ تۇرۇدۇ جىمى ئالەمنى
ئۇلۇغۋار، مۇقەددەس، مېھرىبان قۇياش.
بەرگىنى ئۈچۈن ئۇ ئالمايدۇ بەدەل،
بۈيۈكلۈك سېپىگە بولۇپ ھامان باش.

ئاجايىپ خىسلەتلەر تامار ۋەسلىدىن،
شاھ ۋە قۇل، گۈل تىكەن ئۇنىڭغا
ئوخشاش.
يوق ئۇندا رەشك ۋە ئالا نىيەتلەر،
شۇڭا ئۇ ئالەمدە مەڭگۈ نۆۋەر، ياش.

تۇرسىمۇ نۇر تۆكۈپ ئالەمگە دائىم،
دېمەيدۇ ھەرگىزمۇ ئىشلىدىم ئەجەب.
ناۋادا ئوخشىساق ھەممىمىز ئاڭا،
كېتىدۇ بۇ ئالەم ھۆپپىدە گۈللەپ.

## نۇرغا ئوخشاش، قۇياشقا ئوخشاش

تاڭلار بىلەن زېمىننى سۆيۈپ
تۇغ قادىدى ئاسمانغا قۇياش.
بىر دېمى تەڭ تاغدەك ئەجىرگە
ئەجدادلىرىم قۇياشقا ئوخشاش.

سۆيگۈ باردۇر تاڭ شامىلىدا،
ئېچىلدۇرغان رەڭگا رەڭ گۈلنى.
گۈل تاراتقان خۇش بۇي تىنىقلار
باشلىۋەتتى ئوتلۇق بىر كۈينى.

ھايات قايناق گۈزەلدۇر دۇنيا،
تەردىن گۈللەر ئۈنۈدۇ تاشتا.
شامغا ئوخشاش ياشىغانلار كۆپ،
ئۆزگىلەرنى كۆتۈرۈپ باشتا.

نەۋرىسىنى يېتەكلەپ بوۋاي
نۇر ئىچىدە كەلمەكتە ئەنە.
مۇقەددەستۇر تونۇگۈن، بۈگۈن
ئالتۇن ئىزلار قىلار تەنتەنە.

تاڭلار بىلەن زېمىننى سۆيۈپ
تۇغ قادىدى ئاسمانغا قۇياش.
گۈللەتكەنلەر ئانا يېرىنى،
نۇرغا ئوخشاش،
قۇياشقا ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com

## سۆيگۈ دېگەن ناخشامدا...

يۈرىكىمدە دولقۇنلىدى گۈزەل كۈي،
سۆيگۈ يۈتتى يېتىمقاشنى، ياتلىقنى.
ئالەم ماڭا سەبىيلەردەك تۇيۇلار،
دېگىز دەڭلار يۈرەكتىنكى شادلىقنى.

ئاسمان بويلار خىياللىرىم پەرۋازى،
شېرىن چۈشنىڭ نۆۋىتى بار ئاخشامدا.
ئۇلۇغلىنار ھايات، ۋاپا، ئادەملىك
مەن كۈيلىگەن سۆيگۈ دېگەن ناخشامدا.

## چۈنكى مەن بىر چاغلار سېنى چىن سۆيگەن ...

*

قارىدىم ئۈپۈققا، باقتىم يولۇڭغا،
تەلمۈردۈم ھەممىگە شۈنچە ئىنتىزار.
ئاسماندىن ئىزدىدىم مەن سېنى ھەتتا،
بىلمىدىم نېمىدىن ئىسپكىن دىدار.

قايتىشتى تۇرنىلار قايتىشتى قۇشلار
ھۆپپىدە گۈللىدى ئۆرۈكلەر تامام.
كەتكەنلەر كېلىشتى، كېلىدۇ جەزمەن،
دەپ سېنى تەلمۈرۈپ كۈتىمەن جانان.

كەلمىدىڭ يەنىلا ئۈچتۈك كۆزۈمدىن،
تۈگىسۇن دېگەنگە تۈگىمىدۇ ھەسرەت.
تۈگىمىدۇ يۈرەكنىڭ تەلپۈنۈشلىرى
تۈگىمىدۇ دىلدىكى ئىزگۈ مۇھەببەت؟

كەتكەنلەر كېلىدۇ، كېلەرسەن بىر كۈن
كەلگەندە تاڭلاردەك ئاق يوللۇق پۈرسەت.

ئەپكەتكىن ھىجراننى، دەردلىك كۈتۈشنى،
يېتىدۇ قالىسلا ماڭا بىر جۈرئەت.

قەيەردە بولساڭمۇ بولغايسەن ئامان،
مەن ساڭا ئەبەدىي ئاق يول تىلەيمەن.
دېمەيمەن ھەرگىزمۇ سېنى بىۋاپا،
چۈنكى مەن بىر چاغلار سېنى چىن سۆيگەن...

## يات دېمە مېنى

كۆزۈڭدىن كۆزۈمنى ئىزدەپ تالمىدىم،
سېنى دەپ بىردەممۇ ئارام ئالمىدىم.
كۆزۈمنىڭ نۇرىسەن، يات دېمە مېنى،
سايىدەك ئەگەشتىم، سەندىن قالمىدىم.

ئۆزگىلەر گۈل سۈندى ياق دەپ ئالمىدىم،
بەزمىگە چىللىدى خۇش دەپ بارمىدىم.
ئۆزۈڭنىڭ باغرىمەن، يات دېمە مېنى،
ئىشقىڭدا بۇلبۇلدەك تىنماي سايرىدىم.

سېنى دەپ كۈنلەرنى تۈندىن ئايرىدىم،
نۇرلارنى نۇرۇڭ دەپ نۇردەك ياييرىدىم.
سەن مېنى يات دېمە، جىگەر پارەڭمەن،
مەن سېنى مېھرى ئوت، چېھرى ئاي دېدىم.

## كۆچتى مېنىڭ يۇلتۇزۇم قايان

تامچە ـ تامچە ياشلار ئېقىتىپ،
ئىسمىڭ ئاتاپ باقىمەن ھەريان.
سۈرىتىڭگە قانماي قارايمەن،
چۈشلىرىمدە بولسۇن دەپ ئايان.

كۆزۈم خۇنۇك پەردە تارتقاندەك،
يۈرەكلىرىم بولدى لەختەقان،
بىلەلمىدىم نەھال بولدىكىن،
كۆچتى مېنىڭ يۇلتۇزۇم قايان؟!

## سۈبھى بىلەن كۈلدى شادلىقىم

قۇياش قېنىپ زېمىننى سۆيسە،
داغلانغاندەك تىترەيدۇ تېنىم.
ئاي مارىغان جىمجىت كېچىدە،
يۈزلىرىمنى يۇيار ياشلىرىم.

سېلاپ ئۆتسە يۈزۈمنى شامال،
قوزغىلىدۇ تاتلىق ھېسلىرىم.
بىلسەڭ يارىم سەلكىن شامالدا
باردۇر مېنىڭ ئوتلۇق تىنىقىم.

قارا باسقان ئۇزاق تۈنلەردە،
قورقۇنچلۇق چۈشلەر چۈشەپتىم.
كۆزۈمنى ئاچسام يېنىمدا سەن يوق،
سۈبھى بىلەن كۈلدى شادلىقىم.

## تۆيۇقلار

ھايات سەھنىسىدە ئادەملەر باس-باس،
ياشاشچۇن سەن ئۆزۈڭ يولنى تاللاپ باس.
شەرمى ھايا، ئەخلاق چېچەكلىرىنىڭ
ئۈلگىسىنى تاللاپ ئېلىپ يۈرىكىڭگە باس.

* *

دۇنيا گۈزەل، دۇنيا رەڭدار، ئوبدان قارا،
ئۆزۈمچىلىك قەلبىڭنى قىلمىسۇن قارا.
ئەجدادلار مۇساپىسى ئۇلۇغ، شەرەپلىك،
ئەلگە تۆككەن ئەجرىنىڭ تەپتى ئوت، قارا.

* *

ئارىمىزدا ساناقسىز نامسىز باتۇر بار،
ئۈلگە قىلىپ سەن ئۇلارنى قايناق جەڭگە بار.
مۇشكۇل يولدا يىقىلىپ يېتىپ زارلانماي،
شۇجايىڭدىن دەس تۇرغىن، ساڭا پۇرسەت بار.



مەھەممەت ئەيسا

# ئىلتىجا

(ھېكايە)

زەپەر ئاكا بۇگۇن ئىشتىن ئادەتتىكىدىن كېچىكىپرەك چۈشۈپ ئۆيگە كەلدى. ئۇنىڭ كەيپى چاغ بولۇپ، گويا يېشىغا يېنىپ تېتىكلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. لەيلىخان ئاچا سامساق ۋە ئاش كۆكىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرغان چۆچۈرىنى يۇمىلاق شىرە ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەندىمۇ، ئۇ يارىشىملىق ئۆسكەن بۇرۇتىنى سىيلاپ، نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. لەيلىخان ئاچا يولدىشىدىكى بۇ غەيرىي ھالەتنى كۆرۈپ سەل ئەجەبلەندى.

— ۋۇي ماۋۇ ئادەمنى، «قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق» دېگەندەك قېرىغاندا سىلىگە نېمە خىيال كىردى؟ مۇشۇ كۈنلەردە مەن نېمە كويىدا، سىلى نېمىنى ئويلاپ يۈرۈۋاتىلا؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن. زەپەر ئاكا لەيلىخان ئاچىنىڭ زەردە بىلەن قىلغان بۇ گەپلىرىدىن ئېسىنى يىغىپ ئايالىغا قاراپ ھىجايغىنىچە كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن:

— ھەي ئانىسى، بۇگۈن كەچلىكنىلارنى مۇشۇك ئېلىپ قاچقاندەك ئاچايىپ بىر قىسىملا بولۇپ قاپسىلەرغۇ، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، ئالدى بىلەن ماۋۇ كوركۇراۋاتقان قورساققا بىر نەرسە دەۋېتىپ، ئاندىن ھەرقانداق گەپ بولسىمۇ دېيىشمەيمىزمۇ، قېنى تاماقنى يەڭلا، — دېدى-دە، ئالدىدىكى چىنىنى قولىغا ئالدى.

تاماق يەۋاتقان زەپەر ئاكىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل خۇشاللىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ تاپا-تەنىلىرىگە پەرۋا قىلماي، سېختىكى ئەۋرەز يوللىرىنى، تازىلاشقا ئىشلىتىدىغان ماشىنىنىڭ بېسىم كۆتەرگۈچىنىڭ كېرەكتىن چىققان كلاپانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىپ، نەچچە مىڭ يۈەنلىك رېمونت چىقىمىنى تېجەپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈن زاۋۇت رەھبەرلىكى ئۇنى ئالاھىدە تەقدىرلىدى. زاۋۇت تېخنىكا باشقارمىسى ئۇنىڭغا «ھۈنەر-سەنئەت ماھىرى» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى بەردى.

لېكىن لەيلىخاننىڭ قۇلىقىغا بۇ

گەپلەر ئانچە خۇش يېقىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ زەپەر ئاكىنىڭ بۈگۈنكى خۇشاللىقىدىن پەرۋايى پەلەك، شۇ تاپتا ئۇ قىزىنىڭ بولغۇسى تويى توغرىسىدا سوققان چوتلىرىنى زەپەر ئاكىغا تىزىرەك كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەقلىگە ئۇنى تازا بىر قايىل قىلىۋېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى. دېمىسىمۇ قايسى ئانا ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان قىزىنىڭ ئۆمۈر سودىسى — بەختى ئۈچۈن كۆيۈپ پىشمايدۇ، مەۋجۇدەدەك بىر قىزنى ئەلنىڭ كۆزى چۈشكىدەك قىلىپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن قانچىلىك ئەجىر كېتىدىغانلىقىنى ئانا بولغۇچىلار ئوبدان بىلىشىدۇ.

تاماق يېيىلىپ بولدى. لەيلىخان قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن يېنىك بىر يۆتىلىپ قويۇپ، ئېغىز ئاچتى:

— دادىسى، سىلە شۇ ئەتىۋارلىق قىزىمىز مەۋجۇدەنىڭ دادىسى بولغاندىكىن بۈگۈنچە شۇ سېخىنىڭ تۆمۈر - تەسەككۈرىنىڭ گېپىنى قىلماي تۇرۇڭلار، ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ قىزىمىزنىڭ تويى ئىشى توغرىلىق ئوبدانراق مەسلىھەتلىشىۋالايلى. بولمىسا ئەلچىلەر بۇ توغرىلىق ئېغىز ئېچىپ قالسا گېپىمىز بىر يەردىن چىقماي زىيان تارتىپ قالمايلى يەنە!

— يەنە شۇ تويىنىڭ گېپىمۇ؟ تېخى ئۈلۈشكۈنلا بۇ ھەقتە خېلى ئوبدان سۆزلەشكەنتۇققۇ؟ — دېدى زەپەر ئاكا لەيلىخان ئاچىنىڭ گەپلىرىدىن ئەجەبلەنگەندەك بولۇپ، — مەن تېخى نېمە ئىش بولدىكىن، دەپتىمەن.

— ھەي، ماڭا قارىسىلا، سىلى تويىنى ئۇنداق ئەل قاتارى، بۇنداق ئەل قاتارى، ئاددىي - ساددا قىلسەڭ دېگەنلىرى بىلەنچۇ، خەق سىلىنى بىر تىيال قىزىنى چوڭ قىلىپ، جامائەتكە تۈزۈكرەك داستىخانمۇ سالالمىدى، دەپ ئەيىبلەيدۇ. ھازىر ئۇنداق تەشۋىقاتلارچۇ، پەقەت ئېغىزدىكى گەپ. رادىئو، تېلېۋىزور، گېزىتلەر شۇنداق گەپلەرنى تەشۋىق قىلمىسا، نېمە ئىش قىلاتتى، قېنى، كىم شۇ بويىچە ئىش قىلىپ بېقىپتۇ؟ سىلىمۇ خېلى كۆپ تويلارغا بېرىۋاتىلا، خەق نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، كۆز سالمىدىلىمۇ؟ سىلە مېھماننى مانچىدىن ئاشۇرمايمەن، دېگەنلىرى بىلەنچۇ تۈنۈگۈن توي قىلغان ياشلارمۇ بۆشۈك تويلىرىغا بەش - ئالتە يۈز، سۈننەت تويلىرىغا يەتتە - سەككىز يۈز، بەزىلىرى مىڭدىن ئوشۇق باغاق تارقىتىۋاتىدۇ. كۆز دېگەننى مۆلدۈرلەتىپ يۈرگەن بىلەنلا ھېساب ئەمەس، ئەتراپقا بېقىپ ئىش قىلىش كېرەك، تويىنى سىلى دېگەندەك قىلىپ قويۇپ، ئەتىسى «ئىشىنىڭ ئېپىنى ئۇقمايدىغان ئەخمەقلەر، قىزىنى شۇنچە چوڭ مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، يوقلاڭ بىر نېمىگە بېرىۋەتتى. بۇنداق قىلغىچە، قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپلا قويسىچۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن ئۆلگەن ياخشى. ئۆزلىرىمۇ ئوبدانراق ئويلىنىپ باقسىلا، ھازىر كىشىلەر بىز چوڭ بولغان زاماندىكىدەك ساددا ئەمەس. زېھنىغا ئۆشكە قويۇشىدۇ. ئۆشكە ...

زەپەر ئاكا ئالدىنقى كۈنى ئىككىيلەن خالىي ئولتۇرۇپ توي ھەققىدە سۆزلەشكەندە ئۆزىنىڭ مەسلىھەتلىرىگە قارشىلىق قىلماي قوشۇلغان قەدىناس ئايالىنىڭ بىر كۈندىلا باشقىدىن خىيال

چىقىرىپ، تويى ھەققىدە ئاپتوماتتەك چاۋىلداپ سۆزلەپ كەتكىنىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى.

* *

لەيلىخان ئاچا ئالدىنقى كۈنى زەپەر ئاكا بىلەن مەۋجۇدەنىڭ تويى ئىشى توغرىلىق مەسلىھەتلەشكەندە، يولدىشىنىڭ تويىنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى مەسلىھەتىگە قوشۇلغان، بىراق كۆڭلى خۇددى چىۋىن يەۋالغان ئادەمدەك بىر قىسما بولۇپ قالغانىدى.

ئەينى چاغدا ئۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھە ـ ھۇسى بىلەن كۆرەش مېۋىسى دەپ تارقىتىپ بەرگەن ئىككى ئېغىز ئۆي، ئۈچ مو يېرىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق زەپەر بىلەن تاپقان ـ تەرگىنىنى يىغىپ ئالغان بىر كىيىملىك شەيتان تېرىسىنى تويلۇق قىلىپ، بىر قازان سۇيۇقئاش بىلەن ئاددىيلا توي قىلغانىدى. ئۇلار توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي تاغ ئارقىسىغا يەر يېغى تارتىدىغان ئىشچى ئالىدىكەن، دېگەن گەپ چىقتى. جاھان كېزىپ شەھەر كۆرۈش ئىشتىياقىدا يۈرگەن زەپەر ئاكا 20 نەچچە كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ ناھىيە بازىرىغا كېلىپ بۇ خەۋەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىق ـ تىڭشاپ كۆردى. «ئىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك، موللىدا ئوقۇپ ئاز ـ پاز خەت ساۋاتىنى چىقارغان زەپەر رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە تونۇشتۇرۇشى بىلەن بۇ كونا نېفىت كانىغا كەلدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي لەيلىخانىمۇ قېشىغا ئېپكىلىۋالدى، ئۇلار يېڭى مۇھىتتا يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى. دەسلەپتە كاندا ئۆي يېتىشمىگەچكە ئۇلار خىزمەتداش ۋە يۇرتلۇقلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئېغىز كەمە ئۆي ياساپ شۇنىڭدا ئولتۇردى. ئەتراپ قاقاسلىق، ئولتۇرۇشى كەمە بولسىمۇ، ئاراق ئەر ـ خوتۇن ئۈچۈن بۇلار ھەرگىزمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيتتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ لەيلىخان بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنۈپ، زەپەرنىڭ خىزمەتداشلىرى، تونۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن خېلى ئوبدانلا چىقىشىپ قالدى. بۇ جەرياندا بۇرۇن كۆرمىگەن نى ـ نى ئىشلارنى كۆردى، بارغانسېرى كۆزى ئېچىلىپ، ئۆزىنى خۇددى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بارا ـ بارا ئۆزىنى بىر كىيىملىك شەيتان تېرىسىگە توي قىلغان لەيلىخان دەپ ساناشتىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆزىنىڭ شۇنداق بىر قەدىرسىز مەزلۇم بولۇپ قالغانلىقىغا ئۆكۈنسە، شۇ زاماندىكى مەدەنىيەتسىزلىك، قالاقلىقتىن ئەپسۇسلىناتتى. ۋاقىت ئاتقان ئوقتەك تېز ئۆتۈپ كېتەتتى. ھەش ـ پەش دېگىچە لەيلىخان ئىككى ئوغۇل، بىر قىزنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدى. ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ بولدى. ئەمدى بولسا ئەتىۋارلىق قىزى مەۋجۇدەنىڭ تويى توغرىلىق گەپ بولۇۋاتىدۇ. ھېلىقى بىر كىيىملىك شەيتان تېرىسى بىلەن توي قىلىدىغان جاھانلار كەلمەسكە كەتتى. ئەمدىلىكتە شۇ بىر تال قىزىنىڭ تويىنى تەشكىلىنىڭ چاقىرىقى دەپلا نەدىكى پەند ـ نەسىھەتلەرگە قۇربان قىلىپ



بەرسىڭىزمۇ؟!

ئۇ ئويلىغانسېرى بېشى قاتتى. ئاخىرى كۆڭۈل يېقىنلىرىدىن بىر نەچچىسىنى ئۆيگە چاقىرىپ مەسلىھەت سوراش قارارىغا كەلدى.

بۈگۈن زەپەر ئاكا بىلەن مەۋجۇدە ئىشقا كېتىپ ئۆي خالىي قالغاندىن كېيىن، لەيلىخان ئاچا ئالدىنقى كۈنى ئېيتىپ قويغان بىرنەچچە ئايالار ئەرلىرىنى ئىشقا، بالىلىرىنى مەكتەپكە يولغا سېلىۋېتىپ بىر ـ ئىككىدىن لەيلىخان ئاچىنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى. بۇ ئايالار مۇشۇ ئەتراپتىكى توي ـ تۆكۈنلەردە كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان يېڭى ـ يېڭى قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋايىغا يەتكۈزەلەيدىغان، تۆت ئېغىز گەپ بىلەن كىشىلەرنى ئېغىزىغا قارىتالايدىغان، ھەممە ئىشتا پىشىپ يېتىلگەن، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا «دانىشمەن» ئايالاردىن ھېسابلىناتتى. لەيلىخان ئاچا بۇ مېھمانلارغا چاي قۇيغاچ توي ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى ھەمدە زەپەر ئاكا بىلەن توينى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا قىلىشقان مەسلىھەتنى سۆز ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويدى. ئايالار چاي ئىچكەچ ئۇنىڭ گېپىنى زەن سېلىپ تىڭشىغاندىن كېيىن، بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، قاپاقلىرىنى بىلىندۈرمەي سۈزۈشۈپ قويۇشتى، بىر نەچچە مىنۇت جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئۇدۇل قوشنىسى تۇرانىخان:

— لەيلىخان، سىلىنىڭمۇ ئالتە قىزلىرى يوق، بىر قىزنىڭ توينى دېگەن خەقنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتكۈدەك قىلغۇلۇق، — دەپ گەپنى باشلىۋىدى:

— توغرا، ئاددىي ـ ساددا قىلىمىز دېگەن جاھان كۆرمىگەن مەتۈنىڭ گېپى، ئۇنداق قۇرۇق گەپكە چۈشۈپ قالغان قىز نەدىكەن؟ — دېدى يەنە بىرى، بۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغانلار ئېغىزى ـ ئېغىزىغا تەگمەي، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان مەسلىھەتلىرىنى بەرگىلى تۇرۇشتى:

— مەۋجۇدەنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتىمىز دەپ ئاز چاپا تارتىشمىدىلا، ئەمدى ـ زە، بالىلار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، دەپلا توينى يوقىلاڭ ھېسابتا قىلىپ بەرگىلى بولاتتىمۇ، توي دېگەننىمۇ چىدىغانغا چىقارغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئېتى توي ...

— تويلۇق كىيىم ـ كېچەكنىمۇ راۋۇرۇس ئالغۇزسىلا، ھازىر دېگەن چوكانلارغىمۇ ئالدىغان بولۇپ كەتتى. سايۇزنىڭ پەلتوسى، يازلىق، قىشلىق ئاياغلىرى، ئالتۇن جابدۇقلىرى جۈپى بىلەن بولسۇن ...

— يۇرتتىكى تۇغقانلارغا ئادەمگەرچىلىك قىلىشنى ئۇنۇتمىسىلا.

— ھوقۇق دېگەندىنمۇ جايىدا پايدىلانغۇلۇق، زەپەر سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شۇنىڭغا چۈشلۇق، خەق لېۋىنى يالاپ قالغۇدەك قىلىشسىلا!

— قۇدىلار ئوغلىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ، ئىككىسىنى ئۆمۈرۋايەت خۇشال-

خۇرام ئۆتسۇن دېسە بىز دېگەنىدەك قىلسۇن، شۇ چاغدا خەلقى-ئالەم ئالدىدا يۈز-ئابرويلىرى ئۆسىدۇ. قىز بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىمىز ھاردۇقى ئوبدانلا چىقىپ قالىدۇ...

ئايالارنىڭ گەپلىرى لەيلىخان ئاچىنىڭ كۆڭلىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. بۇلار ئۇنىڭغا بىر تۇغقان ئاچا-سىڭىللىرىدەك كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك مەسلىھەت بېرىشتى. ئۇ نېمىشقا بالدۇراق مۇشۇلارنى ئىزدىمىگەن بولغىيتتى-ھە، بولمىسا ئۇنچىۋالا بۇرۇختۇم بولۇپ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە خۇددى ئەڭگىزى ئېشىپ قالغان بالىغا قويرۇق مېيى خىل كەلگەندەك تازا يېقىپ، جاڭگالدا ئادىشىپ قالغان كىشى تۇيۇقسىز يول تېپىۋالغاندەك كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتتى-دە، يېرىمىلىشىپ قالغان داستىخاننى يەل-يېمىش، نازۇ-نېمەتلەر بىلەن قايتا تۇشقۇزۇۋەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئۇ بۇ ئەزىز مېھمانلارنى نازۇ-نېمەتلەرگە قايتىدىن زورلىغاچ بالىلىرىنىڭ دادىسى كەلگەندە تويىنىڭ مەسلىھەتىنى باشقىدىن قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

* *

زەپەر ئاكا لەيلىخان ئاچىنىڭ توي ھەققىدىكى يېڭىچە گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئايالىغا ئەجەبلىنىش، تېڭىرقاش ئىچىدە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىشتىن چۈشكەن چاغدىكى خۇشال كەيپىياتى نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى گويا يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈك بېسىۋالغاندەك تولىمۇ ھارغىن ھېس قىلىشقا باشلىدى. قەدىناس ئايالىنىڭ مەسلىھەتىنى بىراقلا رەت قىلاي دېسە، ھازىرقى تويلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتىدۇ، دېمىسىمۇ مەۋجۇدە ئۇلارنىڭ بىر تال ئارزۇلۇق قىزى. قىزىم بىزگە ئوخشاش بىلىمسىز بولۇپ قالمىسۇن، مۇرادىغا يەتكۈچە ئوقۇۋالسۇن، دەپ ئۇنىڭغا بارلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىپ، ئوبدان ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۆمۈر سودىسى بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق چوڭ ئىشنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئۆتكۈزۈۋېتىشكە قانداق ئاتا-ئانا كۆنسۇن. قايسىبىرى پەرزەنتلىرىنىڭ تويىنى ئۆزلىرى سۆزلىگەندەك ھەشەمەتسىز ئۆتكۈزدى؟ توي-تۆكۈنلەرنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى تەشۋىق قىلغانسېرى تېخىمۇ ئەدەپ، تويلار چوڭايغىلى تۇردى. بىر ھېسابتا كىشىلەرنىڭ دېگەنلىرىمۇ راستكەن، گەپ دېگەن ئېغىزنىڭ يېلى، ھۆججەت دېگەن ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ، تىلسىز نەرسە؛ كادىر بولغان كىشى ئەلۋەتتە ئۇنى تەشۋىق قىلىدۇ. لېكىن ھەممە كىشىگە ئۆزىگە لايىق نام-ئابروي كېرەك-تە...

جاھاندىكى بەزى ئىشلار ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپمۇ قالىدۇ. زەپەر ئاكىنىڭ چوڭقۇر ئويغا پېتىپ ئولتۇرغىنىغا خېلى ۋاقىت بولدى. ئۇ خۇددى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك بېشى سەل ئايلىنىپ، كۆزلىرىنى زورغا يۇمدى.

— ھەي ئانىسى، — دېدى بىر پەستىن كېيىن ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئايالىغا قاراپ، — ئەلگە كىرسەك ئېلىڭچە،

www.uyghurkitap.com

سۇغا كىرسەڭ بىلىنگىچە دېگەن گەپ بار، قىزىمىزنىڭ تويىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى، بىراق ھەر ئىش بولسا يولىدا بولسۇن، سىلە قۇدىلارنى يۇرتتىكى بارلىق تۇغقانلارغا ئادەمگەرچىلىك قىلسۇن دەۋاتىسىلەر، بۇنداق قىلساق قاملاشماس.

زەپەر ئاكىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا لەيلىخان ئاچا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— نېمىشقا قاملاشمايدىكەن، نېمىشقا ھەممىسىگە ئادەمگەرچىلىك قىلمايدىكەن؟! مەن سىلىنىڭ سەمىلىرىگە سېلىپ قوياي، قۇدىلار تويىنى مەن دېگەندەك قىلىشقا چىدىسا قىلسۇن، بولمىسا قىزىمنى ھەرگىز بەرمەيمەن. مەۋجۇدەدەك قىزنىچۇ، پۇلى بار جىگەرلىك ئادەم ئالالايدۇ، قولنى كەسمىگۈچە قان چىقمايدۇ، دېگەن گەپ بار. مۇشۇ بىر قىزىمنىڭ تويىنى خەق ئېغىزىنى ئېچىپ قالغۇدەك قىلمىسام ئارمان يەپ قالىمەن. ئۆي تۇتۇپ بالا باققانغا ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى ئەمەس ...

لەيلىخان ئاچا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىدە لىغىرلاپ قالغان ياشلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر يۈزلىرى كۆپچۈپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. زەپەر ئاكا ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ سەل تەمتىرەپ قالدى. چۈنكى ئۇ بىرەر ئىشتىن قاتتىقراق رەنجىسە خاپىغان كېسىلى قوزغىلىپ ھەممەيلەننى بىئارام قىلاتتى. شۇڭا زەپەر ئاكا سىلىق ئاۋازدا:

— ئانىسى، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن. مۇشۇ بىچىلىك ئىشقىمۇ ئۆزۈڭلىنى بۇنچىۋالا ئاۋارە قىلغان بارمۇ؟ ھەر گەپ بولسا ئۆزۈڭلىنى توختىتىۋېلىپ دېسەڭلىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! — دەپ تەسەللى بەردى. دەل شۇ پەيتتە چوڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، مەۋجۇدە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا كېلىپ يەرگە قاراپ ھۆپپىدە قىزارغان ھالدا:

— دادا، ئاپا، مەن سىلەرنىڭ ھەممە گېپىڭلارنى ئاڭلىدىم، سىلەر مېنى كىچىكىمدىن تارتىپ ئەتىۋارلاپ بېقىپ قاتارغا قوشتۇڭلار. ئەمدىلىكتە ھەشەمەت قوغلىشىپ، چوڭ توي قىلىمىز دەۋاتىسىلەر. ئەمەلىيەتتە باشقىلارنى سورۇقچىلىققا سالماقچى بولۇۋاتىسىلەر. سىلەر ئەسقەرجاننىڭ دادىسىنىڭ زاۋۇتنى ئوت ئاپەتتىن قۇتقۇزۇۋېلىش يولىدا يارىلىنىپ مېيىپ بولغانلىقىنى بىلىسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار كۆپ بالىلىق، تۇرمۇشى ئۇنچىۋالا باياشات ئەمەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق سىلەر تويلۇقنى ئېغىر سېلىپ، ئىقتىسادىي بېسىم پەيدا قىلساڭلار، مەن ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ خۇشال - خۇرام، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەي؟! دادا، ئاپا، مەن سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەگەر مېنى چىن يۈرىكىڭلاردىن ياخشى كۆرسەڭلار، مېنى مال - دۇنياغا تېگىشمەڭلار، — دېدى - دە، بېشىنى دادىسىنىڭ تىزىغا قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

خۇ شېڭلى*

# ئۈزۈلمەس رىشتە

(ھېكايە)

1

ئۇ كوچىدا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. كۆز ئالدىدىكى ھەرخىل مەنزىرە ئۇنى تازىمۇ ھاياجانلاندۇردى. بۇ شەھەرنىڭ قىياپىتىدە نېمىدېگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان - ھە؟! ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئېسىدە قالغان تار كوچىلار بىر نەچچە ماشىنا قاتارلىشىپ ماڭغۇدەك كەڭ ئاسفالتلىق يوللارغا ئۆزگىرىپ، ئۆمۈچۈك تورىدەك تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەن، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سودا سارىيى، رېستۇران، قەھۋەخانىلار كۆك بىلەن بوي تالاشقانىدى. ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈۋاتقان ئاپتوموبىل، ۋېلىسىپىتلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەملەرنىڭ مېڭىشىمۇ تەس ئىدى. يوللاردا سەلدەك ئېقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ۋە كىيىنىشلىرى يېڭىچە تۈس ئالغانىدى.

بۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ قەلبىدە چەكسىز سۆيۈنۈش پەيدا قىلدى. چۈنكى بۇ يەر ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتى ئىدى. ئەمما ئۇ ھازىر تولىمۇ يىراقتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان گۈزەل شىنجاڭدا ئىشلەيتتى.

ئۇنىڭ ئىسمى جياۋفىڭ ئىدى. ئۇ 30 يىلنىڭ ئالدىدا بالا مەزگىلىدە پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر تۈركۈم ساۋاقداشلىرى بىلەن بىر ئاتا - ئانىسىدىن، ئەزىز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، شىنجاڭغا بېرىپ، ئىنىستىتۇتتا ئوقۇدى. ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى بۇ ئىنىستىتۇتنىڭ ئۇيغۇر تىلى فاكۇلتېتىدا ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ چەت بىر ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى دەرسى بەردى. بەزى ۋاقىتلاردا ناھىيىدە تەرجىمان يېتىشمىگەندە تەرجىمانلىقنىمۇ قىلدى. ئۇ بۇ جەرياندا بىر قانچە ھېكايە تەرجىمە قىلىپ ئۆلكە ھەتتا مەملىكەت دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، ناھىيە ئىچىدە خېلى زور ھۆرمەتكە

* ئاپتور خەنزۇ مىللىتىدىن بولۇپ، بۇ ئەسىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان.

www.uyghurkitap.com

سازاۋەر بولدى. مانا ھازىر ئۇنىڭ بۇ ناھىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا توپتوغرا 25 يىل بولۇپ قالدى. 25 يىل ئىچىدە ئۇ ئاران ئۈچ - تۆت قېتىملا ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ يۇرتىغا كەلگەنىدى. ئەينى چاغلاردا ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ۋە يۇرتىنى بەك سېغىنغان بولسىمۇ، قولى قىسقا بولغاچقا، بېرىشقا توغرا كەلگەندىمۇ بارالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم يۇرتىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ تىپتىنچ قەلب دېڭىزى شىددەتلىك دولقۇنلاپ، دەھشەتلىك شاۋقۇن سېلىپ كېتەتتى.

جياۋفىڭنىڭ بۇ قېتىم ئائىلىسىگە تۇغقان يوقلاپ كېلىشى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىشىغا ئازقالغان ۋاقىتقا توغرا كەلدى. ئۇلار بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئوغلىنى شىنجاڭدىن ئۆز يېنىغا يۆتكەپ كېلىش توغرىسىدا شەھەرلىك كادىرلار بۆلۈمىگە ئىلتىماس سۇندى. كادىرلار بۆلۈمى بۇ ئىككى پېشقەدەم كادىرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ماقۇل كۆردى ھەم يۆتكەش توغرىلىق شىنجاڭغا مەسلىھەت ئالاقىسىنى ئەۋەتتى. گەرچە شىنجاڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئىنتايىن موھتاج بولسىمۇ، جياۋفىڭنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ناھىيىدىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر ئالاھىدە مۇزاكىرە قىلىپ، بۇ تەلەپكە ئاخىر قوشۇلدى.

جياۋفىڭ مۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى يۆتكىلىش پۇرسىتىگە بىرىنچى قېتىم ئىگە بولغانىدى. لېكىن ئۇ چاغدا نېمە ئۈچۈندۇر بۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈلشىمگەنىدى. بۇنىڭغا ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېنىق جاۋاب تاپالمايتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھېسسىياتى ئۇ چاغدىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ بولغان چەكسىز مۇھەببەتتىنمۇ ياكى شىنجاڭغا باغلانغان رىشتىدىنمۇ ئىشقىلىپ ئۇ، قەلبىدىكى بۇ نازۇك پىسخىك ھالەتنى چۈشەندۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى خۇددى شېكسپىرنىڭ دراممىسىدىكى ھاملېت دېگەن پېرسوناژغا ئوخشاپ قالغانىدى. ھاملېت قولىغا بىر ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنى ئېلىپ، ئەتىدىن كەچكىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمۈپ ئۆز - ئۆزىگە «يا ياشاش كېرەك، يا ئۆلۈش» دەپ پىچىرلىغان بولسا، جياۋفىڭمۇ كەچكىچە ئۆز يۇرتۇمغا كېتەيمۇ ياكى مۇشۇ يەردە قالايمۇ، دەپ ئارىسالدا بولۇپ، ئاخىرى بىر قارارغا كېلەلمەي ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانىدى. ھازىر ئۇ ئاخىرقى بىر پۇرسەتكە ئېرىشتى. مۇبادا ئاتا - ئانىسى دەم ئېلىشقا چىقىپ ھوقۇقىدىن ئايرىلىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىشى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال بولۇپ قالاتتى. ئۇ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقىنىغا 25 يىلدەك بولدى. ئەمدى خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ بۇ چەت ناھىيە بىلەن مەڭگۈگە خوشلىشىپ، يۇرتۇمغا قايتىپ كەتسەم، باشقىلار مېنى ئۆز ۋەدىسىدە چىڭ تۇرمىدى، دەپ ئەيىبلەپمۇ كەتمەس. ئەينى ۋاقىتتا مەن بىلەن بىرگە شىنجاڭغا بارغانلارنىڭ كۆپى يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كېلىپ بولدى. ھەي، ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن - ھە! ئەينى ۋاقىتتىكى قاپقارا سېياھەتەك

چاچلارنىڭ ئەمدىلىكتە ئاق كىرىپ شالاڭلاپ
كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، دېگەنلەرنى
ئويلىدى. ئۇ مۇشۇنداق خىياللار بىلەن
ئادەم دېڭىزى ئىچىدە ئالغا قاراپ مېڭىپ
كەتتى.

2

لاۋۋاڭ ئىسكىلات ئىچىدىكى چېچى-
لىپ كەتكەن گۇرۇچ ۋە ئۇنلارنى يىغىش-
تۇرۇپ، ئىسكىلات ئىچىنى بىر قۇر سۈپۈرۈپ
بولۇپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ ئىشتىن
چۈشۈشكە ئەمدىلا تەمشىلىۋىدى، ساۋاق-
دىشى جياۋفىڭدىن تېلېفون كېلىپ قالدى.
جياۋفىڭ تېلېفوندا ئۇنى قەھۋەخانىغا
تەكلىپ قىلغانىدى.

لاۋۋاڭ ئەينى يىللاردا جياۋفىڭ
بىلەن بىرگە شىنجاڭغا ئوقۇشقا بارغانىدى.
ئۇمۇ ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن شىن-
جاڭنىڭ بىر ناھىيىسىگە بۆلۈنۈپ تەرجى-
مانلىق قىلدى. ئۇ تولىمۇ تىرىشچان
بولغاچقا، پېشقەدەم تەرجىمانلارنىڭ يېتەك-
لىشى بىلەن ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋا-
قىت ئىچىدە بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن
تولۇق چىقىپ كەتتى. كېيىن ناھىيە
ئىچىدە كاتتا زىيالىي ھېسابلىنىپ، كىشى-
لەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئىگە بولدى.
ئۇ خىزمەتكە چىقىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆت-
مەي يۇرتىدىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ قىزى
بىلەن توي قىلدى ۋە ئايالىنى شىنجاڭغا
يۆتكەپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن ئايالى
ئاپام يالغۇز قالىدۇ، دەپ شىنجاڭغا بار-
غىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى
دېگۈدەك يۇرتىغا بارىدىغان بولدى. ناھا-
يىتى تەستە يىغقان پۇلىنىڭ ھەممىسى
يولغىلا كەتتى. كېيىن ئۇ ئىككى قىزنىڭ
دادىسى بولۇپ قالدى. ئارىدىن 18 يىل
ئۆتۈپ، چوڭ قىزى 15 ياشقا، كىچىك
قىزى 10 ياشقا كىرگەندە، ئۇ ئىلاجى-
سىزلىقتىن شىنجاڭدىن ئايرىلىپ، ئۆز
يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ھازىر
شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى قارمىقىدىكى
بىر ئاشلىق دۇكىنىدا ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ
يەنىلا ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار-
لارنىڭ تەمناتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان
بولسىمۇ، ھېچقانداق بىر ئەمەلىي كەسىپ
ئىگىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا
ئىسكىلاتقا قاراشتىن باشقا ياخشىراق خىز-
مەت بېرىلمىگەنىدى. ئامال قانچە؟ شىن-
جاڭدا ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىل-
گەچكە، نەگىلا بارسا خەقنىڭ ھۆرمىتىگە
سازاۋەر بولاتتى. ھازىرچۇ؟ بەزىلەر ئۇ-
نىڭ ئالغان مۇئاشىغا چىدىماي: ھېچ-
نېمىنى بىلمەيدىغان بىكار تەلەپ ئىن-
ژېنېر، دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ؛ بەزى-
لەر: قېنى، شىنجاڭلىقلارنىڭ سۆزىدىن
ئازراق قىلىپ باقە، ئاڭلاپ باقايلى، ئۇ
زادى قانداق تىلكىن، دەپ ئۇنىڭ چىش-
غا تېگىدۇ. ئۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەپ بەرسە،
ئۇلار: بۇ قانداق تىل؟ رۇسچىغا ئوخ-
شىمامدۇ؟ بۇ راست غەلىتە تىل ئىكەن،
جۇمۇ، دەپ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ كۈلۈ-
شىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل تۇرمۇشتىن كۆڭلى
غەش بولۇپ يۈردى ۋە تېگى يوق قاپ-
قاراڭغۇ ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك چەك-
سىز ئازابلاندى. ئۇ بۇ خىل روھىي بې-
سىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا
قايتماقچى بولۇپ، شىنجاڭدىكى مۇناس-
ۋەتلىك ئورۇنلارغا خەت يازغانىدى، ئۇ
ئورۇنلار ئۇنىڭ ئائىلىسىنى يۆتكەپ بې-
رىش تەلىپىنى بىراقلا ئورۇندىيالمايدىغانلى-

www.uyghurkitap.com

لىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى سىلىق رەت قىلدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلدى.

قۇياشنىڭ ئاداققى ئوتقاش نۇرلىرى شەھەرنىڭ غەربىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىنى قىزىللىققا پۈركىگەندە، ئۇ شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان 36 قەۋەتلىك ھەيۋەتلىك ئىمارەتنىڭ ئۇدۇلىدىكى ياسىداق قەھۋەخانا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ قەھۋەخانىغا «ئامەت قەھۋەخانىسى» دېگەن كۆركەم ۋىۋىسكا ئېسىلغانىدى. قەھۋەخانىنىڭ ئالدى تەرىپى چىرايلىق ھەم نەپىس ياسالغان بولۇپ، يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىناتتى.

3

جياۋفىڭ قەھۋەخانىدا ساقلاپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ لاۋۋاڭنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، قىزغىن كۆرۈشتى ۋە ئۇنى بىر شىرەگە باشلىدى. بىر دەمدىلا قورچاقتەك ياسىنىۋالغان كۈتكۈچى شىرە ئۈستىنى ئالىي دەرىجىلىك ھاراق، سوغۇق ئىچىملىك ۋە خىلمۇ خىل قورۇملار بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. ئۇلار ئىككىسى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇشۇپ، ئىچىملىك ئىچكەچ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— يۆتكىلىپ كېلىپ ئاتا - ئانىڭىزنىڭ يېنىدا تۇرسىڭىزغۇ ياخشى بولىدۇ. ئەمما مېنىڭ پىكرىم، — لاۋۋاڭ شىرە ئۈستىگە قويۇلغان قورۇمىلاردىن بىر چوكا ئېلىپ ئاغزىغا سالدى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ شەھەرنىڭ ھازىر سىزگە يات كۆرۈنىدىغانلىقىنى ھېس قىلمىغان بولسىڭىز كېرەك. سىز بۇ شەھەرنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھېچقانداق تۆھپە قوشمىدىڭىز. شۇڭا بۇ شەھەر سىزنى ئاسانلىقچە قوينىغا ئېلىپ كېتەلمەسمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. مەندىن مەسلىھەت سورىسىڭىز، كەسپىڭىز ئەسقاتىدىغان جايدا ئىشلەڭ. كەسپتىن ھەرگىز ئايرىلماڭ!

— كېپىڭىزگە قارىغاندا سىز مېنىڭ قايتىپ كېلىشىمگە قوشۇلمايدىكەنسىز - دە، — دېدى جياۋفىڭ.

— مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇزۇن يىللار شۇغۇللانغان كەسپىمدىن ۋاز كېچىپ، بۇ يەرگە كەلدىم. شىنجاڭدا تەرجىمانلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا كۆپ يولداشلار، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت خەلقى بىزنى ناھايىتى چوڭ كۆرەتتى ۋە قەدىرلەيتتى. ئەمدىلىكتە كىم مېنى كۆزگە ئېلىپ قويىدۇ؟ مەن بىلىمەن، سىز كەسپىڭىزنى بەك ياخشى كۆرىسىز. ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىغا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىشكە ئاز ئەجىر سىڭدۈرمىدىڭىز. ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىڭىزمۇ كۈچلۈك... — دېدى لاۋۋاڭ رومكىدىكى ھاراقنى گۈپپىدە كۆتۈرۈۋېتىپ.

— مەن قايتىپ كېلىدىغانلا بولسام، كەسپىم تاشلىنىپ قالىدۇ. بۇنى بىلىمەن، لېكىن ئىنسان دېگەن خۇشاللىق ئىزدىگۈچى مەخلۇق. كۆڭلى نەدە خۇش بولسا، شۇ يەردە ھەسەل ھەرىسى ئولاشقاندەك توپلىشىدۇ، — دېدى جياۋفىڭ.

— ياق، ياق، بۇ پۈتۈنلەي بىر تەرەپلىمىلىك قاراش. جياۋفىڭ سىز مۇنداق

ئادەملەردىن ئەمەس ئىسدىڭىزغۇ؟ بۇ جاھاندا ئادەمنى ھەقىقىي ئازادلىك ھېس قىلدۇرىدىغان قانداق ئىشلار بار دەمسىز؟ مېنىڭچە پۇلخۇمارغا پۇل، ھوقۇقخۇمارغا ھوقۇق لازىم. ئەمما بىزگە نېمە كېرەك؟ بىز پۇل ۋە ئەمەلگە ھېرىسمەنلەردىن ئەمەس. بىزگە پەقەت قابىلىيىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان مۇھىت كېرەك. بىز ئۇيغۇرچە ئۆگەندۇق. سىز ھازىر خېلى نەتىجىلەرگە ئېرىشتىڭىز. سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز پارلاق. سىز ھەرگىز مېنىڭ يولۇمنى تۇتماڭ، — دېدى لاۋۋاڭ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

جياۋفېڭ ئۈندىمىدى. لاۋۋاڭنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى.

جىمجىتلىقنى يەنە لاۋۋاڭ بۇزدى:

— كۆرۈنۈشتە مېنىڭ بۇ يەردىكى تۇرمۇشۇم باياشاتتەك قىلغان بىلەن روھىي ھالىتىمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سىز چۈشەنمەيسىز، — دېدى ئۇ بىئارام بولغان ھالدا، — مەن شىنجاڭدىن ئايرىلىش بىلەنلا كەسپىمدىنمۇ مەڭگۈلۈككە ئايرىلىپ قالدىم. بۇ ماڭا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان بىرلا ئىشىم بار.

— نېمە ئىش ئۇ؟

— سىز بىلىسىز. ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزۇن تارىخقا، ئېسىل ۋە باي مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى كارامەت ئېسىل. مېنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش ئويۇم بار ئىدى. لېكىن بۇ ئارزۇيۇم مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ.

— ئەگەر شۇنداق نىيىتىڭىز بولسا، مۇشۇ يەردە تۇرۇپمۇ تەرجىمە قىلىۋەرسىڭىز بولىدىغۇ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز. ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان بۇ تۈگىمەس ئىشلار دەستىدىن ماڭا نەدىمۇ ئاراملىق بولسۇن، يەنە ئۇنى قىلىشقا شارائىتمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا كىمدىن سورايمەن؟ شىنجاڭدا شەرت - شارائىت تولۇق ئىدى، — دېدى لاۋۋاڭ.

— بۇ دېگەن مۇھەببەت مەسىلىسى. سىز ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ياقتۇرغان، ئۇلاردىن سۆيۈنگەن بولسىڭىز، ئۇلاردىن ئايرىلمىغان بولاتتىڭىز، — دېدى جياۋفېڭ ئۇنىڭ پەرىشانلىق يېغىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلگەن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىز ئەمدى تولا گەپ ئەگىتمەڭ. سىز بەرىبىر قايتىپ كەلدىڭىز. كۆرۈنۈشتە ۋىجدانى باردەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە بەك ساختا ئىكەنسىز.

— بولدى، مېنى ۋىجدانسىزمۇ دەيلى، لېكىن، ھەقىقىي گەپنى قىلسام، مەن ھازىر قاتتىق پۇشايمان يەيمەن، بىراق پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق. بۇ مېنىڭ ھەقىقىي گېپىم. باشقىلار ئىشىنەمدۇ- ئىشەنمەمدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، — دېدى لاۋۋاڭ ئۆزىنى ئاقلاپ.

— مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتماقچى ئەمەسمەن. ئىككىمىز يېقىن ئاغىنىلەردىن بولغاچقا، كۆڭلۈمدىكىنى مۇنداقلا دەپ قويدۇم.

— كېرەك يوق. سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزمۇ توغرا، جىياۋفىڭ. سىز تۈز كۆڭۈل ئادەم. ئېسىڭىزدە بارمۇ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ئىرادىمىز نېمىدېگەن قەتئىي ئىدى - ھە! تاڭ سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ مەكتەپ بېغىدىكى ئۆرۈك ۋە ئالما دەرەخلىرى ئاستىدا تېكىستلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇيتتۇق. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن دوستلىرىمىز كۆپ ئىدى... بىز ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاز ئەجىر سىڭدۈرمىگەنىدۇق. راست، ھېلىقى بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز - ھە؟ — دېدى لاۋۋاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار مەكتەپتە ئۇيغۇرچە ئۆگىنىۋاتقان مەزگىلدە جىياۋفىڭ «تۇرمۇش قۇرۇش» دېگەن سۆزنى ئۆگىنىۋالغانىدى. بىر كۈنى مەكتەپتە خەنزۇ تىلى سىنىپىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇيغۇر تىلى سىنىپىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزگەندە، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆز ئەھۋالىنى ئۇيغۇر تىلىدا تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن خەنزۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگەن سۆزىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنغانىدى. نۆۋەت جىياۋفىڭغا كەلگەندە، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقى، قانچە ياشقا كىرگەنلىكى، ئاتا - ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇيغۇر تىلىدا خېلى راۋان سۆزلەپ بەرگەن. يېنىدا تۇرغان ئۇيغۇر ساۋاقدىشىمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خەنزۇ تىلىدا راۋان سۆزلىگەن. تۇيۇقسىز «تۇرمۇش قۇرۇش» دېگەن سۆز جىياۋفىڭنىڭ ئېسىگە كېلىپ قېلىپ، «مەن كېيىن شىنجاڭلىق قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرىمەن» دېگەن سۆزنىڭ ئاغزىدىن قانداق قىلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالغان. ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چېلىشىپ، كۈلۈشۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن جىياۋفىڭغا ئىش - پەش تارتىپ يۈرگەن بەزى قىزلار ئۇنىڭدىن يالتايغان. ئەمما ئۇ بۇنى قىرغىمۇ ئېلىپ قويماي شىنجاڭدا تىرناقتا توختىغىدەك قىزلار تولا دەپ يۈرۈۋەرگەن. ئاخىرى ئۇ بىر يۇرتلۇق قىزلاردىن قۇرۇق قېلىپ، راست دېگەندەك شىنجاڭلىق بىر قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرغانىدى.

ھاراقنىڭ كەيپىدىن ئۇ ئىككىسىنىڭ روھى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

— ئۆزىڭىزچۇ؟ بىر قېتىم بىز ئەمگەككە ماڭغاندا، بىر ئۇيغۇر قىز سىزدىن نەگە ماڭدىڭىز دەپ سورىسا، سىز ئەمگەك دېگەن سۆزنى توغرا تەلەپپۇز قىلالماي، ئەمچەككە بارىمەن، دەپ ئۇ قىزنى قاچۇرۇۋەتمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى جىياۋفىڭ چاقچاق قىلىپ.

— ھا، ھا، ھا، بىز بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا تىل ئوقۇشماسلىق سەۋەبىدىن بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەر، چۈشەنمەسلىكلەر، ھەتتا ئاجايىپ كۈلكىلىك ئىشلار بولغان - ھە. پراكتىكا ۋاقتىدا يېزىغا چۈشكەندە بىر مويسىپىت كىشى بىزنىڭ سىنىپتىكى بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچىدىن ئۆيلەندىڭمۇ دەپ سورىسا، ئۇ تولۇق ئاڭلىيالماي خاپا بولغان ھالدا «ئۆلمىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئەمەسمۇ

شـۇ چـاغـدا ئۇ كـىـشـى، تـازا
ئوڭـا يىسىزلانغانىدى.

ئۇلار ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى ئىش-
لارنى ئەسلىشىپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالغان-
دەك بولدى.

— شۇڭا مېنىڭ سىزگە دەيدىغىنىم،
ئۆزىڭىزنىڭ ئىزلىرى قالغـان يەردىن ئا-
سانلىقچە ئايرىلماڭ. سىز هـازىر بىر ئۇ-
لۇغۋار مەنزىلگە يېتەي دەپ قالغان ئا-
دەم. يەنە داۋاملىق ئالغا باسسىڭىز كۆز-
لىگەن مەنزىلگـە يېتىسىز. ئەمـما هـازىر
سىز ئارقىغا چېكىنمەكچى بوپسىز. ئەگەر
ھەقىقەتەن شـۇنداق بـولـسا، بۇ كىشىنى
بەكمۇ ئېچىندۇرىدۇ.

جـيـاۋفىڭ يەنـە ئۈندىمـىدى. لاۋ
ۋاڭنىڭ ئېيتقانلـىرى هـەقىقـەتەن تـوغرا
ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇزاق يىل شـۇغۇللانـ-
غان كەسپتىن بىراقلا قول ئۈزۈش تـولـ-
مۇ قىيىنغا توختايـتتى. قانـداق قىلىش
كېرەك؟ قايتىپ كېلەي دېسـە، ئۆز كەسـ-
پىگە كۆزى قىيمايتتى. قايتىپ كەلـمـەي
دېسە، ئاتا ـ ئانىسى يـاشىنىپ قالـغـان.
جياۋفىڭ ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا سىقـ-
لىۋاتقاندەك بىئارامىلىق هېس قىلدى.

4

ئۇلار قەهۋەخانىدىن چىققاندا خېـ-
لىلا كەچ بولۇپ كەتـكـەنـىدى. ئىكـ-
كىسى خوشلىشىپ ئۆز يولىغا مـېـڭىشتى.
يېنىپ تۇرغان كـوچـا چـىراغلىرى بۇ
شەھەرنى كۈندۈزدەك قىلىۋەتكەنىدى. سالـ-
قىن شامال ئەۋرىشىم مەجنۇنتال يـاپراقـ-
لىرىنى، جياۋفىڭنىڭ چاچلىرىنى سۆيـۈپ
ئۆتەتتى. مەيىن شامالـدا ئۇنىڭ كاللىسى
بىرئاز سەگىگەندەك بولدى...

جياۋفىڭ كېتىۋېتىپ يول چـىرىغى
ئاستىدىكى بىر توپ ئادەمگە كۆزى چۈشـ-
تى. بۇ ئادەملەر نېمىنىدۇر بىر نـەرسىنى
چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى. ئۇ يېقىن بېرىۋىدى،
بىر قـىـزنىڭ بۇقـۇلـداپ يـىـغـلـىـ-
غـان ئاۋازى ئاڭـلاندى. جـيـاۋفىڭ بىر
بېسىپ، ئىككى بېسـىـپ تـوپ ئىچىگـە
سىغدىلـىپ كـىردى. كىشلەر بىر ـ بىرىـ-
دىن بۇ قـىـزنىڭ نېمـە بـولـغـانلىقىنى
سورىشىۋاتاتتى.

— نېمە بوپتۇ؟

— بۇ بىچـارە، يـولـدىن ئادىـشىپ
قالغان چېغى.

— ئەجـەب چـىـرايلىق قـىـزچـاق
ئىكەن، چەت ئەللىك قىز ئوخشامدۇ؟

— گېپىمىزنى بىلمەيدىكەن.

— بۇ يەرگـە قانـداق كـېـلـىـپ
قالدىكىنە؟



www.uyghurkitap.com

— جياۋفىڭ بويىنىنى سوزۇپ توپ ئىچىگە قارىۋىدى، ئۈستىگە ئەتلەس كۆڭلەك، بېشىغا گۈللۈك دوپپا كىيگەن 12 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ يىغلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. جياۋفىڭ دەرھال كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، قىزچاقنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە:

— قىزىم، نېمە بولدىڭىز؟ قەيەردىن كەلگەنىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى مۇلايىملىق بىلەن.

قىزچاق يىغىسىنى توختىتىپ، قولى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بۇ كىشىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى يۇلتۇزدەك چاقناپ، غەمكىن چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋىلەندى.

— دادام، دادام، ھۇ... ھۇ، دادامدىن، — قىزچاق تۈزۈكرەك جاۋاب قايتۇرالماي، يەنە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. جياۋفىڭ قىزچاقنى بەزلەپ يىغىدىن ئاران توختاتتى. بۇ قىز خۇددى ئۆز تۇغقىنىغا يولۇققاندەك ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى جياۋفىڭغا سۆزلەپ بەردى.

قىزچاق دادىسى بىلەن بۇ شەھەرگە كېلىپ، يولۇچىلار ئارىسىدىن قىستىلىپ ۋوگزالدىن چىقىۋاتقاندا دادىسىنى يوقىتىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن دادىسىنى تاپالماي بۇ جايدا يىغلاپ تۇرغانىكەن. قىزچاقنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان ئادەملەر يەنە بىر - بىرىدىن سوراشقا باشلىدى:

— بۇ ئىككىسى قايسى دۆلەتنىڭ تىلىدا سۆزلىشىۋاتىدۇ؟

— ۋاي تاڭەي، ئىشقىلىپ چەت ئەل تىلىدا سۆزلىشىۋاتىدىغۇ.

— قىزچاقنى نەگە ئاپىرىدىكەن؟

— كىم بىلىدۇ؟

توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر ھەيرانلىق ئىچىدە جياۋفىڭغا قاراپ غۇلغۇلا قىلىشىپ تۇراتتى. جياۋفىڭ ئۇلارغا ئەھۋالنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ:

— بۇ قىزنىڭ دادىسىنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

كىشىلەر بېشىنى چايقىغىنىچە تارقىلىپ كەتتى. جياۋفىڭ قىزچاقنى قولىدىن يېتىلەپ ئۆز ئۆيى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

قىزچاق تولىمۇ ئوماق بولۇپ، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى.

— تاغا، مەن دادامنى تاپالارمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى قىزچاق يېتىرقاپ تۇرۇپ.

— تاپقىلى بولىدۇ، مەن تېپىپ بېرىمەن، — دېدى جياۋ فىڭ خاتىرجەملىك بىلەن.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ جياۋفىڭنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى، جياۋفىڭنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ غەلىتە كىيىنگەن بىر قىزچاقنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. جياۋفىڭ بۇ قىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى. قىزچاق بوۋاي بىلەن مومايغا سالام بەردى. ئۇلار قىزچاقنىڭ بېشىنى سىيلاپ، دادىسىدىن ئەنسىرىمەسلىك توغرىسىدا تەسەللى بەردى. ئەمما قىزچاق ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمەي، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى بۇلاقتەك قارا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇلارغا قاراپ قالدى.

ئەتىسى قىزچاق ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرۇپلا ھويلا - ئارامنى تازىلاشقا كىرىشىپ كەتتى. جياۋفىڭ ئۇنى توسۇۋالغانىدى، ئۇ تاتلىققىنە كۈلۈپ قويۇپ:

ـــ ھويلىنى مەن تازىلاۋېتەي. ـــ دەپ تۇرۇۋالدى.

جياۋ فىڭ قىزچاقتىن سورىدى:

ـــ مەكتەپتە ئوقۇمسىز؟

ـــ ئوقۇمايمەن.

ـــ نېمىشقا؟

ـــ دادام ئۆيدە تاماق ئېتىدىغان ئادەم يوق، دەپ مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالغان.

ـــ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنتىڭلار؟

ـــ دادام مېنى ئوينىتىپ كېلىمەن دەپ ئېپكەلگەنىدى.

قىزچاقنىڭ سۆزلىرى جياۋفىڭنىڭ يۈرىكىگە پىچاقتەك سانجىلدى.

ئۇ بۇ قىزچاقنىڭ دادىسىنى قانداق تېپىش ئۈستىدە چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى. ئادەم ئىزدەش ئېلانى چىقارساق، ئۇنىڭ دادىسى خەنزۇچە بىلمىسە، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ قىزچاقتىن:

ـــ دادىڭىز ئۇيغۇرچە خەت بىلەمدۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ چوڭ ـ چوڭ يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇيالايدۇ.

ـــ ئۇنداقتا ئېلاننى چوڭ ـ چوڭ يازايلى، ـــ دېدى جياۋفىڭ باشقا ئامال تاپالمىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ.

ئېلان ۋوگزال، بېكەت قاتارلىق ئادەم كۆپ يىغىلىدىغان ئورۇنلارغا چاپلاندى. ئېلان «ئىبراھىم باقى قىزىڭىز سىزنى × كوچىدىكى × نومۇرلۇق قورۇدا كۈتۈپ تۇرىدۇ، خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال كېلىڭ! قىزىڭىز بىلەن كۆرۈشۈڭ» دەپ يېزىلغانىدى.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى. قىزچاق موماي بىلەن بوۋايغا ئۆگىنىپ قالدى. موماي بىلەن بوۋايمۇ ئۇنىڭغا بەك ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۇ سەھەر تۇرۇپ قورۇنى سۈپۈرەتتى. ئۆي ئىچىنى تازىلايتتى. جياۋفىڭ ئېلان چاپلانغان جايلارغا پات ـ پات باراتتى.

بىر كۈنى بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىۋالغان بىر كىشى جياۋفىڭنى چاقىرىپ:

ـــ بۇ نېمە خەت؟ سەن نېمە ئادەمسەن؟ ـــ دەپ سورىدى ئاچچىق بىلەن.

جياۋفىڭ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى ھەمدە ئۆزىنىڭ خىزمەت كىنىشكىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىۋىدى، ئۇ كىشى پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ:

ـــ مېنىڭ بىر ئۇكاممۇ شىنجاڭ نېفىتلىكىدە ئىشلەيدۇ. ئىككىمىز تونۇشۇپ قالدۇق. قايتىشىڭىزدا مەن بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭارسىز. سىز ئىزدەيدىغان كىشىنى تېپىشقا مەن ياردەم قىلاي، ـــ دېدى.

5

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. قىزچاق كۈندە كەچ كىرگەندە دادىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ يىغلايتتى.

قىزچاقنىڭ ئۆيگە كەلگىنىگە دەل توققۇز كۈن بولغانىدى. ئۆيدىكىلەر ئەتىگەندە ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى، ئىشىك چېكىلدى.

جياۋفىڭ دەررۇ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر كىشى تۇراتتى. ئۇ پۇتىغا خۇرۇم ئاياغ، ئۈستىگە پۇرلىشىپ كەتكەن سۇر شىم ۋە يوللۇق كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. تاماكىنى كۆپ چەككەنلىكىدىن

بولسا كېرەك، چىشلىرى سارغىيىپ كەتكەنىدى. قىزچاق ئۇنى كۆرۈپلا:

— دادا! — دەپ توۋلىغىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— سىز ئىبراھىم بولامسىز؟ ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى جياۋفېڭ.

ئىبراھىم قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ سالام بەرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار قائىدە-يوسۇن بويىچە ئەھۋال سوراشتى، ئامانلاشتى. جياۋفېڭ ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ئىبراھىمغا بىر-بىرلەپ تونۇشتۇردى. ئىبراھىم قىزىنى باغرىغا بېسىپ، كۆز يېشى قىلدى ھەم جياۋفېڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

بوۋاي ۋە موماي جياۋفېڭنىڭ دېگىنى بويىچە بازاردىن يېڭى قازان سېتىۋېلىپ، تاماققا تۇتۇش قىلدى.

— ھەرقايسىڭلارنى كۆپ ئاۋارە قىلدۇق. بىز ئاتا-بالا ئىككىمىز سىلەرنىڭ شەپقىتىڭلارنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايمىز! — دېدى ئىبراھىم يېنىش-يېنىشلاپ.

— قىزىڭىز شۇنداق ئىشچان ۋە ئەقىللىق ئىكەن. سىز نېمىشقا ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالىسىز، — دېدى جياۋفېڭ.

ئىبراھىم ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:

— مەن خەقنىڭ دامىغا چۈشۈپ، كۆپ يىللار جاپا چېكىپ ئاران تەستە يىغقان پۇلۇمنى بىكاردىن-بىكار كەتكۈزۈپ قويدۇم. بۇنى ئاز دېگەندەك ئاپام بىلەن ئايالىممۇ كەينى-كەينىدىن ئۆلۈپ كەتتى... — دېدى كۆزىگە ياش ئېلىپ.

شىرەگە تاماق كەلتۈرۈلدى. جياۋفېڭ بىلەن ئىبراھىم تاماق يېگەچ پاراڭغا چۈشتى.

— ئىچىمگە دەرد توشۇپ كەتتى. قىزىمغىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن، — دېدى ئىبراھىم بىر قانچە قەدەھ كۆتۈرگەندىن كېيىن سۆز باشلاپ، — مەن ئۆيدىن بەش يېرىم مىڭ يۈەن پۇل بىلەن گۇاڭجۇغا ئوقەت قىلغىلى كەلگەنىدىم. كىم بىلسۇن، مەن تېخى ئوقەتكە كىرىشمەي تۇرۇپلا باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قاپتىمەن. گۇاڭجۇدا مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق تۇرسۇن ھايان دېگەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا «ئۇكام، خاتىرجەم بولغىن، بۇ يەردە سېنىڭ تىجارەت ئىشلىرىڭنى ئۆزۈم يولغا سېلىپ بېرىمەن» دەپ مېنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى. تاكسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى-ئۈچ كۈن شەھەر ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئۇ ياتاققا بىر خەنزۇ بالىنى باشلاپ كىردى.

تۇرسۇن ھايان ئۇ بالىنى ماڭا كۆرسىتىپ:

— ئۇكام، ئامەت ئۆزىلا كەلدى. ئۇ سەنيۈەنلىدىن بىر تۈركۈم سىنئالغۇ، تېلېۋىزور يۆتكەپتىكەن، مەن ھەممىسىنى سېتىۋالغانىدىم، ئازراق پۇل كەملەپ قالدى، يېنىڭدا پۇل بولسا، بېرىپ تۇر، مالنىڭ پايدىسىنى تەڭ ئالىمىز، — دېدى. ئۇ مېنىڭ دەرگۇمان بولۇپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ، خەنزۇ بالىدىن بىر قەغەزنى ئېلىپ، — مانا بۇ مال سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى توختام قەغىزى، — دەپلا ھېلىقى قەغەزنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن خەنزۇچە خەتنى تونۇمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ يېنىمدىكى

پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. 10، 20، 30 كۈنمۇ ئۆتتى. تۇرسۇن ھايانىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. كېيىن مەن ھېلىقى قەغەزنى خەنزۇچە بىلىدىغان بىرىگە كۆرسىتىۋېدىم، ئۇ دىگۋارلىشىش قەغىزى بولماستىن، تۇرسۇن ھايانىنىڭ ئۇ خەنزۇ بالىدىن پۇل قەرز ئالغان ھۆججىتى بولۇپ چىقتى.

مەن ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قاپتىمەن. ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ قاتتى. يېنىمدا بىر تىيىنىمۇ قالمىغانىدى. گۇاڭجۇدىكى يۇرتداشلار ئىچ ئاغرىتىپ پۇل چىقىرىشىپ، مېنى شىنجاڭغا يولغا سېلىپ قويدى. ئۆيگە كەلدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاپام بىلەن ئايالىم دەرد-ئەلەم ئىچىدە كەينى-كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى.

— شۇنچە زىيان تارتقان تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟ — دېدى جياۋفىڭ ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ئاڭلىسام تۇرسۇن ھايان دېگەن نەرسە بۇ شەھەردە سودىگەرچىلىك قىلىۋېتىپتۇ، شۇڭا پۇلۇمنى قايتۇرۇۋالاي، دەپ كىچىك ئوغلۇمنى قوشنىلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، قىزىم بىلەن كەلگەنىدىم.

— تۇرسۇن ھايان مۇشۇ شەھەردە راست بارمىكەن؟

— ھەئە، مەن ھېلىقى كۈنى ۋوگزالدىن چىقىۋاتقاندا، تۇرسۇن ھاياننى ئارقىسىدىن كۆرۈپ قالدىم. شۇڭا قىزىمنى تېز ماڭ دەپ قويۇپلا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم. ئاخىرى ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ پۇلنى بەر دېسەم، ئۇ ماڭا نوچىلىق قىلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالدىم. ئاخىرى ئىككىمىز مۇشتلىشىپ كەتتۇق. ساقچى كېلىپ بىزنى تۇتۇپ سولاپ قويدى. مەن بولغان ئىشلارنى ساقچىغا بىرمۇ بىر ئېيتىۋىدىم ئۇلار تۇرسۇن ھاياندىن پۇللىرىمنى ئېلىپ بېرىپ مېنى قويۇۋەتتى. مەن ئەمدى شىنجاڭغا قايتىپ دېھقانچىلىقىم بىلەن شۇغۇللىنىمەن، — دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا.

— سىز قايتقاندىن كېيىن بالىلىرىڭىزنى مەكتەپكە بېرىپ، بىلىملىك، ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەڭ. خەنزۇ تىلىنىمۇ ياخشى ئۆگەنسۇن. بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالسىمۇ سىزگە ئوخشاش تەمتىرەپ قالمايدۇ، ھېلىقىدەك زىيانمۇ تارتىپ كەتمەيدۇ، — دېدى جياۋفىڭ چاقچاق ئارىلاش.

— ئەمدى شۇنداق قىلىمەن. بىرىپلا بالىنى مەكتەپكە بېرىمەن، بىراق يېزىمىزدا خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى يوق. ئىلگىرى خەنزۇچە دەرس بېرىدىغان بىر خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بار بولىدىغان، كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. يۇرتىمىز بەكمۇ چەت بولغاچقا، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار بارمايدىكەن، بارسىمۇ ئۇزۇن تۇرماي شەھەرگە كېلىۋالىدىكەن.

جياۋفىڭ ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيالمايۋاتقانلىقىغا ئېچىندى ۋە كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

ئىبراھىم جياۋفىڭنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە بوۋاي-موماي بىلەن خوشلاشتى. جياۋفىڭ ئۇلارنى

www.uyghurkitap.com

پويىز ئىستانسىسىغا ئۇزىتىپ چىقتى. ئىبراھىم قىزى بىلەن پويىزغا چىقىش ئالدىدا كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— سىزنى بەك ئاۋارە قىلدۇق. سىزنىڭ قىلغان ياردىمىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز، شىنجاڭغا قايتقىنىڭىزدا بىزنى ئىزدەپ بېرىڭ ... — دېدى.

قىزچاق جياۋفىڭغا قاراپ:

— بىزنىڭ يۇرتقا بېرىڭ. بىزگە خەنزۇچە ئۆگىتىپ قويۇڭ، — دېدى.

پويىز ئورنىدىن قوزغالدى. جياۋفىڭ ئۇلاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئورنىدا تۇرۇپ قالدى.

6

ئۇتقاشتەك تاۋلانغان كۈن غەربكە قىيسايماقتا. رەڭدار شەپەق تاغ چوققىلىرىنى قىپقىزىل تۈسكە كىرگۈزمەكتە ئىدى.

جياۋفىڭ ئازادە ۋە يورۇق مېھمانخانىدا دادىسى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— بالام، ھېلىقى شىنجاڭلىق كىشىدىن ئايرىلىشقا كۆزۈڭ قىيمايلا قالدى. قارىغاندا شىنجاڭغا بولغان مۇھەببىتىڭ بەكمۇ چوڭقۇر ئوخشايدۇ. بىز رايىڭغا باقماي زورمۇزور يۆتكەپ ئەكىلىپ قويۇپ، ئەتە-ئۆگۈن بۇ يەرگە كۆنەلمەي پۇشايماندا قالىدىغان ئىش بولسا قاملاشمايدۇ. بۇ توغرىلىق ئۆزۈڭ زادى قانداق ئويلاۋاتىسەن، ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى بوۋاي تەمكىنلىك بىلەن.

— دادا، سىز ھېلىقى كىشىنىڭ ئەھۋالىدىن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى كۆپ ئارقىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا بىزنىڭ ئۇ يەرنى گۈللەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىمىز بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنگەن. كەسپىمنى شۇ جايدا ئىشلەتسەم، بۇ يەردە كارغا كەلمىگىدەك.

— سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىدەك ئىشنىڭغۇ تېپىپ بېرەلەيمىز. ئەمما سېنىڭ ئويلىغانلىرىڭمۇ توغرا. پارتىيە سىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. شىنجاڭدا نى-نى ئىشلارنى قىلالايسەن. بۇ يەرگە قايتىپ كەلسەڭ، ھەممە ئىشنى يېڭىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدىغان گەپ.

— ئەمما سىز بىلەن ئاپامنى ئويلىغىنىمدا ... — جياۋفىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— ئاپاڭ بىلەن بۇ ئىش توغرىلىق كۆپ قېتىم پاراڭلاشتۇق. بىز پارتىيىگە كىرىپ، پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغىلى يېرىم ئەسىردىن ئاشتى. سەن بىزنىڭ بالىمىز بولغان بىلەن يەنىلا پارتىيە، دۆلەت يارامىلىق ئىختىساس ئىگىسى قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتى. شۇڭا سەن تەشكىلنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىڭ كېرەك. ھازىر قاتناش شارائىتى كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى. بىزمۇ سەندىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمىز. ياخشى ئىشلىسەڭلا بىز سەندىن خاتىرجەم بولىمىز. ۋاقتىڭ بولسا بالا-چاقىلىرىڭنى ئېلىپ كېلىپ، بىزنى يوقلاپ تۇرارسەن.

جياۋفىڭ دادىسىنىڭ تەلەپپۇزىدىن يەنىلا ئازراق كۆزى قىيماسلىق ئالامەتلىرىنىڭ چىقىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ كۆڭلى بىئارام بولدى.

(ئاخىرى 105 - بەتتە)



# سامانچى

ئېزىز ھەسەن

(ھېكايە)

بۈگۈن چۈشتىمۇ دەم ئالماي زاۋۇتنىڭ چوڭ رېمونتىغا قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن، بەكلا چارچاپ كەتكەنىدىم. كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ، تامىقىمنى يەپلا يېنىمىم يەر تارتىپ، مۈگدەشكە باشلىدىم، شۇڭا بالدۇرلا يېتىپ دەم ئالاي دەپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردىم ـ دە، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. كۆزۈم ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، ئايالىم يېنىمغا كىرىپ، مېنى يەڭگىل تەۋرىتىپ:

— ھوي، ئورنىڭلاردىن تۇرۇڭلا، — دېدى.

— نېمە گەپ، — دېدىم مەن ياستۇقتىن بېشىمنى سەل كۆتۈرۈپ.

— ھېلىقى سەھرالىق سامانچى يەنە سامان ساتقىلى كەپتۇ. سامان ئالىمەن، دەۋاتامتىڭلا، قوپۇڭلا!

— ئۇ نەدىكەن؟ — دېدىم ئۇنىڭ پۈتۈم بىلەن كارىۋات ئاستىدىكى كەشىمنى ئىزدىگەچ.

— چوڭ يولدا.

— چاقىرىڭلا! — دېدىم ئۇنىڭغا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا. ئۇ دەررۇ ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتى.

سامان دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئۇيقۇم نەگىدۇر قاچقانىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئالدىراشچىلىقتا سامان ئىزدەشكە ۋاقىت چىقىرالمىغانىدىم. ئەمدى يولۇمنى قىسقارتىپ، بوسۇغامغا سامان ئېپكەلسە! ئالمامتىمكى، دېگەننى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم ـ دە، كۆڭلىكىمنى كىيىپ سىرتقا چىقتىم.

سامانچى ھارۋىسىنى چوڭ يولدىن قايرىپ، بىز تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئېشىكىنىڭ ئارغامچىسىنى ئۇزارتىپ تۇتۇۋالغان بولۇپ، خۇددى ئېشىكىنى ھارۋىسى بىلەنلا سۆرەپ كېلىۋاتقاندەك ئېغىر قەدەم تاشلايتتى.

مەن بۇ كىشى بىلەن خېلى تونۇش ئىدىم، ئۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ناھىيە بازىرىدىن سامان ئېلىپ كېلىپ بۇ نېفىت شەھىرىدىكى قوي باققۇچىلارنى تەمىنلەۋاتقان باقاخۇن ئىدى.

باقاخۇن ياز بولغىنىغا قارىماي، ئۈچىسىغا رەڭگى ئۆڭگەن، قولتۇقلىرىدىن مازلىرى چىقىپ ساڭگىلاپ قالغان پاختىلىق چاپان كىيىۋالغان، بېلىنى شوينا بىلەن چىڭ باغلىۋالغانىدى. بېشىدىكى كۆك شەپكىسى بولسا رەڭگىدىن كېتىپ، خۇددى سۇ ماي بىلەن مايلاپ قويغاندەك پارقىرايتتى. ئۆزى ئەمدىلا 40 تىن ھالقىغان بولسىمۇ، روھىي - ھالىتى چۈشكۈن، چىرايى سولغۇن كۆرۈنەتتى. مېڭىشىمۇ غەلىتە بولۇپ، كەندىر يېغى ئىچىۋالغاندەك دەلدۈگىنىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن بىچارىلىق چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭدىن ھەر قېتىم سامان ئالغاندا باھا تالاشمايلا دېگىنىنى بېرەتتىم. ئۇ ھارۋىسىنى ئىشىك ئالدىغا توختاتتى - دە، قولىدىكى ئارغامچىنى يىغىپ، ھارۋىنىڭ قوزۇقىغا قىستۇردى. قامچىسىنى ھارۋا ئۈستىدىكى تاغارنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ئاندىن ئالدىمغا كېلىپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھاپىزانىكا، تەنلىرى ساقمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى! سامان ئەكەلگەن ئوخشىمامسىلە، باقاخۇن؟ — دېدىم ئۇنىڭغا قولۇمنى بېرىپ.

— ھەئە، قانداق قىلىمىز ھاپىزانىكا، خۇدانىڭ پېشانەمگە پۈتكىنى مۇشۇكەن، مۇشۇنىڭ بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىمىسام...

مەن ھارۋىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ تاغاردىكى ساماندىن ئازراق ئېلىپ مىجىپ كۆردۈم، سامان راستتىنلا قوي يېگۈدەك يۇمشاق ئىدى. نەرخىدىن ئېغىز ئاچتىم:

— ھە، باقاخۇن، بىر تاغىرى نەچچە پۇل؟

— ئەمدى باشقىلارغا ئالتە تىزىدىن بەرگەنتىم، سىلى ئۆز بولۇپ قاللا، كەتسە سىلىگە كېتەر، بەش تىزىدىن بېرەي، — دېدى ئۇ ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىنى بىلەن باياتىن بېرى گەدىنىنى چېقىپ ئارام بەرمەيۋاتقان پاشىنى ئۇرۇۋېتىپ.

— ۋىيەي، تۆت كويىدىن بېرەلا باقاخۇن، — دېدى ئايالىم ئىككىمىزنىڭ سودىسىغا قوشۇق سېلىپ.

— بولدى، بولدى، خوتۇن كىشى ئەرلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغىنى ياخشى، بۇ بىچارە شۇنچە يىراقتىن جاپا چېكىپ ئەكېپتۇ. ئۈچ تاغىرىنى بەش كويىدىن 15 كويغا ئالايلى. ئۇنىڭغىمۇ ئاز - تولا نەپ تەگسۇن. شۇنداقمۇ باقاخۇن، — دېدىم ئۇنىڭغا بولۇشۇپ.

شۇئان باقاخۇننىڭ سولغۇن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— شۇنداق ئاكا، ئەلدىن - ئەلگە نەپ دېگەن شۇدە، — دېدى ئۇ.

ئۇ ھارۋىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، سامان قاچىلانغان تاغارلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، ئۈچ تاغار سامانىنى ھارۋىدىن چۈشۈردى. ئاندىن سۆگەت چىۋىقى بىلەن تېڭىلغان بىر تاغارنىڭ ئاغزىنى يېشىپ:

— قاراڭ سامانىنىڭ يۇمشاقلىقىنى، — دېدى سامىنىنى ماختاپ. مەن باش ئىشارىتىم بىلەن رازىلىقىمنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن:

— ھويلىغا ئەكىرىۋېتەيلى باقاخۇن، — دېدىم. بىز سامانىنى ھويلىغا ئەكىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بېرىدىغان پۇلنى ساناۋېتىپ:

www.uyghurkitap.com

— قورساقمۇ ئاچقاندۇ، ئەمدى ئۆيگە كىرىپ چاي بولسىمۇ ئىچىپ مېڭىڭلا، — دېدىم ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

— رەھمەت، مەن ماڭاي، چۆپقەتلەر يولۇمغا قاراپ قالمىسۇن، — دېدى ئۇ سامان تارتقان ئارغامچىنى چىڭىتىۋېتىپ.

مەن قاپچىسىنى قولىغا ئېلىپ، مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان باقاخۇننى توختىتىۋېلىپ:

— ئۆيگە كىرىپ ناندىن ئىككىنى ئەپچىقىپ بېرىڭلا، — دېدىم ئايالىمغا. ئايالىم تۇمشۇقىنى سەل ئۇچلىغاندەك قىلىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ناندىن ئىككىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. مەن نانىنى باقاخۇنغا سۇنۇۋېتىپ:

— ئېلىۋېلىڭلا، باقاخۇن، نان دېگەن ھەمراھ، — دېدىم. باقاخۇن ناننى ئىككى قوللاپ ئېلىپ:

— رەھمەت سىلىگە، خۇدايىم دۆلەتلىرىنى زىيادە، مەرتىۋىلىرىنى تې-خىمۇ يۇقىرى قىلار ... مەن ماڭاي، تاغارنى كېيىن ئېلىپ كېتەرمەن، — دېدى - دە، بىز بىلەن خوشلىشىپ ھارۋىسىنى ھەيدەپ يولىغا راۋان بولدى.

* *

ئاتلىق ئۇخلاۋاتاتتىم. بىردىن ئايالىمنىڭ جەينەكلىشى بىلەن ئويغان-دىم - دە:

— نېمە بولدى؟ دېدىم كۆزۈمنى ئاچمايلا.

— ھوي، ھوي! كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلا، بىرى دەرۋازىنى ئۇرۇۋاتىدۇ.

مەن كۆزۈمنى ئېچىپ بېشىمنى كۆتۈردۈم ۋە قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشىدىم، راستتىنلا بىراۋ دەرۋازىنى چېقىۋېتىدىغاندەك ئۇرۇۋاتاتتى.

مەن كىيىملىرىمنى ئالدىراپ كىيىپ، ھويلىغا چىقتىم. تېخى ئەمدىلا تورغاي چۇچۇلايدىغان ۋاقىت بولغانىكەن. مەن ئىشىكنى ئاچمايلا:

— كىمسەن؟ ئىت پوق يېمەستە كېلىپ، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلغان، — دېدىم زەردىم بىلەن.

— مەن ... مەن. ھاپىزانىكا، سىلىگە مۇھىم گەپ بار. ئىشىكنى ئاچسىلا.

— مەن دېگەن كىم؟

— مەن، تونۇمايۋاتامىلا، ھېلىقى سىلىگە سامان ساتقان باقاخۇن!

— ھەرقانچە مۇھىم گېپىڭلا بولسىمۇ تاڭ ئاتقاندا كەلسەڭلا بولمامتى؟ — دېدىم تېرىككىپ.

— ئاكا، خاپا بولمىسىلا. مۇشۇنداق ئالدىراشلا كېلىدىغان ئىشىم چىقىپ قالدى، — دېدى ئۇ ھاسىرىغىنىچە.

سامانغا پۇلىنى كەم بەرگەندىمەن-مۇ - يە؟ ياق، توغرا ساناپ بەرگەنىدىم، بۇ گەرى ھېلىقى يېرىتىق تاغىرىغا كەلدى-مۇ دېگەنلەرنى كۆڭلۇمدىن ئۆتكۈزۈپ ئىشىكنى ئاستا ئېچىشىم بىلەنلا ئۇ ھويلى-غا ئۇسۇپلا كىردى.

ئۇنىڭ ئەلپازىدىن تونۇگۇن كەچ-تىكى بىچارىلىق كۆرۈنمەيتتى. ئۇرقىدىن بىر خىل ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

باقاخۇن ھويلىغا بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، يىغلىغان ھالدا:

— ئاكا مەندىن ئالغان سامانىنى نەگە قويغانىتىلىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە قىلاتتىڭلا؟ — سورىدىم

ھەيران بولۇپ.

— بىر تاغارنىڭ ئاستىدا مۇھىم بىر نەرسە قاپتۇ. ئالدىراشچىلىقتا تاغارنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپتىمەن.

— نېمىتى ئۇ؟

— ھە، شۇ تاغار ... نى ... تېپىپ بەرگەن بولسىلا، ئاندىن ...

— زادى نېمىتى ئۇ، ئېيتامسىلە؟! ئىككىمىز خېلى تونۇشقۇ، ئالتۇن بارمىدى-يا؟ — دېدىم ئۇنى زاڭلىق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا.

— شۇ، تاغارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي، ئاكا، — دېدى ئۇ كۆزۈمگە مىختەك قادىلىپ.

ئۇنىڭدىن ئالغان سامانىنى ئاغىرى بىلەنلا ھويلىدىكى كونا بوتكىغا ئەكىرىپ قويغانىدىم. شۇڭا مەن باشقا گەپ قىلمايلا ئۇنى بوتكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ، يالغان قۇلۇپنى تولغاپ ئاچتىم-دە، تاغارنى كۆرسىتىپ قويدۇم.

ئۇ تاغاردىكى ساماننىڭ ئۆز پېتى تۇرغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئەمىن تاپتى بولغاي، خۇشاللىقىدا ئۆزىنى تاغارغا ئاتتى ۋە ئالدىراپ-سالدىراپ بىر تاغارنىڭ ئاستىنى مالتىلاپ تاراپ باقتى-دە، تاغاردىكى سامانلارنى تۆكتى. ساماننىڭ ئاستىدىن ئادەم بېشىدەك چوڭلۇقتىكى، سۇلياۋغا ئورالغان بىر نەرسە چىقتى. ئۇ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خۇداغا شۈكرى، ھاپىزكا، — دېدى ئۇھ تارتىۋېلىپ.

— باقاخۇن، راستىنىلا ئالتۇن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق، بۇنى ئالتۇن دېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن ئون نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇنداق نەرسىنى ئېلىپ-سېتىپ جاھانسازلىق قىلىۋاتىمەن. سامان سېتىشىممۇ بۇ تىجارەتنى يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن. ئەگەر بۇنى يوقىتىپ قويغان بولسام، مىڭ كوي زىيان بولغان بولاتتى.

مەن بۇ بولاققا راستىنىلا قىزىقىپ قالغانىدىم.

— مۇنداق قىلىڭلىچۇ، ئۇ زادى قانداق نەرسە، كۆرۈپ باقاي، — دېدىم ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزىتىپ. باقاخۇن دەرھال قولىدىكى بولاقنى سول قولتۇقىغا يۆتكەپ:

— سىلىدىن يوشۇرسام بولماس، — دېدى ۋە خۇدۇكسىرەپ ئالدى-كەينىگە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتى، — بۇ مۇنداق نەرسە، — ئۇ ئوڭ قولىنىڭ باشمالتىقى بىلەن بېگىز قولىنى جۈپلەپ، ئاغزىغا ئۇدۇللاپ، تاماكا چەككەننى دورىدى.

— چوڭ تاماكام؟ — شۇ ھامان پېشانەمگە سوغۇق بىر نەرسە تەگكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم-دە، ئېغىزىمدىن «نەشە» دېگەن سۆزنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدىم.

ئۇ جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا

uyghurkitap.com

كۆزلىرىنى يىرتىق تېرىنىڭ تۆشۈكىدىن ك قىلىپ ھىجايىدى ۋە بويۇنلىرىنى غازدەك ئېگىپ:

— ئۆزلىرىگە لازىممىدى يا؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئاچچىقىمنى زورىغا بېسىۋالدىم. شۇئان كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى - دە:

— كىلوسى نەچچە؟ — دەپ سورىدىم.

— بۇ بىرىنچى دەرىجىلىكى. كىلوسى 200 كوي، — دېدى ئۇ كېرىلىپ.

— قولۇڭلىدىكى نەچچە كىلو؟

— بەش كىلو.

— قىزىق ئىش، — مەن زورىغا كۈلدۈم، — يۈرۈڭلار، ئۆيگە كىرىپ سۆزلىشەيلى.

باقى ھويلا ئىشىكىگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، ھويلا ئىشىكىنى چىڭ تاقىدىم - دە، ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىردىم، ئايالىم ئىچكىرىكى ئۆينى يىغىشتۇرۇۋاتقانىكەن. بىز كىچىك ئۆيدە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

— ھە، باقى، — دېدىم ئۇنى سەل ئۇچۇرۇپ، — تۇرقىڭلىغا قاراپ سىلىنى نامرات كۆرۈپتىكەنمەن. مۇنداقمۇ ھۈنەرىڭلار بار دەڭلا؟!

— ھە، سىلە يىرتىق كىيىمىگە قاراپلا مېنى دىۋانە كۆرۈپتىكەنلا - دە؟!

— ھا ... ھا ... ھا ...

ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— سىلە بۇنى سىرتقا ئېپچىقىپ پۇل قىلىمەن، دەپ ئاۋارە بولغىچە، ماڭلا بېرىۋېتىپ، پۇلىنىلا ئېلىپ چىقىپ كەتمەمسىلەر، باقاخۇن؟

— ئۇنداق قىلسامۇ بولىدۇ. سىلىدىن نېمىنى ئايايتتىم. ئاكا.

ھەممىنى بىراقلا ئالاي. ماڭىمۇ ئازتولا نەپ تەگسۇن، قانداق؟

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى ئۇ.

— ۋاي، نېمىكەن ئۇ بىز ئالىدىغان؟ — ئايالىم ئىچكىرىكى ئۆيدىن پايپاسلاپ چىقىپ سورىدى.

مەن ئايالىمغا كۆز يۇمۇشلىدىم-دە:

— خوتۇن كىشى تۇرۇپ ئەر كىشىنىڭ سودىسىغا ئارىلىشىپ نېمە قىلىسىلە؟ — دېدىم. ئايالىم:

— ھە، شۇنداقمىدى، — دېگىنىچە قاشلىرىنى يىمىرىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ماڭلا بېرىۋېتىدىغان بولدۇڭ! باقاخۇن، شۇنداقمۇ؟ — يېنىشلاپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— شۇنداق بولسۇن! — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن.

باقى بىلەن پۈتۈشۈپ بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ، ئايالىمنىڭ قولىغا:

— سەن بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشماي، ھېلىقى پۇل چېكىنى ئېلىپ بەرگىنە! — دەپ پىچىرلىدىم. ئايالىم كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تېڭىرقاپ قالدى. مەن قول ئىشارىسى بىلەن مەقسىتىمنى ئۇقتۇردۇم. ئايالىم ساندۇقتىن پۇل چېكىنى ئېلىپ بەردى. مەن ئاۋازىمنى قەستەن ئۈنلۈك چىقىرىپ:

www.uyghurkitap.com

— مەن بانكىدىن پۇل ئېلىپ كەلگۈچە، باقاخۇنغا ناشتىلىق چاي بېرىپ تۇرۇڭلار، — دېدىم. ئايالىمغۇ:

— ماقۇل، — دەپ باش لىڭشىتتى. مەن قولۇمدىكى پۇل چېكىنى باقاخۇنغا كۆرسىتىپ:

— ئۇكا، ئۆيدىكى پۇل چىقىشمايدىكەن، سەن چاي - پاي ئىچىپ بولغىچە دىككىدە بانكىدىكى پۇلنى ئېلىپ كېلەي، — دېدىم.

باقاخۇن ھېجايغىنىچە باش ئىشارىتى بىلەن ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى.

مەن ۋېلىسىپىتنى ئىشىكتىن ئېلىپ چىقىرىۋېتىپ دېدىم:

— ئىككىمىز ئاكا - ئۇكىدەك بولغاندىكىن ئەرزانراق بېرەرسىلە - ھە؟

— قېنى ئالدى بىلەن پۇللىرىنى ئېپكەلسىلە ئاندىن بىر گەپ بولار.

تاشقىرىغا چىققىنىمدا كۆڭۈن خېلى ئۆرلىگەنىدى. مەن ۋېلىسىپىتقا چەبدەسلىك بىلەن مىنىپ، بانكىغا قاراپ يول ئالدىم.

شۇ تاپتا باقاخۇننىڭ تونۇگۇنكى بىچارە قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىمنىڭ ئورنىنى غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك قاپلىدى. قېنىم



قىزىپ، كوچىمنى پۇتۇمغا يىغىپ، ۋېلىسىپىتنى بولۇشىغا تەپتىم.

كۆز ئالدىمدا نېفىتلىكتىكى مۇشۇ چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغان ياشلارنىڭ چىرايى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئائىلە، تۇرمۇش، خىزمەتلىرىنى ۋەيران قىلىش گىرداۋىغا ئېلىپ بارغان بۇ چېكىملىكنى ساتقۇچىغا بولغان غەزىپىم قايناپ تاشتى. مەن بانكىنىڭ نۆۋەتچى ئۆيىگە كىرىپ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولۇمغا ئالدىم - دە، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى باستىم.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن



خالىق سەمەت

# سەپەر

(ھېكايە)

پاشاخاننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن مەلىكەم ئەمدىلا يېشىغا توشقان بالىسىنى ئېلىپ ئېغىت شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى.

مەلىكەمنىڭ نەچچە يىللىق خاتىرجەم تۇرمۇشىدا يېقىندىن بېرى ئويلىمىغان يەردىن كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. بۇ كۆڭۈلسىزلىك ئاخىرى ئۇنى سەپەرگە چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. ماشىنا قوزغىلىپ بىر سائەتتىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشى قېيىشقا باشلىدى. يېڭى يول تېخى پۈتمىگەن بولغاچقا، كونا، ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا كېتىۋاتقان ماشىنا يولۇچىلارنى تۇرۇپ - تۇرۇپلا قاتتىق سىلكىپ قوياتتى. ساۋۇت راستىنىلا ئۆزگىرىپ كەتكەنمىدۇ، ئۇ يەر پاشاخان ئېيتقاندەك ھەرقانداق ياۋاش ئادەمنىمۇ تاپتىن چىقىرىدىغان، ئەسكىلەر توپلانغان يەرمىدۇ، دېگەن خىيال مەلىكەمنىڭ كاللىسىدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى كەتمەي ئۇنى قىينايتتى. پاشاخاننىڭ گېپىگە ئىشەنمەي دېسە، ساۋۇتنىڭ ئائىلىنى يوقلاپ كەلمىگىنىگە مانا ئىككى ئاي بولدى. پاشاخاننىڭ گەپلىرىگە ساۋۇتنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆيگە كەلمەسلىكى قوشۇلۇپ مەلىكەمنىڭ سەۋر قاچىسىنى توشقۇزدى. نەق مەيدانغا بېرىپ ساۋۇت بىلەن سۆزلىشەي، نەچچە يىلدىن بۇيان مەن بۇ ياقتا سىرتقا چىقماس ئەر، ئۆيگە كىرسەم ئايال بولۇپ، پۈتۈن ئائىلىنىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتسام، ئۇ غوجام ئۇ ياقتا تېخى... ئۇ ئويلىغانسېرى بوغۇلاتتى، بىر ئاچچىق سېزىم پۈتۈن بەدىنىنى تىكەنلەشتۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىجەزىنىڭ يوقلۇقىغىمۇ قارىماي يولغا چىقتى. كۆڭلىدىكى غەشلىككە يولنىڭ ئەسكىلىكى ۋە مىجەزىنىڭ يوقلۇقى قوشۇلۇپ ئۇنى خېلىلا قىينىدى. مەلىكەمگە ماڭغانسېرى يول ئاۋۇماي ۋاتقاندەك، بەلكى بارغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ مەنزىلگە تېزرەك يېتىپ بېرىشنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى.

بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى مەلىكەمنىڭ ئۆيىگە تەكەللۇپسىزلا كىرىپ

uyghurkitap.com

كەلگەن پاشاخان تېزەك ئارىسىدىن ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ئىشىكتىن كىرىپلا سۆزلەپ كەتتى:

— دېمىدىممۇ ئوكام، دېمىدىممۇ ئوكام، ئەجەبمۇ بەختەستە ئايالكەنسىز، ئادەم دېگەننىڭچۇ، ئازراق قەھرىممۇ، زەھرىممۇ بولمىسا مانا مۇشۇنىداق دەردتە قېلىپ، زەردە گۆش بولىدىغان گەپ، ياقسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ، دەپ ئېزىلەڭگۈلۈك قىلىپ ئولتۇرسىڭىز باشقىلار قولىڭىزدىكى نېنىڭىزنىمۇ تارتىۋالىدۇ. توۋا، توۋا، سىزگە خېلىدىن بېرى ئاز - تولا بېشارەت بەرسەم، پەقەت ئاڭقىرالمىدىڭىز، مەن قانداقلا بولمىسۇن سىزدىن ئۇن نەچچە ئىشتاننى بۇرۇن يىرتقان، بىرەر ئىشنىڭ شەپىسىنى بىلمەسەم، ھەرگىز ئۇنچىۋالا پالاقشىپ كەتمەس ئىدىم ...

— نېمە ئىش بولدى پاشاخاچا، گەپلىرىڭگە زادىلا چۈشىنەلمەي قالدىم، — دېدى مەلىكەم ھاڭ - تاڭ بولۇپ. پاشاخان يانچۇقىدىن چەت - چۆرىلىرى يىرتىلىپ، تىتىلىپ كەتكەن بىر كونىۋېرتنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە:

— مانا، باشقا يەرلىرىنى ئوقۇيمەن دەپ ئاۋارە بولماي، مەيەرلىرىنى ئوقۇپ بېقىڭ، ئاندىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقىسىز! مەن ئەزەلدىن يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ يۈرىدىغان خوتۇن ئەمەسمەن، ياۋاشىنى بوزەك ئېتىدىغان مۇنداق ئىشلارنى كۆرسەم زادىلا چىداپ تۇرالمايمەن. شۇڭا ... مانا، مانا بۇ يېرىنى ئوقۇڭ، مەن پەقەت سىزنىڭ غېمىڭىزلى يەۋاتىمەن، — دېگىنىچە قولىدىكى خەتنى مەلىكەمگە تۇتقۇزدى. مەلىكەم خەتنىڭ سەتلىكى ھەم ئىملاسىنىڭ خاتالىقىدىن ئارانلا ئوقۇشقا باشلىدى.

«ئاپا، ساۋۇتكام مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىنى بىلەلمەي يۈرىدۇ، قېرىنغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق دېگەندەك، ئايالى ۋە ئىككى بالىسىنى ئۇنتۇپ، ھە دېسىلا ياشلار ئەتىرىتىدىكى قىز - چوكانلار بىلەن ئىرىمشىپ - چىرمىشىپلا يۈرۈۋاتىدۇ. ياشلار پات - پات ئۇنىڭ يانىقىدا ئولتۇرۇش قىلىدۇ. ھېلىقى مېھراي دېگەن شاگىرتى دائىم ساۋۇتكامنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىدۇ. يانىقىغا تولا كىرىدۇ ....»

مەلىكەمنىڭ خەتنى تۇتقان قوللىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى. ئۇ ئورنىدا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، باياتىن بېرى ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇرغان پاشاخان ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىشكە كىرىشتى:

— بولدى، بۇيەردە يىغلاپ ئولتۇرغان بىلەن ھېچ ئىش ھەل بولمايدۇ. ئالدى - ئارقىڭىزغا قاراپ تۇرماي، چوڭ بالىڭىزنى ئاپىڭىزنىڭ قېشىدا قويۇپ، كىچىكىنى ئېلىپ دەرھال يولغا چىقىڭ، ساۋۇت ئىشلىگەن يەرنىڭ ئاسمىنى كەڭمىش، ياتاقتىن ئۇن نەچچە مېتىر نېرى كەتسە ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوقمىش. ئەزمىلىك قىلماڭ، ساۋۇتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى كۆرۈپلا ئېرىپ كەتمەي، شۇ يەردىكى خەقلەرنىڭ ئالدىدا، بولۇپمۇ ھېلىقى جىنداباش ئېزىتقۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى بىر كۆرسىتىپ قويۇڭ. ئەز خەق دېگەن قوۋۇلۇق - شۇملۇق قىلىشقا ئۇستا كېلىدۇ. ئۇنىڭ چىرايلىق

گەپلىرىدىكە ھەرگىز ئىشەنمەڭ، ئۆزدـ
ىڭىزنى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچـ
لاشتۇرۇپ بىر تونۇتۇپ قويمىسىڭىز، بىر
ئۆمۈر رەللە بولۇپ ئۆتىسىز ياكى ياشلا
تۇرۇپ تۇل قالىسىز. راست، ئەتىلا يولغا
چىقىڭ، ــ پاشاخان ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ
مەلىكەمنى يولغا چىقىشقا كۆندۈرـ
دى، ــ ئەتە كۈنگە شەنبە، ــ دېدى ئۇ
يەنە تاپىلاپ، ــ كەچ قالىسىڭىزمۇ چوقۇم
ساۋۇتنىڭ ئىش ئورنىغا يېتىپ بېرىڭ،
ئاڭلىسام ئۇلار شەنبە كۈنى كەچتە شەيتان
ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، تانسا ـ پانسا، دېسكوـ
پىسكو دېگەن ئويۇنلارنى ئويناپ خۇدىنى
ئۇقمايلا قالارمىش. نەق ئۈستىدىن چۈشـ
سىڭىز ھېلىقىدەك ئېزىتقۇلارمۇ رەسۋا
بولىدۇ. ساۋۇتمۇ پەسكويىغا چۈـ
شۈپ ئالدىڭىزدا باش ئېگىدۇ، ــ پاشاـ
خان شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ ئۆيىگە
چىقىپ كەتتى.

شەيتان ۋەسۋەسى دېگەن سۆز مەـ
لىكەمنىڭ ساددا قەلبىگە باشقىچە تەسىر
قىلدى ـ دە، ئارقىدىنلا ساۋۇت ۋە باشقا
ناتونۇش ئەرلەرنىڭ بىر توپ غەلىتە ياـ
سانغان ئاياللار بىلەن ھەر خىل شەكىلـ
دە تانسا ئويناۋاتقانلىقلىرى كۆز ئالدىغا
كېلىشكە باشلىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەلىكەم سومكىـ
لىرىنى راسلاۋاتاتتى، ساپما كەشتى سۆـ
رىگىنىچە ئۆيگە پاشاخان كىرىپ كەلدى:

ــ مەن سىزنى ئۇخلاپ قالمىسۇن،
دەپ ئەنسىرەپ كىرگەنىدىم، ھەر ھالدا
تېزرەك بولۇڭ، ماشىنا كېتىپ قالمىـ
سۇن، ــ ئۇ مەلىكەمنى ئالدىراتقاچ يەنە
سومكىنىڭ قېشىغا كەلدى، ــ بۇ نېمىڭىز،
نېمانچە ئېغىر؟!

ــ ئۇنىڭغا ئازراق توقاچ ئېلىۋالدىم.

ــ توۋا، دۇنيادا ئىككى ئەخمەق
بولسا، بىرسى سىزكەنسىز، مۇشت بەرگەنگە
ئاش بېرىدىكەنسىز، جاپا نەدە دېسە
ئىزدەپ تاپىمەن دەيدىكەنسىز، ــ پاشاـ
خان ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ
كەتتى. مەلىكەم بۇ مەزلۇمدىن تۈنجى
قېتىم بىزارلىق ھېس قىلدى. ئىت پوق
يېمەستە نېمە باردۇ بۇ خوتۇنغا، ــ دېدى
ئۇ ئىچىدە رەللە بولۇپ. شۇئان ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدا رىۋايەتلەردىكى غەلىتە موـ
مايلارنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندى. ئۇنىڭ
قولىقىدىكى قاسماقلىشىپ كەتكەن ھالقىـ
سىنىڭ كۆزى خۇددى كېچىدىكى ئاچ
قالغان بۆرىنىڭ كۆزىنى ئەسلىتەتتى.

ئاپتوبۇس ئاخىرى نېفىت شەھىرىگە
كېلىپ يولۇچىلار بېكىتىدە توختىدى.
بىر كۈنلۈك سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرغان
يولۇچىلار ئاپتوبۇستىن چۈشۈشكە باشلىدى.
مەلىكەم يېنىدىكى سەپەرداشنىڭ ياردىـ
مى بىلەن بالا ۋە سومكىسىنى كۆتۈرۈپ
پەسكە چۈشتى.

كىشىلەر بىر ـ بىرلەپ بېكەتتىن
چىقىپ كەتتى. مەلىكەم ئەڭ ئاخىرىدا
بىر قولىدا سومكىنى، بىر قولىدا بالىسىنى
كۆتۈرۈپ بېكەت دەرۋازىسىدىن چىقتى
ۋە شەھەر مەركىزىگە قاراپ يول ئالدى.
ئازراق ماڭا ـ ماڭمايلا ماغدۇرسىزلىقتىن
پۇت ـ قولى تىترەپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇـ
لىششقا باشلىدى. قولىدىكى سومكا پالاقـ
قىدە يەرگە چۈشتى، بالىمۇ ئاستا ـ ئاستا
پەسكە سىيرىلىشقا باشلىدى. نارەسىدە
بالا بىر ئالامەتنى سەزگەندەك ئاپىسىنىڭ
ياقىسىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. مەلىكەم
دەلدەڭشىپ يىقىلىش ئالدىدا بىر

www.uyghurkitap.com

مېھرىبان قول كېلىپ يۆلىۋالدى.

— ھەدە، ھەدە نېمە بولدىڭىز، بالىنى ماڭا بېرىڭ، — بۇ بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئىدى. قىز بالىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، مەلىكەمنى يۆلەشتۇرۇپ يول بويىدىكى ئورمانلىقنىڭ چېتىگە ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن بالىنى كۆتۈرگەچ بېرىپ سومكىنى ئېپكەلدى.

— ھەدە، نېمە بولدىڭىز؟ نەدىن كېلىشىڭىز؟

قىزنىڭ سوئاللىرى جاۋابسىز قالدى. باياتىنقى ئەھۋالنى باشتىن ئاخىر كۆرۈپ تۇرغان، يىكەتتىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا چاي سېتىپ ئولتۇرغان خەدىزۇ موماي، بىر ئىستاكان سوغۇق چاينى كۆتۈرۈپ كېلىپ قىزغا تۇتقۇزدى.

مەلىكەم ئاخىرى كۆزىنى ئاچتى ۋە ئالدىدا تۇرغان قىزغا سەپسالدى. بويى زىلۋا كەلگەن بۇ قىزنىڭ ئەگرى قىياقتەك ئۇزۇن كىرپىكلىرى تۈكۈلۈپ تۇراتتى. ھىمىرىلگەن قاشلىرى ئادەمگە قارلىغاچ قانىتىنى ئەسلىتەتتى. نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئاددىي رەختىدىن تىكىلگەن ئىش كىيىمى ئۇنىڭغا تولىمۇ ياراشقانىدى. بىلىنەر-بىلىنمەس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنىڭ بىردە پەسىيىپ، بىردە كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇشىدىن قىزنىڭ جىددىيلەشكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ھەدە، — دېدى قىز مۇلايىملىق بىلەن، — ئۇرۇق-تۇغقان يوقلاپ كەلگەن ئوخشايسىز، سىز ماڭا ئۇلارنىڭ ئورنىنى، ئىسمىنى دەپ بەرسىڭىز، مەن بېرىپ ئۇلارنى چاقىرىپ كېلەي ياكى سىزنى ئاپىرىپ قوياي.

— ھەئە، تۇغقان يوقلاپ كەلگەنىدىم سىڭلىم. تۇغقانلىرىم شەھەرنىڭ سىرتىدا، ئاپتوبۇستا ئىككى سائەتتە بارغىلى بولىدىكەن. سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، خاپا بولماي مېنى مېھمانخانىغا ئاپىرىپ قويسىڭىز، بۈگۈن بىرئاز ئارام ئېلىپ ئەتىگەنلىككە ئاندىن باراي، — دېدى مەلىكەم.

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ ھەدە، — قىز ئويلىنىپ تۇرمايلا مەلىكەمنى نېفىت شەھىرىنىڭ كۆركەم ھەم رەتلىك سېلىنغان بىنالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاسفالت يول ئارقىلىق كۈنچىقىش تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. ئۇلار بىر ئايلانمىدىن ئۆتۈشىگە، ئوخشىتىپ يېقىلغان ناننىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇلارنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلدى.

— ئاپا، — دېدى قىز جاراڭلىق ھەم يېقىملىق ئاۋازدا، — مېھمان باشلاپ كەلدىم.

— ياخشى قىپسەن قىزىم، قېنى ئۆيگە كىرەيلى.

تونۇردىن يېڭىلا پىشقان نانلارنى قومۇرۇۋاتقان 50 ياشلار ئەتراپىدىكى سېمىزغىنە ئايال مېھماننى قىزغىن قارشى ئالدى.

ئەسلىدە قىز مەلىكەمنى ئۆز ئۆيىگىلا باشلاپ كەلگەنىدى. ئازادە ۋە پاكىز ئۆيدە بىر كېچە ئوبدان ئارام ئېلىپ خېلىلا ئوڭشىلىپ قالغان مەلىكەم ئەتىسى ئۆي ئىگىسىگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى.

— قىزىم مېھراي، مېھماننى تۇغقان-

لىرىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كەل، يەنە تىنەپ قالمىسۇن، — دېدى ئانا قىزىغا تاپىلاپ. «مېھراي» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ مەلىكەمنىڭ يۈرىكى قارتىدە قىلدى-يۇ، ئارقىدىن ئۇيغۇرلاردا ئوخشاش ئىسىم كۆپ بولىدىغۇ، بۇ مېھراي ھەقىقىي ئىسمى-جىسمىغا لايىق مېھرى ئايدەك پاك قىز ئىكەن، دېگەنىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— ھەدە، — دېدى قىز كېتىۋاتقاچ، — تۇغقىنىڭىز نەدە ئىشلەيدۇ؟

— ئۇ نېفىت ئېلىش × زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ.

— مەنمۇ شۇ زاۋۇتتا ئىشلەيمەن. چوقۇم تونۇشۇم مۇمكىن، مەن بىر ھەپتىلىك نېفىت ئېلىش تېخنىكىسى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. ئۆگىنىشىم ئاخىرلاشتى. ئۇنداقتا سەپىرىمىز بىر ئىكەنغۇ، تۇغقىنىڭىز كىم ئىدى، — سورىدى قىز خۇشاللىق بىلەن.

— بەلكىم تونۇيدىغانسىز، — مەلىكەمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. چىرايىمۇ باشقىچىلا ئۆزگىرىپ كەتتي. ھە، مېھراي دېگىنى مۇشۇ ئىكەن-دە، دېدي ئۇ ئىچىدە.

— ساۋۇت توختى، — دېدى ئۇ ئارانلا ئاڭلانغۇدەك مىسكىن ئاۋازدا، — ئۇ مېنىڭ يولدىشىم بولىدۇ.

— نېمە دېدىڭىز ھەدە؟ ئېگىز بويلۇق، ئورۇقراق، ئوڭ قېشىنىڭ ئۈستىدە پۈرچاقتەك مېڭى بار ساۋۇتكام سىزنىڭ يولدىشىڭىز بولامدۇ؟ بالدۇرلا دېسىڭىز بولمامتى، — قىز شۇنداق دەپلا يېنىدا ئولتۇرغان مەلىكەمنى چىڭگىدە قۇچاقلاپ مەڭزىدىن مەڭزىگە ياقتى. شۇ تاپتا مەلىكەم قىزغا ئارتۇق گەپ قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ چۈشىنىكسىز بىر نەزەردە قىزغا بىر قاراپ قويۇپ، دېرىزە سىرتىغا قارىۋالدى، — زاۋۇتقا يېتىپ كەلدۇق ھەدە، ئۈچىنچى بېكەت ساۋۇتكامنىڭ ياتىقىغا ئەڭ يېقىن، شۇ يەردە چۈشۈپ قالايلى، — دېدى قىز خۇش خۇيلۇق بىلەن.

ئۇلار دەل چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەچكە، بىر نەچچە بويتاقلار ساۋۇتنىڭ ياتىقىدا تاماق يېيىشىۋاتاتتى. قىز مەلىكەمنى ئىشىك ئالدىغا قويۇپ، يۈگۈرگەن پېتى ياتاققا كىردى:

— ساۋۇتكا، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. سۆيۈنچىڭىزنى ئېپكېلىڭ، — دېدى ئۇ ئالقىنىنى ئېچىپ ساۋۇتقا تەڭلىگىنىچە.

ياتاقتا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان مېھراينى كۆرۈپ ھەممەيلەن ھاڭ-تاڭ قالدى.

— ۋۇي، ئاسماندىن چۈشتىڭىزمۇ، قاچان كەلدىڭىز ئۇكام؟ — ساۋۇت قىزغىنلىق بىلەن قىزدىن ئەھۋال سورىدى، — خۇش خەۋىرىڭىزدىن خەۋىرىم بار، بۇ قېتىمقى تېخنىكا نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە سىنىپ بويىچە بىرىنچىلىكنى ئالغانلىقىڭىزنى ئەتىگەن سەلىمدىن كەلگەن تېلېفوندىن ئۇقتۇم. شۇڭا سىزگە سۆيۈنچە ئەمەس، چوڭ مۇكاپات بار، — دېدى ئۇ.

— ئۆگىنىشتىكى نەتىجەم باشقا گەپ. ئۇنى مەن ھەرگىزمۇ خۇش خەۋەر قىلىپ ئالدىڭىزغا قويمايمەن. مېنىڭ دەۋاتقىنىم

www.uyghurkitap.com

باشقىچە خۇش خەۋەر، سۆيۈنچىگىزنى تېز چىقىرىڭ. بولمىسا چوڭ پۇشايمانغا قالىسىز، — دەپ ھەيۋە قىلدى قىز.

— شەھەردىن چىققۇچە قورسىقىڭىزمۇ ئېچىپ قالغاندۇ، كېلىڭ، تاماق يەيلى، — دېدى ساۋۇت قىزنى جوزىغا تەكلىپ قىلىپ. ئۇ بىر قاچا پولونى قىز تەرەپكە سۈرۈپ قويدى. قىزنىڭ تاماققا قارىماي ھەدەپ سىرتقا قاراۋېرىشىدىن ئەجەبلەنگەن ساۋۇت بۇ يەردە بىر سىرنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلدى-دە، ئىتتىك سىرتقا چىقتى. ئۇ بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئايالىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدى.

— ۋۇي، راست خۇش خەۋەركەنغۇ بۇ، قانداق ئەھۋالىڭ؟ كېلىدىغان ئادەم ماڭا خەۋەر قىلىۋەتكەن بولساڭ ئالدىڭغا چىقماسمىدىم، يۈر ياتاققا كىرەيلى، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە مەلىكەمنىڭ قولىدىن بالىنى ئالدى-دە، ئاتىلىق مېھرى بىلەن سۆيۈپ كەتتى. ساۋۇتنىڭ ياتاقداشلىرى تاماق قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بىر-بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى.

— مېھراي سىڭلىم، سىلەر مەلىكەم بىلەن قانداق ئۇچرىشىپ قالدىڭلار؟ — دېدى ساۋۇت ئۇلارغا چاي تەييارلىغاچ. مەلىكەم ئۇلارغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن دىققەت قىلدى.

— دوستۇمنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ قاتناش بېكىتىنىڭ يېنىدىراق مەلىكەم ھەدەم بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم، — دېدى مېھراي ۋە ئەھۋالىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. مەلىكەممۇ ئۆز نۆۋىتىدە مېھراينىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە قىلغان غەمخورلۇقىنى مەمنۇنىيەت بىلەن سۆزلەپ بەردى.

— سىزنىڭ ساۋۇتكامنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقالماي قاپتۇق، بولمىسا ساۋۇتكام ئۆيگە بېرىپ ئەكەلمىگىچە سىزنى قويۇپ بەرمەسكەنمىز، — دېدى مېھراي چاقچاق قىلىپ. ئۇلار بىردەم تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— خوش، مەنمۇ ياتىقىمغا چىقاي، سىز ئوبدان ئارام ئېلىڭ، مەلىكە ھەدە، ئەتە كۆرۈشەيلى.

مېھراي ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

مەلىكەمنىڭ كۆڭلىگە سايە تاشلىغان قارا بۇلۇتلار ئاستا-ئاستا تارقىلىپ كەتتى. ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ ھېلىقى كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئىشلارنىڭ سايىسىنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. ئۇ گۇمانلانغۇدەك ھېچقانداق گەپ-سۆز بولمىدى.

— مەن سىزنىڭ يوتقان-كۆرپە، كىيىم-كېچەكلىرىڭىزنى يۇيۇپ، تازلاپ بېرەي، دەپ كەلگەنىدىم، — دېدى مەلىكەم ۋىلىلدە قىزارغان ھالدا.

— بۇ يەردىكى يولداشلارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ. بىر-بىرىمىز بىلەن تولىمۇ ئىناق ئۆتىمىز. يوتقان-كۆرپە ياكى كىيىم-كېچەكلىرىمىز بىر ئاز كىر بولۇپ قالسا ئۆزىمىز

يۈيىلى دەپ بولغىچە، كىمنىڭ ئەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالىمىز، بىرەر يېرىم كۈندىن كېيىن، پاكىز يۈيۈلۈپ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. كۆپچىلىك بىر ـ بىرىگە كۆيۈنىدۇ.

ساۋۇت مەلىكەمگە بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپ ئۇنى خاتىرجەم بولۇشقا ئۈندىدى.

مەلىكەم بىر نەچچە كۈن تۇرۇش ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولدى.

— ئاغرىقچان ئاپامنى دېمىسەم مېنىڭمۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگۈم كېلىۋاتىدۇ، بۇ يەر ھەقىقەتەن ياخشىكەن، — دېدى مەلىكەم قايىل بولغان ھالدا. رىۋاللىق مەلىكەمنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانلارنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتىرجەم بولۇپ، بۈگۈن ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن كىرىۋاتقان سالقىن شامالدا ھۈزۈرلىنىپ ئولتۇرۇپ، نېمىتىلىكتە ئۆتكۈزگەن نەچچە كۈنلۈك كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنى ئەسلىدى.

نېمىدېگەن ياخشى كىشىلەر، — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، بىر ـ بىرىسىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى شۇنچە قىلىشىدىكەن، ئارقىدىنلا خاتىرجەم تۇرمۇشقا پاراكەندىچىلىك ئۇرۇقىنى چاچقان پاشاخاننىڭ چىرايى كۆز ئالدىغا كەلدى. ھەي، پاشاخان، ھەي پاشاخان، باشقىلار سېنى ئىچىڭنى قوتۇر، ھازازۇل، دېسە نېمىشقا ئۇنداق دەيدىغاندۇ دەپتىمەن، بۇ قېتىم بىلدىم، سەن ھەقىقەتەن شۇنداق دېيىشكە لايىق ئايال ئىكەنسەن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

(بېشى 92 ـ بەتتە)

— سىلەر مېنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەۋېرىشىمگە راستىنلا قوشۇلساڭلار، مەن قايتىپ ئۆز خىزمىتىمنى قىلىۋېرەي، نەۋرىلىرىڭىز بىلەن كېلىنىڭىزنى ئامال بار ئىككى يىلدا بىر قېتىم سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ئەۋەتىپ تۇرىمەن. مەنمۇ سىلەرنى يوقلاپ تۇرىمەن، — دېدى جياۋفىڭ دادىسىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

جياۋفىڭ كۆزلىرىنى دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كوچا ۋە ئىمارەتلەرگە تىكتى. دۇكان ـ ماگىزىن، ئىمارەت ـ بىنالارنىڭ گىرۋىكىگە ئورنىتىلغان رەڭگارەڭ چىراغلار ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇردى. ئۇ كوچىغا چىقتى. بۇ نېمىدېگەن گۈزەل شەھەر ـ ھە!

ئۇ يۇرتىنىڭ كېچىدىكى گۈزەل مەنزىرىسىگە تىكىلدى، كۆز ئالدىدا شىنجاڭنىڭ كەڭرى كەتكەن زېمىنىدا يالىڭاياغ، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، قاراقاش، شوخ، قارا كۆزلۈك سەھرالىقلار ۋە ئەسىرلەردىن بېرى تىنىم تاپماي دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان تارىم، ئىلى، يورۇڭقاش دەريالىرى نامايان بولدى.

ئۇ ئەزىزانە يۇرتىنى، سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانىسىنى يىراق جايدا قالدۇرۇپ، ئەتىسىلا شىنجاڭغا يۈرۈپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

توختى قاسىم

# ئانىلار كۆزىگە يولاتمايلى ياش

## بىر ياشقا

ئالىيىپ ئاناڭغا، ئىنسانلىقىڭدىن —
قول ئۈزۈپ بىر دەمدە بولىسەن ھايۋان.
ئانىنىڭ سۆيپەتى تۇرار قۇياشتا،
ئىزلىرى ئۇنىڭكى مەڭگۈدۇر ھامان.

رازدۇر ئانىلار، رازدۇر خۇدا،
بۇ سۆزنى دەستۇر دەپ، شوئار دەپ سانا.
مەنىلەر قامۇسى ئانا دېگەن سۆز،
مەڭگۈلۈك دەرس ئالار ئۇندىن ھەر دانا.

ئىزدىمە جەننەتنى بولمىغىن سەرسان،
ئۇ ئانا باغرىدا يۈز ئاچار ھەر ئان.
ئاق چاچلار تېگىدا چاقنايدۇ نۇرلار،
ۋەسلىدە ئالتۇنغا ئۆرۈلەر جاھان.

بالا بىز — پەرزەنت بىز، يۇمران نوتا بىز،
ئانىغا بەك ئېسىل پەرزەنت بولىمىز.
ئۇ كۈتكەن ئۈمىدنى قولىغا بېرىپ،
كۆكتىكى تولۇن ئاي كەبى تولىمىز.

ئانىلار كۆزىگە يولاتمايلى ياش،
ئانىلار يۈرىكى بولغاي بىجىرىم.
ئالايما ئاناڭغا ئەي نادان دوستۇم،
كۆكلەمنى باسىدۇ ئاياز، ئىزغىرىن.

## ئاق خالاتلىق پەرىشتەم

تالاي بىمار تاپتى شىپالىق،
قوللىرىڭدىن ئاپئاق پەرىشتەم.
كېسەللەرگە ئۈمىد ئاتىدىڭ،
كۆڭۈللەرنى قىلىپ خاتىرجەم.

يېرىم خۇدا، دېسە بوۋايلار،
پەرىشتىكەن، دەيدۇ مومايلار.
تۆككەن ئەجىر — مېھنەتلىرىڭدىن
ئامان قالدى تالاي نىمجانلار.

مەيلى تونۇش مەيلى ناتونۇش،
شىپايىڭ بار بىمار بولسىلا.
راھەت سېزەر يىللىق مېھرىڭدىن
كېسەل تارتىپ ئىڭرىغان جانلار.

كۆرمەسلەرنىڭ ئېچىلدى كۆزى،
گاچىلارنىڭ سايرىدى تىلى.
سەن كۆيۈنۈپ داۋالىغاچقا،
شىپا تېپىپ يايرىدى دىلى.

ساڭا دىلدىن تاشتى مەدھىيەم
ئاق خالاتلىق گۈزەل پەرىشتەم.
تىنىقلىرىڭ خىزىر تىنىقى،
ۋۇجۇدۇڭغا ھايات مۇجەسسەم.

## رۇبائىي

بىلمەدىڭ خۇشتارلىقىمنى مەلىمىزنىڭ دىلبىرى،
مەن كۆيۈپ قالغان ساڭا مايىتاغدا كۆرگەندىن بېرى.
يا ئۆلەي، يا بىر سۆيەي، قىلدىم تەۋەككۇل گۈلپەرى،
ياقىمدى سەندىن بۆلەك نازلىق گۈزەلنىڭ ھېچبىرى.

مۇھەممەت ۋەلىيوۋ

# شېئىرلار

### تۇرمايمەن بېزىرىپ

(بىر ياشنىڭ ئاغزىدىن)

كەيپىنى سۈرۈپ ئاشۇ شارابنىڭ
تالاي ۋاقىتنى ئۆتكۈزدۈم بىكار.
دەپتىكەنىمەن شۇ چاغلاردا مەن:
كەيىپ دېگەننىڭ ئەجەب پەيزى بار.

ئەمدى پۇشايمان ئۆتكەن ھاياتقا،
كەلمەس ئورنىغا قاقشىسام يېنىپ.
ئۇچرۇپ مېنى «دوستۇم» دېگەنلەر
كەتتى دوستلۇقتىن بىر يولى تېنىپ.

دىلىم قاراڭغۇ، شاراب كەيپىدە
ئىلىم ـ بىلىمدىن بولمىغاچ ئەسەر.
ئەلمۇ سۆيمىدى مېنى ئوغلۇم دەپ،
ئىشلەپ ماڭلايدىن تۆكمىگەچ ساپ تەر،

سۇنمىغىن ئەمدى ماڭا رومكاڭنى،
ئاشۇ كېچىدىن كەچتىم بىر يولى.
نادانلىقتىن مەن بولدۇم مىڭ بىزار،
غەپلەت ئۇيقۇنىڭ بولمايمەن قۇلى.

نومۇس سېزىمەن ئۆتكەن كۈنۈمنى،
ئەلنىڭ ئالدىدا يۈزۈم قىزىرىپ.
ئەمدى تۇردۇمەن ئىشقا بىلەكنى،
تۇرمايمەن زادى تاراپ بېزىرىپ.

### ئىشچان بولساڭ

ئىشچان بولساڭ يەڭ تۈرۈپ
كۆرسەت ئەلگە ماھارەت.
غەيرىتىڭدىن ئۇرغۇسۇن
ئوتتەك قىزىق ھارارەت.

بەختىڭ كۈلسۇن ئەمگەكتە،
چېچەك ئېچىپ نۇرلىنىپ
ئەل سۆيۈنسۇن ئەجرىڭدىن،
زوقلىنىپ ھەم روھلىنىپ.

ئالسۇن ئورۇن قەلبىڭدە
ئەل — ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى.
بەخش ئەتسۇن ئەلگە نەپ،
ئەمگىكىڭنىڭ مېۋىسى.

### ئەمگىكىمنىڭ ئوتى بار

بايا بىرى سورىدى،
ھەيران بولۇپ مېنىڭدىن:
قەھرىتان سوغ ئۆتمەيدۇ
ئاي دالادا جېنىڭدىن.

دېدىم: ماڭا كار قىلماس
جۇت ـ شۇۋرغان ياكى قار.
نېفىتچىمەن قەلبىمدە
ئەمگىكىمنىڭ ئوتى بار.

www.uyghurkitap.com

ئادىل يۈسۈپ

# سېنى سۆيۈپ ياشايمەن گېلىتاغ

### قاسىدىپ...

غايىب بولدۇڭ نۇردەك پاللىدە،
ھەسرەت چەكتىم، ئىزدىدىم ئۇزاق.
تاپالمىدىم ھېچيەردىن سېنى،
يۈرىكىمنى ئەزدى دەرد - پىراق.

خىياللارغا پاتتىم قالاي كۈن،
ئاسمانلارغا ئات سالدىم ھەتتا.
سەن پەرىشتە توپلىرىغا باش،
مەن قارايمەن ئۇپۇققا تەنھا...

چۈشلىرىمدە يولۇقتۇڭ ئاخشام،
ئاق گۈللەرنى ئېرىققا تاشلاپ.
قۇدرەت پۈتسە ئېپكەلسەم سېنى
چۈش سەتھىدىن ئۆيۈمگە باشلاپ.

### قار تەسىراتى

ياغالمايدۇ دەپتىمەن قاتتىق،
قىيپاچ ئۇچقان ئۇچقۇندا قارنى.
ئاسماندا قىش، ئاپئاق ئۇچقۇنلار،
يەردە يىغلاپ كۈيلەر باھارنى.

تاڭدا قوپۇپ چىقسام تالاغا،
ئىز ئىمغىچە پاتتىم مەن قارغا.

### خىزىر

بۈگۈن ماڭا خىزىر ئۇچرىدى،
سەھەر پەيتى يولنىڭ ئۈستىدە.
ئەجەب نۇرلۇق ئىدى بۇ كىشى،
قۇياش باردەك پېشانىسىدە.

دولقۇنلىنىپ كەتتى ۋۇجۇدۇم،
ئەسسالام، دەپ ئېلىشقاندا قول.

ئاقتى شۇئان ئۇنىڭغا قاراپ،
ھۆرمىتىنىڭ ئېقىنلىرى غول.

تۇرۇپ بىردەم ھال - ئەھۋاللىشىپ،
ئاق يول تىلەپ كەتتى ئۇ ماڭا.
ئوقۇتقۇچۇم ئىدى ئۇ مېنىڭ،
بىلىم بەرگەن تۇنجى سىنىپتا.

### ئىبرەت

پاشا قۇمۇچنى تۇرار جاي قىلىپ،
كۆپىيەركەن ھەم تۇخۇم سېلىپ.
تەۋرىسىلا قۇمۇچ شامالدا،
باشقا جايغا كېتەركەن قېچىپ.

يۈرىكىمنىڭ خىتابلىرىغا
قۇلاق سالغىن ئەي ئانا ۋەتەن:
تەۋرىسۇن يەر، غولىسۇن ئاسمان،
كەلسىمۇ جىن ئالۋاستى دېگەن.

جېنىم، تېنىم، بارلىقىم بىلەن،
ساڭا ھەمراھ بولىمەن ئەبەد.
ئىككى ئالەم ئالىمەن چوقۇم،
ئاشۇ يۈزسىز پاشىدىن ئىبرەت.

### ئۇرۇقنىڭ سۆزى

ئۆتتۈۋالدىم جۇتتىن سالامەت،
يەر ئانىنىڭ باغرىدا ئۇخلاپ.
چۈشلىرىمدە كېلىچەك بىلەن،
يۈردۈم خۇشال مۆكۈشمەك ئويناپ.

ئويغان بالام، دېگەن سادادىن
يورۇپ كەتتى كۆز ئالدىم شۇئان.
تېزلا ئۆسۈپ بەردىم مول ھوسۇل،
كۈلدى ئانام بولۇپ شادىمان.

## سىنا

ئېيتىدۇ خەلقىم ئەزەلدىن «مەردنى مەيداندا سىنا»،
ياخشى ئاتنى ئىزدىسەڭ سەن بەيگە-مەيداندا سىنا.
ۋارقىراپ يۈرگەنلەرنىڭكى ھەممىسى كۈيچى ئەمەس،
كۈيچى مەن دېسە كىمىكى ناخشا ئېيتقاندا سىنا.
پۇل-مېلىڭنىڭ بار چېغىدا دوست دېگەنلەر بەكمۇ كۆپ،
قايسى يالغان، قايسى راست سەن دەردتە قالغاندا سىنا.
ساڭا سادىق بولىمەن دەپ ۋەدە بەرسە ھە دېگىن،
ساپ ئەجرىنىڭ تەرىدىن ئۈز كۆل ئېچىلغاندا سىنا.
ئاتلىنىپ مەردلەر قاتارى قوچماقچى بولساڭ شان-ئۆتۈق،
بول تىرىشچان، ئەلگە سەندىن نەپ قېتىلغاندا سىنا.

### دوستلارسىز...

ئۆن-تىنسىز يىغلىماقتا تىك قىيا تاش،
كۆز يېشى تەپچىرەيدۇ ئاراشلاردىن.
ئۇ ھامان تەنھا تۇرار يانباغرىدا،
بىخەۋەر دوست دېگەندىن، قاياشلاردىن.

بىر قىسما بولدى كۆڭلۈم ئاڭا قاراپ،
ئەجەبكەن بۇ دۇنيادا پەلەك ئىشى.
يىغلىغان تۇرسا ھەتتا قىيا تاشمۇ،
دوستلارسىز خۇشال ياشار،
قانداق كىشى؟

### ماڭا كۆيسەڭ كۆيەلمەسمىدىڭ

ماڭا كۆيسەڭ كۆيەلمەسمىدىڭ،
قىلغاندىكىن دەردكە مۇپتىلا.
مېنى سۆيسەڭ سۆيەلمەسمىدىڭ،
تەۋەككۇل دەپ مەيلى بوپتىلا.

چوغلاندۇردۇڭ چىرخچىلاپ تىنىماي،
تېخى يۈمران سەبىي يۈرەكنى.

باللىقنى تۈگەتتىڭ تامام،
ئاتا قىلىپ زور بىر تىلەكنى.

شەلپەر ئاسقان تاڭدىكى ئۈپۈق،
جان ئالغۇچى ياقۇت لەۋلىرىڭ.
تۇرار ۋىسال مەنزىلىم ئۆتۈق،
ئېزىتقۇمىز تەبەسسۇملىرىڭ.

ئۆيقۇ كۆرمەي كېچىلەر ئارا،
خىياللارغا بەند بولدۇم يەكسەر.
زەھەر-زوقۇم يۇتۇپ تۇرسامۇ،
بىلمىدۇ ماڭا ئۇ كەۋسەر.

مېنى سۆيسەڭ سۆيەلمەسمىدىڭ،
سۆيگىنىمدەك قۇياشنىڭ يەرنى.
تاپماسمىدۇق بىر ئۆمۈر بەخت،
تەڭ باشلىساق ئەگەر سەپەرنى.

### گىلتاغ قىزىغا

كۆزلىرىڭنى كۆردۈم ھەر ئاخشام
يۇلتۇز كۆلگەن ئاسمان قوينىدا.
يۈزۈڭ ئاسقان تۇمارنى كۆردۈم
جۇڭغاردىكى يەللەر بوينىدا.

www.uyghurkitap.com

ئاي يۈزۈڭدىن تامار بىر بەخت،
قەدىمىڭدە يانار گۈل - چېچەك.
ئۆچكە تاغنىڭ تاقىرلىقىنى
گۈلگە ئوراش سەندىكى ئىستەك.

چولپان بىلەن سىرداشسەن ئۆزۈڭ،
باغرىڭدىلا ئاتىدۇ تاڭلار.
شەپە بېرىپ ئۆتكەن يەردە سەن،
يايراپ كېتەر گۈل كەبى جانلار.

غايەڭ سېنىڭ تاغلاردىن يۈكسەك،
چۆلگە گۈللەر تاراتماقچىسەن.
ئۆچكە تاغنىڭ قۇچاقلىرىدا
سولماس گۈلشەن ياراتماقچىسەن.

كىلتاغ قىزى سېنىڭ خىسلىتىڭ
يولداش قىلدى مېنى قۇياشقا.

سادىق ئابدۇراخمان

... شۇندىن بۇيان نۇر چاچماقتىمەن،
قەدەم باشقا، ئىزىمىز باشقا...

### بۇلاق

زېمىن ئالقىنىدىكى قاپارتقۇدىن
ئېچىلغان كۆز ئۇ شوخا سانجىلىپ.
ئاشۇ كۆزدىن ئاققان سۈپسۈزۈك
هاياتبەخش سۇ ئۇ جاۋاھىر چېچىپ.
قۇياش جەزىرىسىدىن ئۆتۈپ بولغۇچە،
چاك- چاك ئۇسسۇزلۇقنىنى كېلىمەن بېسىپ.

### ئۆزرە

كەچۈرگىن ئەي يوللار تومۇردىن ئاياغ
كىيىپ ماڭدىم يۈزۈڭگە دەسسەپ.
چۈنكى مېنىڭ مەنزىلىم يىراق
كېلىچەككە بارىدىغان گەپ.

## يوقلاپ كەپسەن مېنى دىلبىرىم

### هايات ھەققىدە ناخشا

ئانام ئىمىزگىنى بەرمەس بولغاندا،
گاھى ئۆمىلەپ، گاھى ماڭغاندا،
بىلدىم،
ئالەمچە ئىنتىلىش بىلەن
ئادەم بولماقنىڭ قىيىنلىقىنى.
تالنى ئات قىلىپ ئويناپ يۈرگەندە،
دادام «چوڭ بولدۇڭ، ئوقۇ» دېگەندە،
بىلدىم، ئاجايىپ سەبىيلىك بىلەن
ئادەم بولماقنىڭ قىيىنلىقىنى.

ئۇستاز دىلىمغا چىراغ ياققاندا،
بۇ گلوبۇس دەپ ماڭا باققاندا،
بىلدىم،
سۆيگۈ ھەم نەپرەت بىلەن
ئادەم بولماقنىڭ قىيىنلىقىنى.
ئادەملىكىمگە گۇمان قىلغاندا،
يۈرىكىمنى گۇمان تىلغاندا،
ئاھ، ئالغاندا ئەسكە باللىقىمنى،
بىلدىم،
بىگۇمان بىر كۈلكە بىلەن
ئادەم بولماقنىڭ قىيىنلىقىنى.

## يوقلاپ كەپسەن مېنى دىلبىرىم

يوقلاپ كەپسەن مېنى دىلبىرىم،
كۆزلىرىڭدە يالتىرايدۇ ياش.
كىرپىكىڭدەك بولدى كىرپىكىم،
ئېغىر كەلدى يۈزۈڭگە قاراش.

قاراڭغۇ ئۆي بوپكەتتى يورۇق،
سەزدىم تار ئۆي ئالەمچە باردەك.
خاتا تەبىر بەردىم ئۆزۈمگە،
بىلمىگەنتى كەڭ دۇنيا تاردەك.

ئەمدى كەلسەڭ يىغلىما دىلبەر،
پارلاپ تۇرغان كۈلكە ئېلىپ كەل.
كۈلكە قونغان لەۋلىرىڭ مەرمەر
لەۋلىرىمگە مەرمەر سىلىپ كەل.

## كۈلكىنىڭمۇ باركەن يىغىسى

ئالدى ـ ئارقامدا سوئال بەلگىسى،
ئۈندەشكە ئوخشار ئۇنىڭ مەنىسى.
سوئال ۋە ئۈندەش بىر تۇغقان ئىكەن،
كۈلكىنىڭمۇ باركەن يىغىسى.

**ئىلياسەم مىجىت**

## ئىجاد ۋە ئىلھام

ئاھ يۈرەكلەر چىدايدۇ قانداق؟
ئىلھام كەلسە نۇردەك يالتىراپ.
زۇلمەت دىلدا ئۇ چېقىن گويا،
ئۇندىن زېمىن كېتەر قالتىراپ.

ئاھ يۈرەكلەر چىدايدۇ قانداق؟
ئىلھام كەلسە ياردەك جىلۋىدىلىك.
گۈزگە ئوخشاش سۆيگۈسىز ھايات،
سۆيگۈ بىلەن ھەممىمىز تىرىك.

ئاھ يۈرەكلەر چىدايدۇ قانداق؟
ئىلھام كەلسە ئىلاھەتەك غايىب.
ئىككى ئالەم مۆجىزىدۇر ئۇ،
نېمەتلىرى گۈزەل ئاجايىپ.

ئاھ يۈرەكلەر چىدايدۇ قانداق؟
ئىلھام كەلسە ئەپسۇندەك بېسىپ.
بەسى مۇشكۈل سىرىنى توسماق،
بولماس ئۇنى قەلەمچىتا چېپىپ.

ئاھ يۈرەكلەر چىدايدۇ قانداق؟
ئىلھام كەلسە كۆكلەمدەك كۈلۈپ،
كەلسە كۆكلەم ياشنار كائىنات،
كەتسە گىياھ قالىدۇ ئۆلۈپ.

ئىلھام دېگەن ئىلاھ قۇدرىتى،
بۇ قۇتۇلۇش بەلكى ئۇ نىجات.
شۇ تەركىپتىن تۈزۈلگەچكە ئۇ
مەڭگۈ غالىب كەشىپ ۋە ئىجاد.

www.uyghurkitap.com

تۇرنىسا ئابلەز

# ۋىسالنى كۈلۈشۈپ قارشى ئالىمىز

## شۇ كۈلكە بىلەن...

خوش دېمەي ئۈنىمىزلا كۈلۈپ، ئايرىلدۇق،
ھەسرەتلىك شەبنەملەر سۆيدى مەگزىمنى.
يۈرەكنى قامالاپ مورلىسا ھىجران،
شۇ كۈلكەڭ ياشا، دەپ مېنى بەزلىدى.

ھېچقاچان چىقمايدۇ ئېسىمدىن مېنىڭ
شۇ كۈلكە باغلىغان ئۈزۈلمەس رىشتە.
ئۈنتۇلار ئازابلار، توزار ھەسرەتلەر،
بولغاچقا دىلىمدا پارلاق ئەقىدە.

كېلىسەن بىر تاڭدا مۇشكۈلنى يېڭىپ،
كۆتۈرۈپ شان چاچقان زەپەر تۇغىنى.
ۋىسالنى كۈلۈشۈپ قارشى ئالىمىز،
يەلپۈيمىز دىللارنىڭ ئۆچمەس چوغىنى.

## دوستۇمغا

ئالدىمدا ھەمىشە تۇرساڭ مۇلايىم،
دەپتىمەن مەن سېنى دوستۇم، خۇدايىم.
بېشىمغا كۈن چۈشتى كەتتىڭ سايىدەك،
نەدىكى جەننەتسەن؟ قىيامەت قايىم.

ھاياتنىڭ بۇ ئۇزۇن سەپەرلىرىدە،
نەچچە رەت يىقىلىپ، نەچچە رەت تۇردۇم.
يىقىلسام خوش بولدۇڭ، تۇرسام بىناۋا،
لېكىن مەن گۈللىدىم، ھامان جۇش ئۇردۇم.

چىن دوستلۇق گۈللىرى توزۇماس مەڭگۈ
نۇر ئېمىپ مېھىردىن ھەم مۇھەببەتتىن.
مەردانە قىيىلغان جاندۇر بەدىلى،
يىلتىزى ئايرىلماس ئار ـــ ساداقەتتىن.

## ھىجران ۋە ۋىجدان

كۆزلەردىن تامچىسا ھەسرەت ياشلىرى
دەيمەنكى كۆز ياشىنىڭ ئىلاھى ــ ھىجران.
سۆيگۈمىز ئوخشىغاچ تاڭلارغا گويا
تاڭلاردەك تۇرىدۇ بىزدىكى ۋىجدان.

راخمان ئاقنىياز

## نېفىتلىك باغرىغا سىڭگەن تامچىمەن

نېفىتلىك باغرىغا سىڭگەن تامچىمەن
بۇ ئانا تۇپراقنى مەھكەم قۇچاقلاپ.
تالاي يىل قاغجىراپ ياتقان ماكاننى
كۆكەرتكەن، سۇغارغان باغچا ـ باغچىلاپ.

نېفىتلىك باغرىغا سىڭگەن تامچىمەن،
گوياكى تومۇردا ئاققان قان بولۇپ.
شېغىل ھەم تاشلارنىڭ ئاستىغا كىرىپ
گىياھنى ياشارتقان زەم ـ زەم سۇ بولۇپ.

نىفىتلىك باغرىغا سىڭگەن تامچىمەن،
ئاھ، زېمىن ئاستىدىن بايلىق ئىزدىگەن.
نىفىتلىك باغرىنى مەردلەرچە يېرىپ،
ئىنسانغا ئەڭ ئالىي بەخت كۆزلىگەن.

نىفىتلىك باغرىغا سىڭگەن تامچىمەن،
بۇ گۈزەل ھاياتنى ساڭا بېغىشلاپ.
ئارزۇيۇم - ئارمىنىم ئاشتى ئەمەلگە،
ئاھ، زېمىن ياشايمەن سېنى قۇچاقلاپ.

ئادىل زۇنۇن

## گۈزەل بىر شەھەر

تۈنۈگۈن قاغجىراپ ياتقان بۇ چۆلگە
ئىپارلار ئاڭقىغان چىمەن تىزىلدى.
پەرىشتە قولىدا رەسسامنىڭ گويا
بىر پارچە قەغەزگە جەننەت سىزىلدى

ھەيۋەتلىك بىنالار، ئاسفالت يوللار،
ئاخشىلىق ئەسنالار، يۇلتۇزلۇق تۈنلەر.

گۈللەرنىڭ جىلۋىسى يېڭى بىر ئىقلىم
گۈللەرگە پۈركىنىپ ئۆتىدۇ كۈنلەر.

يۈز ئاچتى مۆجىزە چۆللەر باغرىدا
يالتىراپ نۇر چاچتى مانا بىر گۆھەر.
تاشلارغا بىز تەرگەن مۇھەببەت گۈللەپ
بوپ چىقتى ئاخىرى گۈزەل بىر شەھەر.

خۇدابەردى

## يەنە تۆھپە قوشىمەن

(پېنسىيىگە چىققان بىر ئىشچىنىڭ بايانى)

قىران چاغدا كەلگەنتىم
ئىشچىلىققا، مايتاغقا.
تەقسىماتتا بۆلۈنگەن
نىفىت ئايرىش زاۋۇتقا.

ئوتتۇز يىلنى ئۆتكۈزدۈم
ھالال ئىشلەپ بىر كۈندەك.
ئىش ئورنىمدا چىڭ تۇرۇپ،
تۆھپە قوشتۇم كۆتكەندەك.

ئەڭ جاپالىق چاغلاردا،
ماڭدىم ئىزلار قالدۇرۇپ.
پېنسىيىگە چىقتىم ئىشنى
ئەۋلادلارغا تاپشۇرۇپ.

ئۇمىدىمنى ئۈزمەيمەن،
مېھرىم چۈشكەن زاۋۇتقا.
يەنە تۆھپە قوشىمەن
كىرمىسەملا تاۋۇتقا.

ئادالەت ئابدۇراخمان

## پارچىلار

بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئوقۇشنى ئۇلۇغ،
بىلىمدىن كېلىدۇ جىمىكى ئوتۇق.
بىلىمدىن، ئوقۇشتىن ئۈزۈلىنى تارتساڭ،
بولمايدۇ قىممىتىڭ ھەتتا بىر پۇڭلۇق.

بولسىمۇ رەڭگارەڭ گۈللەر تۈرلىرى،
ھەممىسى ئوخشاشلا گۈزەل كۆرۈنەر.
ئادەمنىڭ چىراي بولغىنى بىلەن،
ئەخلاقى بولمىسا مەخلۇق كۆرۈنەر.

ئابلا ھەمدۇل

# ئەپۇ

(ھېكايە)

مەن ئەما بولغاچقا، ئۇكامنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تەبىئەتنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلىنىپ كېتىۋاتىمەن. يورۇقلۇقتىن مەھرۇم بولغان كىشىلەر بىرەرسىنىڭ يول باشلىشىغا نەقەدەر موھتاج - ھە. ئۇ يېنىمدىن ئايىغى چىققان كىچىك بالىغا ئوخشاش ئىكىم قاياققا باشلىسا شۇ ياققا مېڭىۋېرىدۇ.

ئۇكام يۇمران قوللىرى بىلەن قولۇمنى تۇتۇپ مېنى يېتىلەپ ماڭاتتى. مېڭىپ كېتىۋېتىپ نەگە كەلگەنلىكىمىزنى، ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى ماڭا تونۇشتۇراتتى. مەن «ھە» دەپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قوياتتىم. ئىچىم سىقىلاتتى. ئۆزۈمنى ئۇكامنىڭ سىڭلىسىدەك ھېس قىلاتتىم. ئەما بولغىچە گاس، گاچا بولغان بولسامۇ يورۇقلۇقنى، تەبىئەت دۇنياسىنى كۆرەلىگەن بولاتتىم.

— ئاچا، يانغا ئۆتۈڭ، ماشىنا كەلدى، — دەپ قولۇمنى تارتتى ئۇكام. لېكىن خېلىلا بەستلىك گەۋدىگە ئۇرۇلۇپ كەتتىم. راستىنى ئېيتقاندا مەن ئۇنىڭغا ئۇرۇلدۇممۇ ياكى ئۇ ماڭا سوقۇلدىمۇ، بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، ۋايجان دەپلا يەردە ئولتۇرۇپ قالدىم.

— ئەپۇ قىلىڭ خانىم، مەن سىزنى قەستەن سوقۇۋەتكىنىم يوق، — قۇلاق تۈۋىمدە بىر يىگىتنىڭ جىددىي ئەمما مۇلايىمغىنە ئاۋازى ئاڭلاندى، — بىر يېرىڭىز ئاغرىمىغاندۇ، بۇ راستىنلا ئېھتىياتسىزلىقتىن بولدى.

ئاچچىقىم كەلدى. بىرمۇنچە گەپ بىلەن ئەپۇ سورىغاندىن كۆرە مېنى يۆلەپ قويسىچۇ كاشكى، ئۇكامنىڭ ياردىمى بىلەن بېلىمنى رۇسلاپ ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— ھېچقىسى يوق، بۇنچىلىك ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، — ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم.

— رەھمەت خانىم، — قۇلاق تۈۋىمدە يەنىلا يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى.

— مەن خانىم ئەمەس، — دېدىم ئاچچىقىمنى تەستە بېسىپ، مەن تېخى ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن تۇرسام، بۇ كىشى مېنى خانىم دەۋاتىدۇيا! يەرگە

(ئاخىرى 126 - بەتتە)



سېيىت ئۆمەر

# يوقلاش

(ھېكايە)

— ھوي ئاداش، بۇياقتا كېلىپ قاپسىلەرغۇ، — شىرىق ئىشتان-چاپان كىيگەن، ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل كەلگەن بىر يىگىت مەندىن ئەھۋال سورىدى. ئۇ گۈرجەك كۆتۈرۈۋالغانىدى.

مەن ئۇنى قاچان، قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى دەماللىققا ئەسلىيەلمەي، ئۇنىڭ چىرايىغا بىر پەس سەپسالدىم. ئۇنى بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى كۆرگىنىمنى ئاران ئېسىمگە ئالدىم.

— بۇ يەرگە ئىشقا كىرىپسىلەردە؟ — دېدىم مەنمۇ.

— سىلەر ئالمىغان بىلەن بۇ يەردىكىلەر ئىنساپلىقكەن، ئوبدان كەپسىز دەپ ئىشقا ئالدى، — دېدى ئۇ مۈرەمگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، — ھەي ئۇكا، كۈندۈزى پوستتىن كىرگۈزمىدىڭلار، كەينىمگە يېنىپ تۆۋەندىكى جىرانىڭ ئىچىدە مۈكۈپ يېتىپ، كەچتە مايتاغقا كېلىپ ئەتىسىلا ئىشقا كىرىۋالدىم. ماشىنىغا يول تۈزلەيمەن، يولنىڭ قارلىرىنى تازىلايمەن، بولىدىغان ئىشكەن. مانا سەنمۇ كەپسەن، بىللە ئىشلەيدىكەنمىز-دە، بىراق سەن خېلى ئوقۇغاندەك تۇرىسەن، مېنى باشقۇرىسەنغۇ دەيمەن؟

مەن دايىمجان بىلەن ئەنە شۇنداق تونۇشۇپ قالغانىدىم. بۇ 1952-يىلى 12-ئايلار ئىدى. ئۇنى مەن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى كۆرگەنىدىم. ئۇ بېشىغا كىرلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپا، ئۈستىگە ماتا ئىشتان ۋە ئالدى ئوچۇق ماتا كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇ پوستقا:

— مايتاغقا ئىشقا كىرەي دەپ كەلگەنىدىم، — دەۋاتقاندا مەن پوستتىكى جەڭچىنىڭ قۇلىقىغا: تۇرقىدىن قىمارۋاز

ياكى ئوغرىدەك تۇردۇ، ئۇنى كانغا كىرگۈزمىگىن، دېگەنىدىم.

ۋودوكاچكىدا ئون نەچچە ئادەم بولۇپ، مەن ئۇلار بىلەن تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتىم. دايىمجان مەندىن خېلىلا چوڭ بولسىمۇ، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاقلىقى، ئىشچانلىقى، ئايىغىنىڭ يېنىكلىكى، بولۇپمۇ پاراڭچى ۋە ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھەممىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ قار ياغمىغان كۈنلىرى بىزگە قىزىق-قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بېرەتتى. كەچقۇرۇنلۇقى ھەممەيلەن چوڭ ياتاقتا يىغىلىپ دايىمجاننىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى بېرىلىپ تىڭشايتتۇق. بەزىدە ئۇ 20 نەچچە يىللىق يېتىملىك ھاياتىدا چەككەن جەبىر-جاپالىرىنى، كەزگەن چۆل-باياۋانلىرىنى سۆزلەپ يۈرەك باغرىمىزنى ئېزىۋېتەتتى.

دايىمجان بەزىدە ھەزىل قىلىپ، بۇرۇنقىلار پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ دەيدىغان، ماۋۇ ئاداش ئازراق بىرنېمە ئوقۇپتىكەن، گەپ قىلسا ھەممىمىز ھە دەيمىز. قارىغاندا ھازىر ئوقۇغاننىڭ گېپى ئوڭ ئوخشايدۇ. مانا مېنى ئالساڭلار، يېشىم چوڭ، كۆرگىنىم كۆپ، لېكىن گۇرجەك بىلەن يول تۈزلەيمەن. ھەي ئوقۇمىغانلىق، دەپ ھەسرەتلىنەتتى.

يىللار تېز-تېز ئۆتۈۋەردى. مايتاغ گۈللىنىپ، دائىرىسى كېڭەيدى. ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەندە، دايىمجان بىلەن بىر سېختا ئىشلىدىم، ئۆيىمىزمۇ بىر بىنادا بولۇپ قالدى. بىز خۇددى تۇغقانلاردەك ئىجىل بولۇپ كەتتۇق.

دايىمجان بىر كۈنى ماڭا ئايالىنى كۆرسىتىپ: بۇلى خۇدا ماڭا ئاتا قىپتىكەن، پۇتۇمغا پۇت، قولۇمغا قول بولدى. مانا ھازىر تۆت ئوغۇلنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدى. ئۆزى ئىشچان، سېنىڭ ئايالىڭدەك بەك پاكىز بولمىسىمۇ، نېنىڭنى يېقىشىپ، كىرلىرىڭنى يۇيۇشۇپ بېرەلەيدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى. بىز قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان تۆت يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئايالى يەنە ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تۇغدى.

— سەن جاپانى پۇلغا سېتىۋالدىكەنسەن. ماڭا ئاشىڭغا، ئايالىڭنىڭ سالامەتلىكىگە، خالتاڭدىكى قوناق ئۇنىڭغا قاراپ بالا تاپماسەن، —دېسەم، ئۇ:

—سەن غەم قىلىپ كەتمە، بۇلارنىڭ كۈنى مېنىڭ ئۆتمۈشتىكى كۈنۈمدىن ياخشى، ئىگە دەپ يەرگە چۈشتىمۇ بولدى، رىسقىنى ئىگىسى بېرىدۇ، —دېدى.

—ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئايالىڭ كېسەلچان تۇرسا دېسەم، ئۇ:

—كېسەل بولسا داۋالايدىغان دوختۇر بار، بالىلار چوڭ بولۇۋالسا، ئانىسىنى بېقىپ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، —دەپ ھەرگىز تەن بەرمىدى.

دايىمجان ئۆزىگە قاتتىق تەلەپچان ۋە خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان ئىدى. ئۆيىگە كەلسىلا ئون-تىنىمسىز ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى. دايىمجان بەزىدە بىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپ مۇڭدىشاتتى. بىر-ئىككى رومكا قېقىۋېتىپ، بىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى. غورىگىل تۇرمۇشىدىن ھەرگىز زارلانمايتتى.

—ئۇكا، —دەپ سۆزلەيتتى ئۇ، —ھازىر مېنىڭ ئەھۋالىم تولىمۇ ياخشى. بالىلىرىمنىڭ ياتىدىغان ماكانى، ئىچىدىغان ئۇمىچى بار. سىلەر ھەر يىلى مېنى

نەمۈلدچى سايلاپ، مەيدەمگە گۆل تاقاپ،
سەھنىگە چىقىرىۋاتىسلەر. رەسىمگە تار-
تىدىغانلارغۇ پات-پات كېلىۋاتىدۇ، گېزىت-
لەرگە چىقىرىۋاتىدۇ. خېتىنى تونۇمىسامۇ
رەسىمگە قاراپ بەك خىجىل بولىمەن.
مەن بىر كىشىلىك ئىشىمنىلا قىلىۋاتىمەن.
بىكار تۇرۇشنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئۇلار
بىلمەيدۇ-دە، بىكار چاغلاردا كونا سايمان-
لارنى يىغىپ قويىمەن، قولۇمدىن كەلسە
رېمونت قىلىپ قويىمەن، شۇ. باشقىلار
تاشلىۋەتكەن سايمانلارنى يىغىپ قويىسام،
ئىبقىپ كەتكەن مايلارنى تۇڭغا قاچىلاپ
قويىسام قانداق بولىدۇ؟ بۇ نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ زاۋۇتىنىڭ تۇرسا
شۇنىڭغىمۇ سەھنىگە چىقىرىپ، گېزىتكە
يازامدۇ؟ بۇ ماڭا ئارتۇقچە ئەمەسمۇ؟ مەي-
لى يازساڭ يېزىش، ماختىساڭ ماختاش،
سىلەر ئۇنداق قىلمىساڭلارمۇ مەن شۇنداق
قىلىۋېرىمەن. بىراق-زە، ئۆتمۈشتىمۇ ئور-
غاق-كەتمەندىن قولۇم بوشىمىغانىدى.
ھازىرمۇ لوم بىلەن گۈرجەكتىن باشقىسىنى
تۇتمىدىم. بۇلتۇر باشلىقىم ماي كۆلدە
ناسوسقا قارىساڭ دېۋىدى، قارىغۇدەك بول-
سام، بۇ ئىش توك بىلەن بولىدىغان ئىش-
كەن ئەمەسمۇ. كۆل توشقاندا ھېچ توخ-
تىتالماي تۇرسام، تەلىيىمگە يارىشا چىڭ
گوخەن دېگەن ئادەم كېلىپ قالدى.
«ھەي ئاداش، مانى تۇتقىنا» دېسەم، ئۇ
كۈلۈپ كېتىپ، «ب» نى باسساڭ توختاي-
دۇ، دەيدۇ. مەن «ئا» نى بىلمىسەم، «ب»
نى نەدىن بىلەي. كېيىن ئالە بۇ ئىشىگ-
نى، دەپ يەنە كونا ئىشىمنى تېپىۋالدىم.
تېخى ئۇنى ئاز دەپ شۇجىيىمىز مېنى
پارتىيە مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇپ كەلسەڭ
دەيدۇ. خەت تونۇمىسام قانداق ئوقۇيمەن،
دېدىم. ھەي نادانلىق، ھەي نادانلىق!
مانا بۇلار ئوقۇمىغانىنىڭ زىيىنى دېگىنە!
مانا سەن بولساڭ ئوقۇغان. كىچىك بول-
ساڭمۇ بىزگە باشلىق. مەن ئوقۇمىغاچقا
چوڭراق خىزمەت كۆرسىتەلمەيۋاتىمەن.
قاراپ تۇر، جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ بال-
لىرىمنى ئوقۇتۇپ يارامىلىق ئادەم قىلىپ
چىقىمەن.

ئارىدىن 25 يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

كېيىن مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى
بىلەن شىخوغا يۆتكىلىپ كەتتىم. دايىم
جاننى ناگاندا بىر كۆرۈپ قالاتتىم. ئۇ
يەنىلا تىمەن ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

— جاپادىن قۇتۇلۇپ ياشىرىپ كې-
تىپسەن، سالامەتلىكىڭ قانداق؟ باللىرىڭ-
چۇ؟ — دېۋىدىم، ئۇ:

— مانا ساق-سالامەت تۇرۇپتىمەن، —



دېدى مەغرۇر قىياپەتتە، — كېسەل دېگەننى بىلمەيمەن، خوتۇنىمۇ بوردىغاندەك سەمىرىپ كەتتى. بالىلىرىمنىڭ ئالدى خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، كەينى ئوقۇۋاتىدۇ.

بىر كۈنى ئايالىم ماڭا: دايىمجانلار بىلەن بەك يېقىن ئۆتكەنىدۇق. بالىلىرىنىڭ تويىغا چاقىرىۋىدى، بارالمىدۇق. ئەمدى بىر بېرىپ يوقلاپ كەلسەك بولاتتى، دەپ مەسلىھەت سالدى. مېنىڭمۇ شۇنداق ئويىم بارىدى، شۇڭا بۇ گەپ ماڭا ياغدەك ياقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر يەكشەنبە كۈنى ئايالىم ئىككىمىز دايىمجانلارنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق.

— ھەي نىسا، ياغاچ سىڭىندۇر، قارا كىملەر كەلدى؟! — دەپ توۋلىغىنىچە دايىمجان ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ چىقتى. نىساخانمۇ ئىچكىرىكى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ بىزنى ئۆيگە باشلىدى. بىز بىر-بىرىمىز بىلەن قىزغىن ھال-ئەھۋال سوراشتۇق. ئۆي رەتلىك، پاكىز ئىدى. يەرگە گىلەم سېلىنغان، ھازىرقى زامان ئۆي جاھازلىرى ۋە ئېلېكتىرلىك سايمانلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئۇلار چىرايلىق ۋە پاكىز كىيىنگەنىدى. دايىمجان بىزنى تۆرگە باشلاۋېتىپ، ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، ئۇنى تالاغا ماڭدۇردى.

— سىلەرنى بەكمۇ سېغىنغانتۇق، بۈگۈن يۈز كۆرۈشۈش نېسىپ بوپتۇ... — دېدىم ئۇنىڭغا. دايىمجاننىڭ كۈلكىدىن كۆزى يۇمۇلايلا دەپ قالغانىدى. ئۇ پات - پات تالاغا قاراپ قويۇۋاتتى.

— دايىمجان، تالاغا تولا قارايسەنغۇ، ئۆيدە نان يوقمىدى ئاداش، — دەپ چېقىشتىم.

— نان تۇرماق، سويىدىغان قويىمۇ تەييار دېگىنە، بالىغا قاراۋاتىمەن. سىلەرنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتىم، بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولۇۋاتىدۇ. يادىڭدىمىكىن، كوچىدىن كىرمەيدىغان ھېلىقى بەختى كەلمەكچى ئىدى، — ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇۋىدى، كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىغان سالاپەتلىك بىر يىگىت ئۆيگە كىرىپ كەلدى - دە، سالام بېرىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئىسمىمىزنى ئاتاپ بىزدىن ئەھۋال سورىدى.

— بۇ كىم؟ — دايىمجان بىزگە قارىدى.

— بۇ يىگىت...

بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلمەي خىجىلچىلىقتا قالدۇق.

— مانا بۇ — بەختى. سىلەر كىچىككىدە ئۇنى بەختى ياۋاش دەيتتىڭلارغۇ؟ ھە، مانا مۇشۇ، — دەپ تونۇشتۇردى دايىمجان. نىساخان ئالدىراش داستىخان راسلاۋېتىپ ئوغلىغا:

— قارىغىنا بالام، بۇلار ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كەلدى. بۈگۈن مۇشۇ ئۆيدە ھەممەيلەن جەم بولايلى، — دېدى.

ئەسلىدە بۈگۈن بەختى ئاتا-ئانا ۋە بارلىق قېرىنداشلىرىنى ئۆيىگە چايغا چاقىرغانىكەن. بەختى بىزنىمۇ ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. بىزمۇ ماقۇل بولدۇق. چۈنكى بىزدە بالىلارنى كۆرۈش ئىستىكى كۈچلۈك ئىدى.

دايىمجاننىڭ بالا - ۋاقىلىرى بەختىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلار بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ۋە بىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. بىر-بىرىدىن گەۋدىلىك، كېلىشكەن بۇ يىگىتلەر

دايىمجاننىڭ ئوغۇللىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھاڭ-تاڭ قالدىم. ئۇلارنى پات-پات كۆرۈپ تۇرسامۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دايىمجاننىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن.

توۋا، مانا بۇ داۋۇت، داڭلىق ستانوكچى، تېخنىكا يېڭىلاش ماھىرى، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش نەمۇنىچىسى بولغان، بىر قېتىم قۇربان ھېيتتا ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ ئۆيىگە ھېيتلاپمۇ كىرگەنىدىم. ئاۋۇ دۆلەتنىمۇ ياخشى تونۇيمەن. ئۇ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ بىر سېخىدا ئىنژېنېر ھەم مۇئاۋىن سېخ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بىرقانچە قېتىم زاۋۇتنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغىنىمىزدا سېخنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى، مەشغۇلات قائىدىلىرىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىپ تونۇشتۇرغانىدى. ئاۋۇ ئايال دوختۇرنىمۇ تونۇيمەن. بۇ مۇئەللىم چوكان بىلەن نەۋرىلەرنىڭ ئوقۇش ئەھۋالى توغرىسىدا بىرنەچچە قېتىم پاراڭلاشقانىدىم. نېفىت ساھەسىدە كەپشەرلەش ئۇستىسى دەپ نام ئالغان تۇرغۇنجانمۇ دايىمجاننىڭ ئوغلى ئىكەن.

— ھوي ئاداش، نېمىگە ھاڭۋېقىپ قالدىڭ؟ سەن يەنە ھېلىقى ئاق ئۆچكىنى ئېمىدىغان ماڭقىلارنى، بىر جاۋۇردا ئۇماچ ئىچىدىغان قاسماقلارنى كۆرىمەن دېگەنمىدىڭ؟ ئاق ئۆچكە ئېسىڭدىدۇ، قالتىس جانىۋار ئىدى، مانا بۇلارنىڭ تۆتى شۇنى ئېمىپ چوڭ بولغان. قارىغىنا بۇلارنىڭ بەستىگە.

— بالىلىرىڭ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك چوڭ بوپتۇ. مۇنۇ نەمۇنىچىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغان، ماۋۇ ستانوكچىنىڭ ئۆيىگىمۇ كىرگەن. دوختۇر قىزىم پەرىدەنىمۇ ئوبدان تونۇيمەن. لېكىن ئۇلارنىڭ سېنىڭ بالىلىرىڭ ئىكەنلىكىنى زادى ئويلىماپتىمەن.

— ئابدۇرېشىت ئاكا، بىز رىزۋانگۈل ھەدەم بىلەن ئىككىڭلارنى ئوبدان تونۇيمىز. سىلەرنى كۆرسەكلا سالام قىلىمىز. لېكىن سىلەر بىزنى تونۇمايسىلەر، — دەپ گەپ باشلىدى داۋۇت. دايىمجان ئوغلىنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ:

— مايتاغ تەرەققىي قىلىپ ئادەم كۆپەيدى. تونۇگۈنلا تايتاڭلاپ مېڭىپ يۈرگەن بالىلار بۈگۈن چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنى تونۇپ بولالايسەن، تونۇۋالسۇن دەپ تويلارغا چىللىساق، ئىشىڭ چىقىپ قالدىمۇ كېلەلمىدىڭ. كۆرسەڭ ھالىڭ يوق، كۆرمىسەڭ كارىڭ يوق بولۇۋالدىڭ، ئاداش!

— دايىم ئاخرۇن، سىلە ئۇلارنى يوقلاپ باردىلىمۇ؟ نېمانداق گەپنى چوڭ قىلىدىلا. ھە، گەپنى ئاز قىلىپ مېھمانلارنى ئۇسسۇلۇققا تەكلىپ قىلسىلا، — دېدى نىساخان كۈلۈپ تۇرۇپ.

دايىمجان ئايالىنىڭ گېپىگە پەرۋامۇ قىلماي خېلىلا سالاپەتلىك، رەتلىك كىيىنگەن، 35 ياشلاردىكى بىر يىگىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قېنى ئۆزۈڭ سەپسېلىپ قاراپ باققىنە، بۇ كىمكەن، — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

— مېنى تونۇيالمىدىڭىز، مەن تۇرسۇن، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى يىگىت كۈلۈپ.

— ھوي ئاداش، ھېلىقى سەن ئۆيىگە كىرسەڭ ئايىقىڭنى ئاچە، خەت

يازغان قويۇقنى كۆيسەن، دەپ تۇرۇۋالىدىغان ئىككىنچى ئوغلۇم تۇرسۇن شۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى دايىمجان مېنى خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، — ئوقۇتىمەن دېگەن ئىرادەم چىڭ بولغاچقا، ئۇنى ئون يىل ئوقۇتسام، يەنە ئوقۇيمەن دەيدۇ. ئاكىسىمۇ ئوقۇسۇن، دېدى. ھېلىقى مەكتىپىڭنى نېمە دەيتتى خۇدايىم، ھە، داچىڭ نېفىت داشۆسىما؟ ئۇ شۇ مەكتەپتە ئالتە يىل ئوقۇدى، دېگىنە. بىر كۈنى ئوقۇشۇم تۈگىدى، قارامايدا خىزمەت قىلىمەن، دەيدۇ. بار، قارامايدىمۇ ئىزىڭ قالسۇن، دېدىم. ماۋۇ قىزىممۇ چوڭ ئوقۇپتىكەن. ئۆزلىرى تېپىشىپتۇ، توينى قىلىپ قويدۇق. ھازىر بۇلارنىڭ ئىككى بالىسى بار. ئۆزى ئىنژېنېر دېگىنە. ھەممەيلەن جەم بولغاندا، سىلەر كېلىپ، گۈل ئۈستىگە گۈل چەككەندەك بولدى ئاداش. تۇرغۇنجان بىلەن داۋۇت 7-سىنىپنى تۈگىتىپلا ساڭا ياردەمدە بولايلى، دەپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ كۈنلەردە ئوقۇشمۇ ئانچە ئەسقاتمايدىغان چاغلار بولغاچقا، بوپتۇ دەپ ئىشقا بېرىۋەتتىم. قالغانلىرى چوڭ-چوڭ ئوقۇدى. ئۇلار بىز ئوقۇغان، شۇڭا ئوقۇغانلار بىلەن توي قىلىمىز، دەپ ئۆيدە دوختۇر، مۇئەللىم، كادىر كۆپ بولۇپ كەتتى. بۇلار زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرى بولۇپ قالدى، شۇڭا مۇدىر كەلدىمۇ؟ مۇئەللىم بارمۇ؟ دوختۇر بارمۇ؟ دەپ كېلىدىغانلار بەك تولا. ھەي ئاداش، باشقىلار تېخى مېنى ... مۇدىرنىڭ دادىسى، دوختۇرنىڭ دادىسى دەيدۇ، دېگىنە تېخى. ھالال ئىشلەپ، جاپالىق ئەجىر قىلىۋىدىم، ئەمگىكىمنى تەشكىل قەدىرلىدى. بالىلىرىم تەشكىلنىڭ، بىزنىڭ ھەم ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى ئاقلىدى. ئەمدىلىكتە قارىياغاچتەك يىلتىز تارتتىم، نەۋرىلەرمۇ كۆپ. شىنجاڭنىڭ قايسى يېرىدىن نېفىت چىقىدىكەن، شۇ يەردىن مېنىڭ پۇشتۇم تېپىلىدۇ. مەن دائىم ئۇلارغا پارتىيە، خەلققە ھالال ئىشلەشنى تاپىلاپ كېلىۋاتىمەن.

ئۇ ماڭا لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ، ئارقىدىن چاي ئوتلىدى.

— بالىلار پۈتۈنلەي قولدىن چىقىپتۇ. جاپا تۈگەپ، سىلەرگە راھەت قاپتۇ. ئەمدى ياستۇقنى قىرلاپ، ئىساخانىنىڭ ئەتكەن چېيىنى ئىچىپ ھۇزۇرلىنىدىكەنسەن-دە، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— ھازىر نەۋرىلەرگە ئاپىسى ئىككىمىز قارايمىز. ئۇلارمۇ، بالىلىرىمۇ، بىزمۇ خاتىرجەم. قانداق؟ — ئۇ شۇنداق دېدى-دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بۈگۈنكى يوقلاش بەك خاسىيەتلىك ئىش بولدى. ھالال ئەمگەكنىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتقان بۇ ئەر-خوتۇنغا ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىغا قاراپ مەستلىكىم كەلدى. ئۇلار ھەقىقەتەن بەختلىك ئائىلە ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

تۇرسۇنجان ئېزىز

# جۇڭغار قىزى

(نەسىر)

ئادىتىم بويىچە بۈگۈن يەنە قۇياش ئۆز نۇرىنى كەڭ زېمىنغا چېچىۋاتقان چاغدا، قولىدا مەرۋايىت تۇتقان، مەغرۇر جۇڭغار قىزىنىڭ يېنىغا كەلدىم-دە، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك بەستىگە قاراپ چوڭقۇر خىياللار دېڭىزىغا شۇڭغۇدۇم.

ئېھ، جۇڭغار قىزى، سېنىڭ بۇ نېفىت شەھىرىگە ھۆسن قوشقۇچى سىمايىڭ نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك ھە! سېنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ھاياجانغا چۆمىدۇ. مەنمۇ شۇ خىل ھېسسىياتتا، ئەلۋەتتە.

سېنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان كۆزلىرىڭدىن كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىش، ئۈمىد، ئىشەنچ ئەكس ئەتسە، بىلىكىڭگە يۆگىلىپ، يەلپۈنۈپ تۇرغان لېنتا پايانسىز چۆل-باياۋاندا، ھەيۋەتلىك ۋىشكىلار ئۈستىدە جەۋلان قىلىپ تۇرغان قىزىل بايراقلارنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنداقتا قۇياش نۇرىدا ئالتۇن نۇر چېچىپ، كۆزنى قاماشتۇرۇۋاتقان قولۇڭدىكى مەرۋايىتنى نېمىگە ئوخشاتسام بولار؟! توغرا، ئۇ بۇ نېفىت شەھىرىنىڭ ئۈمىد چىرىغى.

ئېھ، جۇڭغار قىزى، سەن نېفىتلىكنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە تەر ئاققۇزۇۋاتقان باتۇر جۇڭغار ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ سىمۋولى. سېنىڭ ئاشۇ ئۈمىدۋار، مەغرۇر، جەڭگىۋار قىياپىتىڭ كىشىگە پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ قۇۋۋەت، غەيرەت-شىجائەت ئاتا قىلىدۇ. مەن سېنىڭ ئاشۇنداق قىياپىتىڭنى ياخشى كۆرىمەن...

تۇرنىسا ماڭسۇر

# مەسىيەت

(ھېكايە)

مەرداننىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان كېرەم سىمىنا باشلىقىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆيىگە قاراپ چاپتى. ئۇ، ئىشىكتىن ئۆزىنى ئۇتۇۋالالمىغان ھالدا توۋلاپلا كىردى:

— مەردان ئىنىم، سالامەت قايتىپ چىقتىڭمۇ؟!

— ئاكا! ... — چاي ئىچىۋاتقان مەردان قولىدىكى پىيالىنى شىرە ئۈستىگە تاققىدە قويۇپ، ئاكىسىنىڭ كەڭ ئېچىلغان قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

خۇشاللىقتىن ئاكا-ئىنىلەرنىڭ بىر ھازاغىچە ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. كېرەمنىڭ كۆز ياشلىرى ئىككى مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى. مۇشۇ تاپتا ئۇ كەپسىز ئىنىسى مەرداننىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئاتا-ئانىسىنى رەنجىتكەنلىكىنى تامامەن ئۇنتۇغانىدى. مەردانمۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى.

— قېنى، ئولتۇرۇڭلار، بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىڭلار، — كېرەمنىڭ ئايالى ئايشەم ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. كېرەم توختىماي ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ دىۋانغا چۆكتى. مەردان ئاكىسىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ئايشەم ئۇلارغا چاي قۇيغاندىن كېيىن، ئاشخانىغا چىقىپ تاماق ئېتىشكە تۇتۇندى.

— ئۇكام، نېمىلا دېگەنبىلەن سالامەت قايتىپ چىقىپسەن، — دېدى كېرەم ھاياجىنىنى سەل بېسىلغاندىن كېيىن، — سەن تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن ئالتە ئايدىن بۇيان بىچارە ئاپامنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. سېنىڭ گېپىڭنى قىلمايدىغان كۈنى يوق. ھە دېسىلا قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىپ، ئىككى قېتىم دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. دادامنىڭغۇ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى... — كېرەمنىڭ يادىغا بىر ئىش كەلگەندەك گېپىنى يۆتكىدى، — ھە، راست، تۇخان ئاچامنىڭ ئوغلى جۈرئەتچۇ؟ ئۇمۇ قايتىپ چىققاندۇ؟!

— ...

جۈرئەتنىڭ گېپى چىقىشى بىلەنلا مەرداننىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئاكىسىنىڭ سوئالىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالغانىدى.

چۈشتىن كېيىن مەردان ئاكىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆز ئۆيىگە—ئاتا-ئانىسىنىڭ قېشىغا باردى. باشقىلار يامان دېسىمۇ ئۆزى

ئۆچۈن قوينىڭ قوزىسىدىنمۇ ياۋاش ھېسابلىنىدىغان كەنجى ئوغلى مەردانىنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقىنى كۆرگەن سائادەتخان ئاچا خۇشاللىقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

مەردانىنىڭ دادىسى ھاشىم ئاكا كومانۇروپكىغا كەتكىلى بىر ھەپتە بولغانىدى. ھاشىم ئاكا 50 ياشتىن ھالقىغان پېشقەدەم نېفىت ئىشچىسى بولۇپ، ئادەتتە ئانچە كۆپ سۆزلىمەيتتى، لېكىن خىزمەتتە ئەستايىدىل بۇ ئادەم 32 يىللىق ئىشچىلىق ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ تەشكىل ئالدىدا يەرگە قارايدىغان ئىش قىلمىغانىدى. مەردانىنىڭ بۇ قېتىم تۈرمىگە كىرىپ قېلىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلدى. ئائىلىدە مەردانىنىڭ گېپى چىقىپ قالسا، ئاچچىقلىنىپ تىللاپ قوياتتى-يۇ، دەردىنى ئىچىدە بىلەتتى. مەردان دادىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، بۈگۈن ئۇدۇل ئۆز ئۆيىگە كېلەلمەي ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى.

مەردانىنىڭ كۈنلىرى ئىنتايىن پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. ساۋاقداشلىرى ۋە ئەل-ئاغىنىلىرىدىنمۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۈردى. ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئۇ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندە، خۇددى قەپەستىن ئۇچۇرۇۋېتىلگەن قۇشتەك كۆڭلى چەكسىز شادلىققا تولغانىدى. بوتۇلكىدا جىم تۇرغىنى بىلەن قورساققا كىرگەندە ئادەمنى پالاكەتكە يۇقتۇرىدىغان ھېلىقى ئىچىملىكنى قايتا ئېغىزغا ئالماسلىققا ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بەرگەنىدى. لېكىن ئۇنى دەككە-دۈككىگە سېلىۋاتقان ئىشمۇ بار ئىدى. ئالدىنقى كۈنى دادىسى ۋە ئاكىسى بىلەن داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ جۈرئەت توغرىلىق قىلىشقان پاراڭلار ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن ئۇنىڭ كاللىسىدا مەن زادى نېمىلەرنى قىلىپ قويدۇم؟ دېگەن زىددىيەتلىك خىياللار توختىماي ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

بۈگۈن كېچە ئۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. جۈرئەت بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

جۈرئەت بىلەن مەردان مۇشۇ نېفىتلىكتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە بىر سىنىپتا ئوقۇغان. كېيىن جۈرئەت يالغۇز ئاپىسىنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغانلىقتىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىپ، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىرگەن. مەردان بولسا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمەي قالغانلىقتىن ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانىدى.

باھار پەيزىگە چۆمگەن نېفىتلىك يېشىل بوستانلىققا ئايلاندى. ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچكەن مەردان پاكىز كىيىملىرىنى كىيىپ كوچىغا چىقتى. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، رەڭگارەڭ كىيىنگەن كىشىلەر كوچىدا ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى. مەردان ئۇدۇل جۈرئەتنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

مەكتەپ زاۋۇتىدا مەلۇم بىر ئۈسكۈنىنىڭ رېمونت ئىشى پۈتمەي قېلىپ بەكمۇ

uyghurkitap.com

كەچ قايتقان جۇرئەت تېخىچە ئۇخلاۋاتقانىكەن، مەردانىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن تۇخان ئاچا ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ، جۇرئەتنى ئويغاتتى. ئۇلار كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچكەندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇشتى. ئەسلىدە بۈگۈن جۇرئەت ئاپىسىغا ياردەملەشمەكچى ئىدى. لېكىن دوستىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئاپىسىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ قويۇپ مەردان بىلەن بىللە سىرتقا ماڭدى.

— ئۇلۇغ خۇدايىم، كۆزى يامانلارنىڭ كۆزى تېگىپ كېتىشتىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن. بۇ ئىككىسى خۇددى بىر ئائىلىدىكى قوش-كېزەكلەردەك ئىناق ئۆسۈپ چوڭ بولدى، — تۇخان ئاچا ئۆز-ئۆزىگە ئاستا شىۋىرلىغىنىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يوقالغىچە قاراپ تۇردى.

تۇخان ئاچا يولدىشى ئابدۇللا ئاكا خىزمەت ئۈستىدە ھادىسىگە ئۇچراپ قازا تاپقان سەككىز يىلدىن بۇيان، ئۆيگە كىرسە ئايال، سىرتقا چىقسا ئەر بولۇپ، يالغۇز ئوغلىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ، قاتارغا قوشقانىدى. مەردانىنىڭ جۇرئەت بىلەن سەن-پەن دېيىشمەي ئويناپ كۈلگىنىگە چىن كۆڭلىدىن خۇرسەن بولاتتى.

مەردان بىلەن جۇرئەت باغچىغا بېرىپ سەيلە قىلدى، كۇتۇپخانىغا بېرىپ كىتاب ئوقۇدى. ئۇلار كەچقۇرۇنلۇقى شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن نېفىت شەھىرىنى سەيلە قىلغاچ ئۆيلىرىگە قايتماقچى بولۇشتى.

يول ئۈستىدە ئۇلار نېفىت ئېلىش ئەترىتىدە ئىشلەيدىغان بىر نەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ياخشى ئۇچراشتۇق. قېنى ئاغىنىلەر، يۈرۈڭلار، بىرلىكتە كۆڭۈل ئاچىمىز، — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز بويلۇق، خۇش چاقچاق يىگىت ئالىم بۇ ئىككى دوستىغا. ئۇلار ئۆزئارا پاراڭلاشقاچ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى خېرىدارى شالاڭراق ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. شىرەگە ئارقا-ئارقىدىن ھەر خىل قورۇمىلار كەلتۈرۈلۈپ، بوتۇلكىلار تىكلەندى. «كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش» باشلاندى. رومكىلار توختىماي ئايلىنىپ قۇرۇقدىلىپ قالغان بوتۇلكىلارنىڭ ئورنىغا پېچەتى بۇزۇلمىغان بوتۇلكىلار تىكلىنىپ تۇردى. جۇرئەت مەردانىنى قايتىپ كېتىشكە بىر نەچچە نۆۋەت ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بارغانسېرى قىزىشىپ كېتىۋاتاتتى.

شۇ كۈنى ئۇلار بەكلا كەچ قايتتى. مەردان ئالدىنقى كەلگەننى قايتۇرماي ئىچىۋەرگەچكە، ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغانىدى. جۇرئەت ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. قېرىشقاندەك مەردان كىچىككىنە بىر ياغاچ بوتكىنىڭ قېشىغا كەلگەندە زادىلا ماڭغىلى ئۇنىمىدى. ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى:

— جۇرئەت ئاداش، ئىچىمىز...يەنە هاراق ئىچىمىز...مانا بۇ...مېنىڭ ئاغىنەمنىڭ هاراق ساتىدىغان دۇكىنى. قورقما دەيمەن، ئاداش قورقما، مانا

مەندە پۇل بار، — مەردان سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئىشىككە گۈپپىدە ئۇرۇلدى. بوتكا ئىچىدىكى شام يورۇقى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. جۈرئەت كىچىككىنە دېرىزىدىن بوتكا ئىچىگە قاراپ ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلالمىدى. ئۇ مەرداننى ئورنىدىن مىڭبىر جاپادا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— مەردان، بۇ ھاراق دۇكىنى ئەمەستەك قىلىدۇ، يۈر، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، مەن ساڭا ھاراق تېپىپ بېرەي.

— ياق، مۇشۇ يەردە ئىچىمىز، مۇشۇ يەردە، — مەردان ماڭغىلى زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇ ھاراققا ئېغىز تەگدىمۇ بولدى ئاسانلىقچە گەپكە كۆنمەيتتى. مەردان سۆزلىگەچ ھېلىقى بوتكىنىڭ ئىشىكىنى ئەسەبىيلەرچە ئۇرۇشقا باشلىدى. جۈرئەت قانچە كۈچەپمۇ ئۇنى توسالمىدى. مەردان ئىشىكنى كۈچەپ بىر تېپىۋىدى، ئىشىك ئىلغۇچىدىن ئاجراپ ئېچىلىپ كەتتى - دە، مەردان گۈپپىدە قىلىپ دۈم چۈشتى.

— مەردان!

مەرداننى يۆلىمەكچى بولۇپ ئېڭىشكەن جۈرئەت بېشىغا ئۇشتۇمتۇت تەگكەن كالتەك زەربىسىدىن يەرگە يىقىلدى. جۈرئەتنىڭ ئەنسىز تولغىنىشىدىن چۆچۈگەن مەرداننىڭ بىردىنلا مەستلىكى يېشىلگەندەك بولدى - دە، كۆز ئالدىدا چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان 30 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى قىرقىم چاچ ئايالنى ياۋايىلارچە ئۇرۇشقا باشلىدى. ئايالنىڭ ئەنسىز يىغا ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزدى. تەرەپ - تەرەپتىن ئادەملەر توپلاشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ساقچىلارمۇ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. ئەسلىدە بۇ بىر يەككە تىجارەت



بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سەيپۇك ئايالنىڭ دۇكىنى ئىدى.

مەردان ئەتىسى ئۆزىنى تۈرمىدە كۆردى. جۈرئەتمۇ دوختۇرخانىدا بىر نەچچە كۈن يېتىپ داۋالانغاندىن كېيىن تۈزۈلۈپ كېتەلىدى.

مەرداننىڭ ئېسىگە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سوراق جەريانى كەلدى.

— يەككە تىجارەتچى ئايالنىڭ ئىشىكىنى تېپىپ ئېچىۋەتكەن سەنمۇ؟ — دېدى سوراقچى.

— مەن ئەمەس، جۈرئەت.

— ھېلىقى ئايالنى ئالدى بىلەن قول سېلىپ ئۇرغان كىم؟

— جۈرئەت. ئۇ مېنىڭ توسۇۋالغىنىمغا ئۇنىماي ئۇرۇپ كەتتى.

جۈرئەت ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى، ئۇنىڭ تېنى شۈركەندى.

سوراقچى جۈرئەتكە قارىدى:

— تىجارەتچى ئايالنىڭ ئىشىكىنى قەستەن تېپىپ ئېچىۋەتكىنىڭ راستمۇ؟

— راست.

راستىنى ئېيتقاندا، جۈرئەت شۇ كۈنى مەرداندىن قاتتىق يىرگەندى. ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندى. ئۇنىڭ بىلەن قايتا يۈزلىشىپ

قالماسلىق ئۈچۈن ھەممىلا سوراققا راست
دەپ جاۋاپ بېرىۋەردى.
مەردان مىجەزى قوپاللىراق، ئەمما
ئاق كۆڭۈل دادىسىنى، ئۆزىنىڭ بارلىق
گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ، يىللىق باغرىغا
مەھكەم باسقان مېھرىبان ئانىسىنى،
يېقىنىدىن بۇيان باشقىچە جۇدەپ كەت-
كەن كۆيۈمچان ئاكىسىنى، سادداً، ئەمما
ئىشچان يەڭگىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈر-
دى. مەردانىنىڭ ئۇلاردىن قايتا ئايرى-
لىشقا ھەرگىزمۇ كۆزى قىيمايتتى.
— ياق! مەن ئۇلاردىن ھەرگىز
ئايرىلالمايمەن...، — ئۇنىڭ ئاۋازى
سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ يوتقانىنى
بېشىغا مەھكەم يۆركىدى. كۆز ياشلىرى
توختىماي ئاقتى. ۋىجدان ئازابىدا تول-
غاندى. بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە
جۇرئەتنىڭ كېسىلىپ كېتىش ئېھتىمالى
بارلىقىنى ئاڭلىغان ھاشىم ئاكىنىڭ
چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: مەردان، سەن
ئۆزۈڭنى ھەقىقىي ئوغۇل بالا ھېسابلاي-
دىكەنسەن، ۋىجدان بىلەن ياشىشىڭ
كېرەك، دېگەن سۆزى جاراڭلىدى.
جۇرئەتنىڭ ئۆزىگىغا مىختەك قادالغان
ئۆتكۈر كۆزلىرى، چىدام - غەيرەتكە تول-
غان قاۋۇل بەستى كۆز ئالدىدا نامايان
بولدى. مەردان ئۆزىنى بەكمۇ ئاجىز،
بەكمۇ بىچارە ھېس قىلدى. ئۇ كۆپ
ئويلاندى، ئاخىرى زىددىيەتلىك خىيال
ئىچىدە ئەقىل تاپتى. ئۇنىڭ قەلب
ئېكرانى بىردىنلا ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.
ئۇ ئۆزىنى بەكمۇ يېنىك ھېس قىلىشقا
باشلىدى. مۇشتۇمىنى تۈگكەن ھالدا
ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:
— شۇنداق قىلىشىم كېرەك،
چوقۇم شۇنداق قىلىمەن!
شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن تاڭ قۇياشى
نېفىتلىك ئاسمىنىنى قىزىللىققا پۈركى-
دى. سۇبھى يورۇماستىنلا ئورنىدىن تۇر-
غان مەردان پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ،
ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا ساقچى
ئىدارىسىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ
قەدەم ئېلىشلىرى يەڭگىل ۋە ئىتتىك ئىدى.

(بېشى 114 - بەتتە)

يىقىتىۋېتىپ يەنە مەسخىرە قىلسا كىمنىڭ
ئاچچىقى كەلمەيدۇ!
— ئەپۇ قىلىڭ قىزچاق، بۇمۇ بىر
ئۇقۇشماسلىق، — ئۇ يەنىلا مۇلايىم
ئاھاڭدا سۆزلىدى، — خاتا ئاتاپ قويۇپتى-
مەن، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. ئاغزىمدىن
چىقىپ كېتىپتۇ.
— يۈر، ئۇكام، يولىمىزغا ماڭايلى، —
مەن ئىتتىكلا ئالدىمغا ماڭدىم. ئۇكام قو-
لۇمدىن يېتەكلەپ ماڭدى.
بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن ئۇكام
ئاستا پىچىرلىدى:
— ئاچا، باياتىنقى ھەربىي ئاكاشمۇ
ئەما ئىككەن ھەم بىر قولى يوق تۇردۇ.
— نېمە؟ — مەن خۇددى ئۇ كىشىنى
كۆرەلەيدىغاندەك ئىتتىك كەينىمگە بۇرۇلدۇم.
— ئاچا، ئۇ ئاكاشنى چىراي-
لىق بىر ھەربىي ئاچاش قولتۇقلاپ
ئېلىپ كەتتى.
مەن يەنىلا شۇ ياققا قاراپ تۇرۇۋەردىم.
نېمىشقىدۇر ئىچىم سىيرىلىپ كېتىۋاتاتتى.
قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە ھېلىقى كىشىنىڭ
مۇلايىم ئاۋازى قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى.
مېنىمۇ ئەپۇ قىلىڭ ئەپەندىم، راست-
تىنلا ئەپۇ قىلىڭ، مېنى نېمىندەپ ئات-
سىڭىز ئاتاۋېرىڭ، دەپ ئىچىمدە
پىچىرلىدىم.
— ئاچا نېمە بولدىڭىز، يىغلاپسىزغۇ؟
— ھېچنېمە بولمىدىم، ئۇكام، — دې-
دىم. لېكىن كۆز يېشىمنى زادىلا توختى-
تالماي قالدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

گۈلباھار سىدىق

# خاتىرە بېتىگە سىڭگەن تامچىلار

(ھېكايە)

مەن ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرىم بىلەن قايتا قاراشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ چىرايى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا باشقىچە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئورۇقلاپ زاڭاقلىرى چىقىپ، قاپقارا كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان ئوماق لەۋلىرى سەل كۆكىرىپ قاپتۇ.

ئۇنىڭ بىچارە ئەپتىدىگە قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ كېسەل ئازابىدا ئەسلىدىكى گۈزەللىكىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك جەزىبىلىك بار ئىدى.

ئۇ بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ، بۇ ئالەمگە كۆزى قىيمايۋاتقاندەك تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ياستۇقى ئاستىدىكى قىزىل تاشلىق خاتىرىسىنى ناھايىتى ئەستە ئېلىپ ماڭا سۇنۇپ:

— بۇ خاتىرىنى... ئاپامغا... — دەپلا يەنە ھوشىدىن كەتتى. دوختۇر، سېستىرالار ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پاتىپاراق بولۇپ، جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى. بىر دوختۇر مېنى سىرتقا چىقىپ تۇرۇشقا ئىشارە قىلدى. مەن ئۇنىڭغا قىيمىغان ھالدا كارىدورغا چىقتىم ۋە خاتىرىنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم.

خاتىرە مۇنداق باشلانغانىدى:

«قەدىرلىك ئاپا، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، يۈرىكىمنى ئۆرتەۋاتقان دەرد-ئەلەملەرنى، سىزگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىمنى مۇشۇ خاتىرىدە قالدۇرۇپ كەتمەكچى... ئاپا، سىزنى دەرد-ھەسرەتكە سېلىپ قويۇپ كېتىدىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ! ياراتقان ئىگەم بۇ قىسمەتنى مېنىڭ پېشانەمگە پۈتكەن بولسا كېرەك؟!

ئاپا، شۇ تاپتا سىز قىزىڭىزنىڭ نىكاھسىز تېپىپ قويغان بۇ قىزنى پەپىلەپ، مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتقاچ قىزىڭىزنىڭ ۋە نەۋرىڭىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى ئەسلەپ ئازابلىنىۋاتقانسىز؟! ئاپا، سىز ئانىلىق مېھرىڭىزنى بېرىپ ۋە يۈرەك

قېنىڭىزنى سەرپ قىلىپ مېنى چوڭ قىلغان ئىدىڭىز. سىز بۇ ئەجرىڭىزنىڭ ھېسابىغا مېنىڭ بەختىمنى كۆرۈپ خۇزۇرلانماقچى بولغىيدىڭىز؟! ئەمما ئارمانلىرىڭىزنى شور پېشانە قىزىڭىز يەردە قويدى.

ئاپا كىچىكىمدىلا سىزنى رەنجىتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. سىزنىڭ ئاشۇ مۆڭلۈق چېھرىڭىزدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىشىنى ئىستەيتتىم. ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ 18 ياشقا كىرگىنىمدە قەلبىمدە نازۇك ۋە شېرىن بىر مۇھەببەت ئۇچقۇنى پەيدا بولدى. بۇ ئۇچقۇن بىردىنلا گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى.

ئۇ، كۆزلىرىدىن بىر خىل مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىق چاقناپ تۇرىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇمۇ مەن ئىشلەيدىغان زاۋۇتتا ئىشلەيتتى. ئىككىمىز چوڭ رېمونت ۋاقتىدا تونۇشۇپ قالغانىدۇق. ئىككىمىزگە دوستلىرىمنىڭ ھەۋىسى كېلەتتى، ئۇلار سىلەر خۇدا قوشقان بىر جۈپ قوشماقلار، دەپ قوياتتى.

بىر كۈنى زاۋۇتنىڭ ئۇنى ئىچكىرى ئۆلكىگە ئالتە ئايلىق تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەندىن بۇ ھەقتە مەسلىھەت سورىغاندا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش تەسكە توختىسىمۇ، ئۇنىڭ بىلىم ئىگىلەپ كېلىشىنى خۇشاللىق بىلەن قۇۋۋەتلىدىم. قايسىبىر قىز ئۆزىنىڭ يىگىتىنىڭ كەسىپ ۋە باشقا جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ دەيسىز؟! مەن ئۇنى ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى دەپ ئويلىغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەر قانداق تەلىپىنى رەت قىلالمىدىم، ئايرىلىش ئالدىدا تېخىمۇ شۇنداق بولدى...



ئۇ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ماڭا بىر پارچە خەت كەلدى. مەنمۇ جاۋاب خەت يازدىم. كېيىنكى خەتلىرىم جاۋابسىز قالدى... خېتىم تەگمىدىمۇ ياكى ئۇ بەك ئالدىراش بولسا خەت يېزىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىمۇ بىلمىدىم. شۇ كۈنلەردە ئۆيدىمۇ مىجەزىم چۈشلىشىپ سىزگىمۇ بەزىدە قوپال تېگىپ قويدۇم... ئۆزۈمدىمۇ غەيرىي سېزىملار پەيدا بولغاندەك سەل بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. مېنى قۇرۇقتىن قۇرۇق ھۆ تۇتاتتى... مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىر سېخىمدا ئىشلەيدىغان خەنزۇ ئۇستام سېزىپ قاپتۇ، ئۇ مەندىن گەپ سورىغاندا مەن قورقۇپ كەتتىم، ئۇ ماڭا كۆيۈنۈپ دوختۇرخانىغا ئاپاردى، دوختۇر كۆزلىرىمگە قاراپ تۇرۇپ: بويىڭىزدا قاپتۇ، دېدى. ئاھ خۇدا، بۇ نېمە كۆرگۈلۈك؟ مەن ئالقانلىرىم بىلەن يۈزۈمنى توسۇپ يىغلاپ تاشلىدىم، ئۇ ماڭا ئانىلارچە تەسەللى بەردى. قانداقتۇر بىر كۈچ مۇرەمدىن بېسىپ ئىككى پۇتۇمنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، قايسى تەرەپكە قاراپ مېڭىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدىم. ئەتراپ خۇددى قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئەتراپىمدىكى ھەممە ئادەملەر ماڭا نەپرەت

بىلەن قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى. نەچچە كۈن ئىچىدىلا نومۇس كۈچىدىن تېخىمۇ تۈگىشىپ كەتتىم. ئاپا، بۇ ئىشنى سىزگە دېيىشكە مېنىڭ قانداقمۇ ئاغزىم بارسۇن؟! سىز ماڭا قاتتىق تەلەپ قوياتتىڭىز، ھەتتا جەمئىيەتتە يامان گېپى چىقىپ قالغان قىزلار بىلەن ئارىلىشىشىمغىمۇ قارشى ئىدىڭىز. شۇڭا بۇ ئىشنىڭ سىزنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئاخىرى بالىنى ئالدۇرۇۋەتمەكچى بولدۇم. مەن دوختۇرخانىغا بېرىپ نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. يان ئۆيدىن بوۋاقنىڭ چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا يېقىملىق ئاڭلاندى، ۋۇجۇدۇمدا قانداقتۇر بىر خىل يېقىملىق سېزىم پەيدا بولدى، بۇ ئانىلىق مۇھەببەت بولسا كېرەك... ئۇمۇ بەلكىم مۇشۇ بوۋاقتەك يىغلاپ تۇغۇلار... ئۇ تېخى دۇنياغا كۆز ئاچماي تۇرۇپلا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسا... مەن قاتىل بولمامدىمەن؟ ئۆزۈم ئۆلتۈرسەم... بۇ نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك؟! ياق! مەن ئانا بولىمەن، جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ قانداق قارىشىدىن قەتئىينەزەر، قايناق ھېسسىياتىمىزدىن تۆرەلگەن ھايات مېۋىسىنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈش قارارى بىلەن دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقتىم. مەن ئازابلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ زاكىرغا قايتا خەت يازدىم. بىراق ئۇنىڭ ئۆگىنىشكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بالا توغرىلىق ھېچ نەرسە دېمىدىم. ئەپسۇس، ئۇنىڭدىن جاۋاب كەلمىدى، شۇنداقتىمۇ مەن سىزدىن يوشۇرۇن ھالدا مۇكاپات پۇللىرىمنى ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئېلىپ قويغان پۇللىرىمنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ تۇردۇم.

«كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا» دېگەندەك مەن قانچە يوشۇرغىنىم بىلەن قورسىقىم بارغانچە يوغىناپ مېنى تەشۋىشكە سېلىۋاتاتتى. تۆت ئايدىن ئاشقان چاغدا سىز سېزىپ قالدىڭىز... ئۆزىڭىزنى كاچاتلاپ ئۇرۇپ يىغلاپ ئايلىنىپ كەتتىڭىز، مەن ئالدىڭىزدا گۇناھىمنى تىلەپ يىغلاپ ئولتۇرۇشتىن باشقىنى بىلمىدىم... مېنىڭ ئەمدىكى پۈتۈن ئۈمىدىم زاكىردا ئىدى. ئۇ كەلسىلا توي قىلىۋالساق كوچا - كويلاردىكى سۆز - چۆچەك ۋە سىرلىق پىچىرلاش، كەيپە چېقىشلار، يامان كۆزدە ئالىيىپ قاراشلار بېسىقاتتى... ئاھ، خۇدا، دۇنيادا كۈتۈشتىن تەس ئىش يوق ئىكەن! مەن بۇ ئالتە ئاينى ناھايىتى تەستە توشقۇزدۇم. بىر كۈنى دوستۇم ئۈچقۇن ئايدىن زاكىرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇ مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان دەپ ئۈچ كۈن كۈتتۈم، بىراق ئۇ كەلمىدى، ئاخىرى ئۈچقۇننىڭ ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. كۆزلىرىمگە يىغا ياماشپلا تۇراتتى، ئۇنى كۆرسەملا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تاشلاپ قانغىدەك بىر يىغلىۋېلىشنى ئويلىغانىدىم. بىراق ئۇ مەن بىلەن سۇسلا كۆرۈشتى، ئارىلىقتىكى سوغۇقلۇق مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغىلى تاسلا قالدى.

— زاكىر، مېنىڭ ئەۋەتكەن خەتلىرىم تەگمىدىمۇ؟

— تېگىشىنىغۇ تەگدى.

— نېمىشقا بىرەر پارچىمۇ جاۋاب يازمايسەن؟

ئۇ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— كامىلە، ساڭا خەت يازماسلى-

uyghurkitap.com

قىسمەنكى سەۋەب، مەن سىڭىڭنىڭ ئالدىڭدا يۈز كېلەلمەيدىغان بىر ئىش قىلىپ قويدۇم! شۇڭا مەن سىڭىنى بىراقلا ئۇنىتۇپ كېتەي دېگەنىدىم، — دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قولىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. يەر پىرقىراپ دۇم كۆمتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك، ھېچ نەرسەنى ئاڭقىرالماي ياق! دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتىمەن. پۈتۈن بەدىنىم جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، كۆزۈمدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياش ئازابلىرىمنى بېسىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى.

— ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟! — ئېڭىسەدەپ تۇرۇپ سورىدىم.

— نېمىنى قانداق قىلىسەن؟

ئۇ ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلدى. كۆزلىرىدىن بەنىلا بىر خىل سېھىرلىك نۇرنىڭ بولىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ئاشۇ كۆزلەر نەقەدەر گۈزەل ۋە نەقەدەر مۇقەددەس ھە؟! ئاشۇ كۆزلەر ئەمدى باشقا بىرىگە تەۋە بولۇپ كەتسە، مېنىڭ تۆگەشكىنىم شۇ ئەمەسمۇ؟ ئاھ، بۇ نېمەدېگەن قورقۇنچلۇق تەقدىر؟ بۇ كۆزلەر مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمنىڭ مەزمۇنى ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ ياش تۆكتۈم. شۇ تاپ مەندە ئاۋاز چىقىرۇدەك قۇدرەت قالمىغانىدى.

بىر پەستىن كېيىن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ سۆزلىدىم:

— زاكىر مەن سېنى بارلىقىم بىلەن سۆيگەن، قەدىرلىگەنىدىم، ئەمدى سەن ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلاي دەمسەن... ھېچ بولمىغاندا قورساقتىكى بالىنىڭ يۈزىنى قىلساڭ بولمامدۇ؟!

ئۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۈنسىز قېتىپ تۇراتتى. بۇ نېمىدېگەن كۆڭۈلسىز ۋە ئازابلىق كېچە - ھە؟ بۇ مەن زاكىر بىلەن مۇھەببەتلەشكەن ئىككى يىلدىن بۇيانقى تۇنجى كۆڭۈلسىز كېچە ئىدى.

— كاملە، سېنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئۆزۈملا بىلىمەن. بىراق ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمەيدۇ دەيسەن. ئالتە ئايلىق ئوقۇش جەريانىدا بىرگە ئوقۇشقا بارغان رەخىمە بىلەن يېقىن ئۆتكەنىدىم. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىسام بولمايدىغان ئىشلار يۈز بەردى. ئەگەر سەنمۇ بۇ ئىشلارنى دەپ مېنى قىيىنىساڭ، ماڭا بۇ دۇنيادا ياشاش ھارام بولىدۇ. كاملە ئەگەر ئىككى يىللىق مۇھەببىتىمىزنىڭ يۈزىنى قىلساڭ بالىنى ئالغۇزۇۋەت!

ئۇنىڭ سۆزى يۈرىكىمگە خەنجەر بولۇپ ئۇرۇلدى، مەن بۇ ئازابتىن تولغىنىپ كەتتىم.

— زاكىر، سېنىڭ قولۇڭدىن كەلگەن رەھىمسىزلىك مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئەگەر ئۆلۈشكە توغرا كەلسە، مەن ئۆلۈشۈم كېرەك! بولمىسا سېنىڭ خۇشاللىقىڭ، بەختىڭ ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەت ۋە ئار-نومۇسنى يېپىپ ياشىشىم كېرەك! چۈنكى مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا سەن ئۈچۈن قۇربان بېرەلەيمەن، — مەن شۇنداق دېدىم-دە، قەدەملىرىمنى تەستە يۆتكەپ كېتىپ قالدىم. مەن شۇ كېچىسى ئۆيىگىمۇ كىرمەي مەقسەتسىزلا مەھەللىنى ئارىلىدىم.

ئاپا، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، دەپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن. مەن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇشنى بىلمەپتىمەن.

مەن تېخىچە قەدىمىمدىلا چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن، ئاپا، مەن بۇ ئۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەندە تولىمۇ كېچىككەنىدىم.

ئاپا، ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن، تاغدەك ئىشەنگەن ئادىمىدىن ۋاپاسىزلىق كۆرسە، دۇنيا ئۇنىڭغا شۇ قەدەر مەنىسىز تۇيۇلۇپ كېتىدىكەن، مەن نومۇس ۋە بەختسىزلىكلەردىن بىراقلا قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلۈۋالماقچى بولدۇم، ياراتقان ئىگەم ماڭا ئۆلۈم بەرسە، مەن باغرىمدىكى مۇشۇ جان بىلەن، بۇ ۋاپاسىز ئالەم بىلەن خوشلىشىپ، ئۇ ئالەمگە كەتسەم دەپ ئويلىدىم. قەدىرلىك ئاپا، دەل شۇ چاغدا كۆز ئالدىمدا سىزنىڭ ياش تامچىلاۋاتقان كۆزلىرىڭىز پەيدا بولدى ۋە مېنى ياشاشقا ئۈندىدى. سىزنىڭ ئانىلىق مېھرى ئېغىپ تۇرغان مېھرىبان چىرايىڭىز مېنى ھالاكەت ئازگىلىدىن تارتىپ چىقاردى، ھاياتنىڭ بارلىق گۈزەل شېرىن تەرەپلىرى توساتتىن كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. مەن ھايات ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم. بىر ئەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىش مېنىڭ تازىمۇ ئەقىلسىزلىقىم، ئىرادىسىزلىكىم... ئاجىزلىقىم بولۇپ قالامدۇ؟! ئۇ ۋاپاسىزلىق قىلىپ مېنىڭدىن ۋە ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىدىن ۋاز كەچكەن بولسا، مەن ئاللانىڭ ئاياللارغا ئاتا قىلغان يىللىق مېھرىبانلىقى بىلەن بالىنى بېقىپ، ئۆستۈرۈپ، ۋاپادار ئايال، مېھرىبان ئانا بولۇشۇم كېرەك. مەن بۇرۇن زاكىر ئۈچۈن ياشىغان بولسام، ئەمدى سىز ھەم تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بالام ئۈچۈن ياشىماقچى بولدۇم.

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە، سىز كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپسىز، يىغىدىن كۆزلىرىڭىز ئىششىپ كېتىپتۇ. مەن ئۆزۈمنى باغرىڭىزغا ئاتتىم. سىز مېنى چىڭ قۇچاقلىدىڭىز. بىز ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمىگەن ئانا-بالىدەك ئۇزاق قۇچاقلىشىپ يىغلاشتۇق. مەن يىغلاپ تۇرۇپ سىزگە دەردىمنى تۆكتۈم...

— بوپتۇ قىزىم، ئەمدى بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى، ياراتقان ئاللا بار، يىغلىما، بۇ بەختسىزلىك مەندىن ساڭا مىراس قالغان ئوخشايدۇ، — دېدىڭىز كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ مېنى بەزلەپ.

... ئەتىسى دوستۇم ئۇچقۇنئاي مېنى ئىزدەپ كېلىپ، زاكىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنى توسۇپ قويدۇم. ئۇچقۇنئاينىڭ ئوغىسى قايناپ:

— خەقلەر سېنى نېمە دەپ ئەيىبلەۋاتىدۇ بىلەمسەن؟ يامان ئاتاقنى سەن ئال، ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك توي قىلىمەن دەپ يۈرسۇن! سەن تېخى ئۇنى قوغدا... ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىش ئەرزىمدۇ، كامىلە؟! سەن نېمانداق ئەخمەق! سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ ئۇ! خەق ئۆز بەختىنى كۆزلىسۇن - يۇ، سەن يىغلاپ يات. يۈر سوتقا بارىمىز، ئۇنىڭ سەن بىلەن توي قىلمىغىنىنى كۆرۈپ باقايچۇ قېنى، دېدى.

ئۇچقۇنئاي مېنى سىرتقا سۆرىدى. مەن زادىلا ئۈنىمىدىم! مەن زاكىرنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىتىم. ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنى ئوتقا ئىتتىرىش نامەردنىڭ ئىشى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ نامەردلىك قىلغان بولسا بوپتۇ، مەن كەڭ قورساقلىق قىلاي...

مېنى مۇشۇ كۈنلەردە ئەڭ ئازابلىغان ۋاقتىنى كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى ئىدى. ھاۋا ئىسسىپ، تىنجىقلىقنىڭ دەستىدىن ئۆيدە ئولتۇرۇش تەس بولۇپ كەتسىمۇ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرالمايتتىم. ئۆيدە ئولتۇرۇپمۇ ئاياللارنىڭ توۋا، زامان ئاخىر بولۇۋاتامدۇ نېمە؟ بۇ كەمىنىڭ قىزلىرى توي قىلماي تۇرۇپلا قورسىقىنى دومبايتىپ يۈرۈۋېرىدىغان بوپ قاپتۇ، دېگەندەك گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا نومۇس ۋە ئەلەمدىن ئۆرتىنەتتىم. بۇنداق سېسىق گەپلەرنىڭ تولىسىنى يەنىلا سىز ئاڭلىدىڭىز... ھەممىنى ئىچىڭىزگە ئېلىپ تۈگىشىپلا كەتتىڭىز. بۇ سىزگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. سىز مېنىڭ دەردىمنى شۇنچە تارتقان بولسىڭىزمۇ ماڭا زارلىنىپ بەرمىدىڭىز...

مېنىڭ ئاي - كۈنۈم توشۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى زاكىرنىڭ ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە كۈنى تويى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ ئازابلاندىم، يىغلىدىم... جۈمە كۈنى تۇيۇقسىز قورسىقىم ئاغرىشقا باشلىدى. ئانا، سىز شەنبە كۈنى مېنى دوختۇرخانىغا ئاپاردىڭىز. مەن يەكشەنبە كۈنى — زاكىرنىڭ تويى بولغان كۈنى يەڭگىدىم. ئاياللار تۇغۇتىدا تارتىدىغان ئازابلىرىنىڭ ھەممىسىنى تارتىپ ئاخىرى ئانا بولدۇم. دوختۇرخانىدا ھەربىر ئانا ھاياتلىق غۇنچىسىنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئەرلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مېھىر - مۇھەببىتىگە، ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنى ئەڭ يۈكسەك تۇيغۇ ئىچىدە سەزسە، مەن مۆكۈلۈك خىياللارغا چۆكتۈم. ئۈچ كۈندىن كېيىن سىستىرا ئاپىال قىزىمنى يېنىمغا ئېلىپ كىرىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— پاھ، سىلەر نېمىدېگەن بەختلىك! ئاجايىپ چىرايلىق قىزدىن بىرنى تۇغۇۋالدىڭىز، قىزىڭىز خۇددى قونچاقتەكلا ئوخشايدىكەن، دادىسى كۆرسە قانچە خۇشال بولۇپ كېتەر - ھە؟! — مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئۈندىمەستىن قىزىمنى قولۇمغا ئېلىپ يىغلىۋەتتىم.

ئاپا سىز قىزىمنى قولىڭىزغا ئېلىپ:

— قىز بالىنىڭ چىرايىنى بەرگەن بىلەن بەختىنى بەرمىسە بىكار! بەختىنى خۇدادىن تىلە! — دېدىڭىز.

ئاپا، بەلكىم سىز مېنىڭ تەقدىرىمنى ئويلاپ شۇنداق دەۋاتقانسىز. ئادەم دەرد - ئەلەم ئىچىدە ئوبدان ياشاشنىڭ يولىنى بىلىپ قالىدىكەن. قىزلار كۆپ ھاللاردا تۇرمۇش بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقاندا، بەختىنى قانداقتۇر بىرەر يىگىتتىن كۈتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت قاينىمىغا بېشىچىلا كىرىپ كېتىپ، ئاخىرى ھالاك بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەختسىز بولۇپ قالىدىكەن.

مەن قىزىمنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، زاكىر بىلەن بىرگە بولغان كۈنلەردىكى ئايدىڭ كېچىلەرنى، كەلگۈسى توغرىسىدىكى شېرىن سۆھبەتلەرنى ئەسلىدىم. بۇلار مەن ئۈچۈن ئازابلىق بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنى ئۇنتۇيالمايتتىم.

قىزىم زۇلالئاي تازا ئەت ئېلىپ، ئالتە ئايلىق بولغاندا بىر نەرسىلەرنى گۈڭۈلدايدىغان، ئەركىلەپ، ۋىلىقلاپ كۈلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ تىلى چىقىپ، تۇنجى قېتىم «دادا» دېگەندە سىز ئۇنىڭ غۇنچىدەك ئوماق ئاغزىغا قولىڭىزنى تەگلەپ تۇرۇپ:

— داداڭ يوق! داداڭنىڭ قايسى قىلىغانلىرىغا دادا دەپ تىلىڭ چىقتى! — دەپ كايىدىڭىز. مېنىڭ قىزىمغا قاراپ بەكمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئىچىمدە بىچارە قىزىم، چوڭ ئاپاڭ توغرادەۋاتىدۇ، سېنىڭ داداڭ سەن تۇغۇلغان كۈنى ئۆلگەن، دېدىم.

دوختۇرنىڭ ماڭا تىكىلىپ قارىشىدىن كېسىلىمنىڭ ئېغىرلىقىنى تۇيغانىدىم. مانا بۈگۈن تەكشۈرۈش نەتىجىسىمۇ چىقتى. دوختۇر ماڭا كېسىلىمنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ قايتا تەكشۈرتۈپ بېقىشنى ئېيتتى. مەن تەكشۈرۈش قەغىزىنى يۆرلەپ تاشلىۋېتىپ، ئۆيگە قايتىپ كەلدىم-دە، قىزىمنى باغرىمغا بېسىپ تازا يىغلىدىم. ھايات نېمىدېگەن شېرىن-ھە؟ مەن زۇلالئاينى خۇددى بىرى قولۇمدىن تارتىۋالىدىغاندەك چىڭ قۇچاقلىدىم، ئاھ، تەقدىر پېشانە قىزىم، دادا مېھرى كۆرمىدى دەپ يىغلىسام، ئەمدى ئانا مېھرىگىمۇ قانمايدىغان بولدۇڭمۇ...

تېنىم كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاشماقتا، زۇلالئاينىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، مېنىڭ كۈنلىرىم ئازىيىۋاتىدۇ. قىزىم بۈگۈن بىر ياشقا كىردى. بىز زۇلالئاينى ئېلىپ باغچىغا كىردۇق. ئىككىمىز زۇلالئاي بىلەن ئايرىم-ئايرىم رەسىمگە چۈشتۇق. بەلكىم بۇ قىزىمغا يادىكار سۈرەت بولۇپ قالار... كېلەر يىلى قىزىم ئىككى ياشقا كىرگەندە ئۇنى باغچىغا ئۆزىڭىز ئەكىرەرسىز، ئەمدى بالا سىزگىلا قالدى. ئۇنىڭ پىلتىڭلاپ يۈگرۈشلىرىنى كۆرمەي، تاتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىماي كېتىدىغان ئوخشايمەن. مەندەك بىر ياش ئانا ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك.

تۈنۈگۈن كېچىلىك سېنىدا ئىشلەۋېتىپ ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، دوختۇرخانىدا ياتىمەن. ئەڭ ئاۋۋال يېنىمدا سىزنىڭ ياش تولغان كۆزلىرىڭىزنى كۆردۈم. سىز ئۆيدىن زۇلالئاينى ئەكەلگىلى كەتكىنىڭىزدە، مەن دوختۇرنى يېنىمغا چاقىرتتىم. ئۇ كېسىلىمنى مەندىن يوشۇردى. مەن نېمە كېسەل ئىكەنلىكىمنى بىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. دوختۇر كۆزەينىكى ئاستىدىن ماڭا تىكىلىپ قارىدى. بەلكىم ئۇ مېنىڭ ئۇزۇنغا قالماي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىمغا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقاندۇ؟! مەن ئۆزۈمنىڭ نەچچە كۈنلۈككىلا ئۆمرۈم قالغانلىقىنى بىلەتتىم.

قەدىرلىك ئاپا، شۇ تاپتا يۈرىكىمدىكى سۆزلەرنى خاتىرىگە يېزىشقا قەلىمىم ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ. ئەزرائىل بوسۇغامغىلا كېلىپ قالغان بولسا كېرەك. سىز بىلەن ۋىدالىشىش ئالدىدا پەقەت ئاپا مېنى كەچۈرۈڭ! دېگەن سۆزنىلا ئېيتالايدىغان ئوخشايمەن.

ئاپا، خاتىرەمنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدە يەنىلا ۋاپاسىز زاكىرنى تىلغا ئالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماسسىز... يۈرىكىمدىكى سۆزنى قىلسام، ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئۇ مېنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى سۆيگەن ئادىمىم... ئادەمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىدىن كۆڭلى بەك رەنجىمەيدىغان ئوخشايدۇ... ئۇنىڭغا ھېسداشلىقىم كېلىدۇ، ئۇ ئاخىرى ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. زاكىر ئۇچقۇنئايغا دەردىنى تۆكۈپ، مەندىن ئەپۇ سورىماقچى

بولغانلىقىنى ئېيتىپتىكەن، مەن رەت قىلدىم. ئاپا، بەلكىم كامىلە دىلىڭ بەكمۇ يۇمشاق ئىدى، ئاخىرقى كۈنلەردە نېمانچە قاتتىقلىق قىلغانسەن؟ دەپ قالارسىز... ئەگەر ئۇ تۇرمۇشتا بەختلىك بولۇپ، مېنىڭدىن ئەيۇ سورىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا مەن ئۇنى كەچۈرگەن بولاتتىم. ھەر ھالدا مېنى ئۇنتۇماپتۇ، گۇناھىنى تونۇپتۇ، دەپ بىلەتتىم. ھازىرچۇ؟ ئۇ بەختسىز بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن تۇرسا، مەن ئۇنى كەچۈرسەم قانداق بولىدۇ؟ بۇ ئىش مېنىڭ غۇرۇرۇمغا تەگدى. مەن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم؟ ئاپا، بۇلارنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ، سىز بىلىسىز، ئاشۇ دەردلەر مېنىڭ ياش يۈرىكىمنى زىدە قىلىۋەتتى...

ئاپا، ئاخىردا سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم: سىز مەن ئۈچۈن دەرد ـ ئەلەملەرنى كۆپ چەكتىڭىز. ئەمدى بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ! كۆز يېشى قىلماڭ! سىزگە دەيدىغان يەنە نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى، لېكىن قەلەم قولۇمدا تۇرماي ۋاتىدۇ. مېنى كەچۈرۈڭ!»

مەن خاتىرىنى ياپتىم ـ دە، يىغىدىن ئۆزۈمنى توختىتالمايلا قالدىم. كامىلەنىڭ ئاپىسى زۇلالىيىنى كۆتۈرگىنىچە كارىدورغا ئۈنسىز كىرىپ كەلدى... بىز ياتاققا كىردۇق. كامىلەنىڭ نەپىسى بەكلا تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ئاپىسىغا، قىزىغا، ماڭا ۋە تام تورۇسلارغا بىر قۇر قارىدى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئاخىرى ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىكى زۇلالىيىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ بىر نەرسە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئاۋازى چىقمىدى... ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن زۇلالىيىنى يېنىغا چاقىرىۋاتقانلىقىنى بىلدۇق. ئۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئوماق قىزىنىڭ يۈزلىرىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سىيلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئاپىسى ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. كامىلەنىڭ كۆزلىرىدە ياش بولسىمۇ، زورىغا كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى. تۇساتتىن ياتاققا ساقاللىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى ئولتىرىشۇپ، مەڭىزىنىڭ سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان زاكىر كىرىپ كەلدى ـ دە، كامىلەنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ، يەرگىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كامىلەنىڭ مۇزلاشقا باشلىغان قوللىرىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى ھېچكىمنى تەسىرلەندۈرەلمىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى كامىلەدە ئىدى. كامىلە قولىنى زاكىرنىڭ ئالقىنىدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرىنى ئاستا سىيلاشقا باشلىدى. ئۇ كۆزلىرىدىكى ئاخىرقى ياشلىرىنى زاكىر ئۈچۈن تۆكتى. بىر قولىنى زۇلالىيىغا ئۇزىتىۋېتىپ خۇددى بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك بىرلا سىلكىندى ـ دە، قولى پەسكە چۈشۈپ كەتتى. كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، تال ـ تال كىرپىكلىرى گىرەلەشتى.

— كامىلە، قىزىم! — ئانا ئۆزىنى قىزىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. سېستىرالار ئانىنى يۆلىۋالدى، — ئېچىلماي توزۇغان گۈلۈم، يېتىملىكنى قىزىڭغا تاشلاپ كەتتىڭغۇ قىزىم... ھەسرىتىم قىزىم! نادامىتىم قىزىم...، — ئانىسىنىڭ بۇ ھەسرەتلىك

(ئاخىرى 143 ـ بەتتە)




ئارزۇگۈل بەكرى (ئوقۇغۇچى)

# ئانا، مېنى كەچۈرۈڭ

(ھېكايە)

سىنىپ ئىچىنى ساۋاقداشلارنىڭ شوخ كۈلكىلىرى قاپلىغان بولۇپ، شۇ تاپتا يېڭى يىلنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تەييارلانغان كونسېرت قويۇلۇۋاتاتتى. يالغۇز كىشىلىك «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى» دىن كېيىن ساۋاقدىشىم ئادالەت ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ھازىر بىز ساۋاقدىشىمىز ھۆرىيەتنى «ئانا» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى! — دېدى.

شۇ ھامان قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ساۋاقدىشىم ھۆرىيەت ئوتتۇرىغا چىقىپ بىزگە سالام قىلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچىنى ئوينىغىنىچە ناخشا باشلىۋەتتى:

چاچلىرىڭغا ئاق چۈشتى قاردەك،
ياشلىقىمنى بېرەيمۇ ئانا.
قەددىڭ گويا يادەك پۈكۈلدى،
ھاسا تاياق بولايمۇ ئانا.

مەن بۇ مىسرالارنى ئاڭلاۋاتقىنىمدا يۈزلىرىم ئوتتەك قىزىرىپ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. چۈنكى شۇ تاپتا بۈگۈن چۈشتە ئانامغا قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىم يادىمغا يەتكەنىدى.

— ئوغلۇم، — دېدى ئانام چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئورۇق قوللىرىنى مۆرەمگە قويۇپ، — بۈگۈن قار بەك قېلىن يېغىپ كەتتى. شۇڭا سەن چۈشتىن كېيىن ماڭا ياردەملىشىپ قار تازىلىشىپ بەرگىن.

— ۋاي - ۋۇي، بۈگۈن يېڭى يىل ھارپا كۈنى تۇرسا، چۈشتىن كېيىنكى كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىغا قاتناشمامدىمەن، — دېدىم - دە، ئانامنىڭ قولىنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋەتتىم. ئانام مېنىڭ بۇنداق قوپاللىقىمدىن دەماللىققا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. كۆزلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس ياش پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ تەتۈر قاراۋالدىم. ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى، بىر ھازادىن كېيىن ئانام پەس ئاۋازدا:

— بالام، باشلىقىمىز بۈگۈنلا تازىلىۋېتىڭ، دېمىگەن بولسىغۇ مەنمۇ ساڭا ياردەملەشكىن دېمەيتتىم، لېكىن ئامال قانچە؟

ئەمدى ئانامنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى. مەن بولسام ئاۋۋالقىدەك تەتۇر قارىغىنىمچە تۇرۇۋەردىم.

— داداڭ ھايات بولغان بولسىغۇ مەنمۇ بۇنچىۋالا جاپا تارتىپ كەتمەيتتىم. سەن ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ماڭا يار-يۆلەك بولغىن، بالام، ئۇكىلىرىڭ تېخى كىچىك، گۆرجەك تۇتالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن مىجەزىم يوق، پۇت-قولۇم سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرىدۇ.

— ساۋاقداشلىرىم ئويۇن كۆرۈۋاتسا، مەن قار تازىلامدىم! مىجەزىڭىز بولمىسا ئۆيدە يېتىڭ!

مەن شۇنداق دېدىم-دە، قولۇمنى سىلكىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. ئۆي ئىچىدىن ئانامنىڭ ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، بالام ... دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ چاغدا مەن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بولغانىدىم.

سىنىپتا ياڭرىغان ئالقىش ساداسى مېنى ئۆزۈمگە كەلتۈردى. قارىسام ساۋاقدىشىم ھۆرىيەت ناخشىسىنى تۈگىتىپ، تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ. مەن دېرىزىدىن سىرتقا قارىدىم. ئەتراپنى قېلىن قار قاپلىغان بولۇپ، جاندىن ئۆتكۈدەك ئاچچىق سوغۇق بولۇۋاتاتتى. بىچارە ئانام ھازىر مۇشۇ سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەن قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، يادەك ئېگىلگىنىچە قار تازىلاۋاتقاندۇ-ھە، دەپ ئويلىدىم. شۇ چاغدا ئانامنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمغا كەلدى.

ئەنە، قوللىرى قاپىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى خىرە پىلدىرلاپ تۇرغان، ئورۇق، پاكار بويلۇق، 50 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان بىر ئايال گۆرجەك بىلەن قار تازىلىماقتا. ئاھ، ئۇ مېنىڭ ئانام. ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى ھەر كۈنى تاڭ يورۇماستا — ھەممە ئادەملەر شېرىن ئۇيقۇدا ياتقاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، سۈپۈرگە، گۆرجەكلەرنى ئېلىپ ئىشقا كېتىدۇ. يەنە بىز ئورنىمىزدىن تۇرغۇچە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كېلىپ، بىزگە چاي تەييارلايدۇ. بىز مەكتەپكە ماڭىدىغان ۋاقتىمىزدا ئۇ بىرلا سۆزنى تەكرارلاپ: بالىلىرىم، سىلەر مېنىڭ سۇنماس قانىتىم، يۆلەنچۈكۈم، سىلەر ئۇستازلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، تىرىشىپ ئوقۇڭلار، كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولۇڭلار، دەپ ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ چىقىدۇ، چۈشتە بىزنى يەنە ئىسسىق، مەززىلىك تائاملار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ...

مەن شۇلارنى ئويلاپ، خۇددى ئوتقا دەسسىۋالغاندەك ئازابلىنىپ كەتتىم. يۈرىكىم پىژىلداپ ئېچىشتى. ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇ يەردە يەنە ئويناپ-كۈلۈپ ئولتۇرۇۋېرەيمۇ ياكى ئانامنىڭ يېنىغا بارايمۇ؟ ئەگەر ئانامنىڭ يېنىغا بارمىسام قانداقمۇ ئۇنىڭ سۇنماس قانىتى، يۆلەنچۈكى بولالايمەن. ياق، بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ. گەرچە مەن كىچىككەن بولسامۇ ئانامنىڭ يېنىغا بېرىشىم، ئۇنىڭ قولىدىن گۆرجەكنى ئېلىشىم، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىم كېرەك. ئۇ ئەمدى جاپانى تارتىۋەرمىسۇن، دىلى ئازار يېمىسۇن.

مەن قەتئىي قارارغا كەلدىم-دە، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم ۋە ئانامنىڭ ئىش ئورنىغا قاراپ يۈگۈردۈم.

قۇلاق تۈۋىمدە ساۋاقدىشىم ھۆرىيەتنىڭ ناخشىسى جاراڭلايتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمۇھەممەت جۇمە

گۈلمىرە تۇرسۇن (ئوقۇغۇچى)

# كەپتەر

(نەسر)

كەپتەر، مەن ساڭا ئامراق. سەن كېلىشكەن تۇرقىڭ، چىرايلىق پەيلىرىڭ، يېقىملىق گۇگۇلداشلىرىڭ، شۇنداقلا ئۆزۈڭنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىش ماھارىتىڭ بىلەن مېنى ئۆزۈڭگە مەھلىيا قىلىسەن. كەپتەر، سەن پۇررىدە يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ، قاناتلىرىڭنى كېرىپ، كۆكتە مەغرۇر پەرۋاز قىلغىنىڭدا، مەن سەندىن كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ تۇرىمەن. مەن سېنىڭ كۆكتىكى قىياپىتىڭنى مەغرۇر لاچىنغا ئوخشىتىمەن.

كەپتەر، سەن بەختىنىڭ، ئىناقلىقىنىڭ، تىنچلىقىنىڭ سىمۋولى، ئىنسانىيەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا سېنى سۆيىدۇ، سېنى ئەزىزلەيدۇ، سېنى شادلىقنىڭ ئەلچىسى دەپ قارايدۇ.

كەپتەر، مەن سېنىڭ مەغرۇرلۇقىڭنى، مۇلايىملىقىڭنى ياخشى كۆرىمەن. ئەي كەپتەر! ئىنسانىيەت سېنى خۇددى گۈزەللىكنى سۆيگەندەك سۆيىدۇ. كەپتەر! كۆكتە پەرۋاز قىل، تېخىمۇ ئېگىز ئۆرلە!

گۈلنۇر ئابلەت (ئوقۇغۇچى)

# ئۈمىدلىك بولۇڭ

(نەسر)

كېچىنىڭ سوغۇق شامىلى نەشتەردەك سانجىلاتتى. مەن كۆكتىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال بىلەن كېتىپ بارىمەن. بىردىنلا كېمدۇر بىرىنىڭ غەيرەت قىل، مەيۈسلەنمە، غەلىبە ئالدىڭدا دېگەن ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندەك بولدى. مەن دەرھال ئەتراپىمغا قارىدىم. ئەتراپىمدا ئادەمزاتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. پەقەت ئاسماندىكى تولۇن ئاي ماڭا جىلۋىلىك كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. شۇندىلا ئېسىمنى يىغىپ ئايغا خىتاب قىلدىم:

— ئەي، ئاي دوستۇم، مەن يەنە نېمىگە غەيرەت قىلىمەن، مەن مەيۈسلەنمەي كىم مەيۈسلەنۈن؟ بىلەمسەن، نەتىجە قازىنىمەن دەپ مەغلۇپ بولۇپ، ھەسرەتتە كېتىپ بارىمەن. سېنىڭ ئۇ سۆزلىرىڭ ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ماڭا ئۈمىد ئاتا قىلالمايدۇ.

ئاي نېمىگە شۇنچە زارلىنىسەن، دېگەندەك ماڭا تىكىلدى. مەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ كەينىدە قېلىپ، ئالىي

مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەنلىكىمنى، شۇنىدىن بېرى روھىم چۈشۈپ بىراقلا بوشىشىپ كەتكەنلىكىمنى سۆزلىدىم. ئاي سۆزۈمنى تارتىۋېلىپ:

— پاھ، سەن قالتىسقۇ، نەتىجە قازىنىشنى شۇنچە ئاسان چاغلامسەن؟ قايسىبىر ئۇلۇغ شەخسلەر مەغلۇپ بولمىغان، قايسىبىر كىشى جاپاسىز ھالاۋەت كۆرگەن؟ سەن تۇنجى قەدەمدىلا غەلىبە قىلىمەن دەمسەن... ئاستا مېڭىشتىن قورقما، توختاپ قېلىشتىن قورق، دېگەن سۆز بار. سەن توختىماي ئالغا قاراپ ماڭساڭلا كۆزلىگەن ئىستىقبالغا چوقۇم يېتىسەن. بىلىمگە چىرمەس ئالتۇن، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك. ئىرادىسىزلىك جانسىز تەنگە ئوخشايدۇ. غەلىبە تىرىشچان، ئىرادىسى مۇستەھكەم كىشىلەرگە مەنسۇپ، — دېدى.

ئاي دوستۇمنىڭ سۆزلىرى قەلبىمدە يېڭى بىر ئۈمىد ئۇچقۇنىنى چاقناتتى. مەن قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە قەدەملىرىمنى تېز - تېز ئېلىپ ئالغا يۈرۈپ كەتتىم.

ئانىلا تۆكەن (ئوقۇغۇچى)

# پۇل

(ھېكايە)

پۇل سېلىنغان چامادانىنىڭ ئۇتقۇچىنى تۇتقان قوللىرىم ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئىچىمدە بولسا ئالايمۇ - ئالمايمۇ، دېگەن ھېسسىيات داۋالغۇيتتى. مەن ئاخىرى قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم - دە، چامادانىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، رەتلىك قاتلاقلىق پۇللار ئىچىدىن 50 يۈەنلىك پۈتۈن پۇلنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يانچۇقۇمغا سالدىم. بۇ ئىشنى بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدە تۈگەتكەن بولساممۇ، يۈرىكىم قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى تەستە بېسىۋېلىپ دالان ئۆيگە چىقتىم. دادام چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۆزۈمنى پەرۋاسىز كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، كىچىك ئوكامنى ئەركىلىتىپ بىرنى سۆيۈپ قويدۇم - دە، دادامغا قاراپ:

— دادا، مەن ئەسقەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ خىمىيە كونسپېك دەپتىرىمنى ئەكىلىۋالاي، — دېدىم.

دادام بەكلا ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. بىز تۇغقۇل ئاپاممۇ ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلالمايتتى. دادام ماڭا قاراپ قويدى - دە:

— بارغىن، تېز يېنىپ كەل، — دېدى.

مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. ئىككى كۈنىنىڭ ياقى ھاۋا بۇزۇلۇپ سوغۇق بولۇپ كەتكەنىدى. شامال چىقىۋاتاتتى. مەن چوڭ يولدا ئىتتىك قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتىمەن. پۇل تۇتقان قولۇم

تىترەۋاتاتتى. ئەگەر پۇلنىڭ ئىشى ئاشكارىلىنىپ قالسا دادامغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتىم.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن دادام ماڭا 50 يۈەن پۇلنى تەڭلەپ: مەكتەپتىن قايتقان چېغىڭدا ماۋۇ 50 يۈەن پۇلنى ساۋۇر ئاكاڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرگىن، دېگەنىدى. مەن پۇلنى سومكامغا سېلىپ مەكتەپكە كەتتىم. مەكتەپتىن قايتىدىغان ۋاقىت توشتى. مەن سومكامدىن پۇلنى ئېلىۋېلىپ يانچۇقۇمغا سېلىپ قويااي، ساۋۇر ئاكامنىڭ ئۆيىگە بارغاندا سومكا ئاختۇرۇپ يۈرمەي، دەپ ئويلاپ، سومكامنىڭ ئىچىگە قولۇمنى سالدىم. لېكىن پۇلنى تاپالمىدىم. بارلىق كىتاب - دەپتەرلىرىمنى بىر- بىرلەپ ۋاراقلاپ چىقتىم. سومكىنى تەتۈر ئۆرۈدۈم، لېكىن پۇل تېپىلمىدى. ئاخىرى ئۆيدە قالدىمىكىن، دەپ گۇمان قىلىپ، سومكامنى يىغىشتۇردۇم - دە، ئۆيگە چاپتىم.

مەن دادامدىن قورقۇپ: پۇلنى ئاپىرىپ بەردىم، دەپ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم - دە، ئۆيلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم.

— نېمە قىلىۋاتىسەن، دىلشات، چېيىڭنى ئىچكىن، — دېدى ئاپام مېنىڭ بىر نەرسىلەرنى ئىزدەۋاتقىنىمنى كۆرۈپ. مەن قەلىمىمنى ئىزدەۋاتىمەن، دەپ قويدۇم. ساۋۇر ئاكام بىلەن دادام بىر سېختا ئىشلەيتتى، ئەگەر دادام ئەتە ساۋۇر ئاكامدىن سوراپ قالسا ئىش چاتاق بولاتتى. يا تاياق يەيتتىم، يە بولمىسا تىل ئىشىتەتتىم.

مەن خىيال سۈرۈپ مېڭىپ ساۋۇر ئاكاملارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتىمەن. ئىشىكنى چېكىۋىدىم، ئۆيدىن ساۋۇر ئاكامنىڭ ئايالى چىقتى. مەن يانچۇقۇمدىن 50 يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ساۋۇر ئاكامنىڭ ئايالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم - دە، بۇنى دادام بەرگەنىدى، دەپ قويۇپ ئارقامغا ياندىم.

ئەمدى مېنىڭ ئەس - يادىم چاماداندىكى پۇلدا قالغانىدى. دادام پۇلنىڭ كەملىكىنى بىلىپ قالسا قانداق قىلارمەن، دېگەن خىيال كاللامنى چىرمىۋالغانىدى.

مەن خىمىيە كونسپېك دەپتىرىمنى ئالغىلى ئەسقەرنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئەسقەر تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقانىكەن، ئۇ مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە:

— ئەجەب ياخشى چاغدا كەپسەن ئاداش، مەن تېخى سىلەرنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ تۇراتتىم، كەل ئولتۇر، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆيگە بارماقچى بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدىم. ئۇ مېنى يەنە بىر قېتىم ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. كېيىن تارتمىدىن 50 يۈەن پۇلنى ئېلىپ ماڭا تەڭلىدى.

— بۇ پۇل سەندىن ئالغان خىمىيە كونسپېك دەپتەرنىڭ ئىچىدىن چىقتى! شۇڭا مەن بۇ پۇلنى ئاپىرىپ بەرمەكچى بولۇپ تۇرغانىدىم، — دېدى ئۇ.

كۆزلىرىمگە ياش تولۇپ كەتتى. خۇشاللىقىمدىن ئەسقەرنى قۇچاقلىۋېلىشقا تاس قالدىم. ئۇنىڭغا بايا ئۆيدە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم.

ئەسقەر سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن، — دېدى.

مەن ئەسقەرگە قاراپ:

— قانداق قىلسام بولار، — دېدىم.

— ئاداش، قانداقلا ئىش يۈز بەرسىمۇ راست گەپ قىلىش كېرەك. سەن بېرىپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى داداڭغا دېگىن، داداڭ سېنى چوقۇم كەچۈرىدۇ، — دېدى ئەسقەر.

مەن تولىمۇ خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتتىم. چۈنكى پۇلنىڭ تېپىلغانلىقى شۇنداقلا ساۋاقدىشىم ئەسقەرنىڭ سەمىمىيلىكى مېنى ھاياجانغا سالغانىدى.

مەن ئۆزۈمنى خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. چۈنكى دادامنىڭ ئالدىدا خاتالىقلىرىمنى ئىقرار قىلسام، ئۇنىڭ مېنى كەچۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

ئاسىيە ئابدۇجېلىل (ئوقۇغۇچى)

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمۇھەممەت جۇمە

# مەغلۇبىيەت

(نەسر)

كىشىلەر مېنى «مەغلۇبىيەت» دەپ ئاتايدۇ. مەن بەزىدە تولىمۇ كۆرەڭلەپ كېتىمەن. چۈنكى مەن نۇرغۇنلىغان ئالىملارنى، شائىرلارنى، پەيلاسوپلارنى مەغلۇپ قىلىۋېتىمەن. ئۇنى ئاز دېگەندەك ئۇلارنى مەڭگۈ چىقىش يولى تاپالمايدىغان قىلىپ، نابۇت قىلىۋېتىمەن، بۇ خىل كىشىلەر ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ، چىقىش يولى ئىزدىمەيدۇ ھەم مەن بىلەن قايتىدىن ئېلىشىشنى خالىمايدۇ.

ئەمما مەن ھەر دائىملا بۇنداق كۆرەڭلىك قىلىۋېرەلمەيمەن. بەزى كىشىلەر مېنى باش ئەگدۈرىدۇ. ئۇلار مەغلۇبىيەت غالىبىيەتنىڭ ئانىسى، دەپ قارايدۇ. مەغلۇپ بولۇپ يىقىلسا، يەنە ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ. ئالدىنقى ئىشلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ، قايتىدىن غەلىبە قىلىشقا تىرىشىپ يول ئىزدەيدۇ. مەن ئالدىنقى خىلدىكى كىشىلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن. كېيىنكى كىشىلەرنى بولسا قەۋەتلا ياقتۇرىمەن. چۈنكى مەن ئالدىمدا يىقىلىپ ئۆرە بولالمىغانلارنى ياقتۇرمايمەن. ئالدىنقى خىلدىكى كىشىلەر بۇ تەقدىرنىڭ ھۆكۈمى، دەپ بىلىپ، يىقىلغان ئورنىدا يېتىۋېرىدۇ. كېيىنكىلەر بولسا تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلىپ ئۇنى بويسۇندۇرىدۇ. ئۇچۇق گەپنى ئېيتسام تەقدىر بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق پەرقىم يوق. تەقدىر كىشىلەرگە چاقچاق قىلسا، مەنمۇ چاقچاق قىلىمەن. كىشىلەر «بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى» دېسە بۇ مېنىڭمۇ ئورۇنلاشتۇرۇشۇم بولىدۇ. مەن كىشىلەرنى ئۆمۈرلۈك ئازابقا قالدۇرسام، تەقدىرمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

مېنىڭ ئۆزۈمگە قارىمۇ-قارشى ئىسىملىك يەنە بىر دوستۇم بار. ئۇنىڭ ئىسمى غالىبىيەت، بۇ دوستۇم كىشىلەرنى بەخت-سائادەتكە، خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدۇ.

ئەمما بۇ دوستۇم مەغلۇبىيەتتىن ئىبارەت مەندەك دوستىنىڭ ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ.

ئۈزلۈكسىز ئىنتىلگۈچى ۋە ئىزدەنگۈچىلەر مەندىن تەجرىبە - ساۋاق ئېلىپ غالىبىيەت قازىنىدۇ. شۇڭا مەن قورقۇنچلۇق ئەمەس، كىشىلەر مەندىن قورقماڭلار، مەن بىلەن بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىشقا جۈرئەت قىلىڭلار. مەن پەقەت جۈرئەتلىك كىشىلەرنىلا ياخشى كۆرىمەن.

گۈلزار نىياز (ئوقۇغۇچى)

# يېتىم ئەمەس

(ھېكايە)

ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى. قەھرىتان سوغۇق دەستىدە ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىسسىق ماكانىغا كىرىپ بولغان بولۇپ، پەقەت 13-14 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا ماگىزىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئەسكى ئۆينىڭ ئالدىدا دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بېشىغا يىرتىلىپ كەتكەن قۇلاقچا، ئۇچىسىغا كونىراپ كەتكەن پاختىلىق چاپان، پۇتىغا پەقەتلا ماس كەلمىگەن چوڭ ئاياغ كىيىۋالغان بولۇپ، ناھايىتى غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇ شۇ ئولتۇرۇشىدا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئائىلىسىنى ئەسلەپ قالدى.

ئۇ بۇرۇن بۇ ئائىلىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى ئىدى. دائىم ئاتا - ئانىسى بىلەن كىنولارغا باراتتى، باغچىلاردا خۇشال - خۇرام ئوينايتتى. كىم بىلسۇن، تۇساتتىن بۇ ئائىلىگە بەختسىزلىك كېلىپ ئۇنىڭ ئانىسى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈگە خوشلاشتى.

ئانىسى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلى — دولقۇننىڭ دادىسىغا: بۇنىڭدىن كېيىن دولقۇنغا ياخشى قاراپ يېتىلدۈرۈشىنى بىلدۈرمەك، دەپ تاپىلىغانىدى. ئانىسى ۋاپات بولغاندا دولقۇن 12 ياشتا ئىدى.

ئۇ شۇلارنى ئويلىغاندا، كۆزلىرىدىن چىققان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. ئۇ ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، يەنە چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

ئانىسى ۋاپات بولۇپ توپتوغرا بىر يىلدىن كېيىن دادىسى ماگىزىندا ئىشلەيدىغان، دائىملا ياسىنىپلا يۈرىدىغان، يۈز - كۆزلىرىنى خۇددى سەھنىگە چىقىدىغان ئارتىسلاردەك بوياۋالىدىغان ياش بىر چوكان بىلەن توي قىلدى. توي بولۇپ ئىككى - ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇ ئايال دولقۇننى بالام مانى يەۋال، قوزام مانى ئىچىۋال، ۋاي مانى كىيىۋال، دەپ ئۆگەيلىكىنى پەقەتلا كۆرسەتمىدى. لېكىن كۈنلەر مۇنداق داۋاملاشمىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ئاستا - ئاستا ئاشكارىلاشقا باشلىدى. ھە دېگەندىلا دولقۇننى — ھۇ يېتىم ئوغلاق، سەن تېخى كىتاب

ئالىمەن دەپ پۇل سوراۋاتامسەن...سەن تېخى تەنتەربىيە ئايىغى ئالىمەن دەۋاتامسەن، بول چاپسان يەرلەرنى سۈرتۈپ بولۇپ، قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋەتكىن، دەپ سىلكىپ ۋارقىراشقا، ھەتتا تىللاپ، ئۇرۇشقا باشلىدى. كىچىككىنە ئىشنى باھانە قىلىپ، دولقۇننىڭ دادىسى بىلەن كۈندە دېگۈدەك سوقۇشىدىغان بولۇۋالدى.

بىر كۈنى كەچتە دولقۇن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا ياندىكى ئۆيدىن ئۆگەي ئانىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مېنىڭ زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. سەن بۈگۈنلا ئوچۇق گەپنى ئېيت، يا يېتىم ئوغلىقىڭ بىلەن تۇر، يا مەن بىلەن ئۆي تۇت، بولمىسا ھازىرلا خېتىمنى بەر!

دولقۇننىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياش تاپشۇرۇق دەپتىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئا ھازىر تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۈكىنى ئىغلىماقتا، قارىغاندا دادىسىمۇ چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمەيدىغاندەك تۇراتتى. دولقۇن قەتئىي قارارغا كەلدى. ئۇ كۈندە، ۋاڭ - چۇڭ ئۈزۈلمەيدىغان بۇ ئائىلىدىن بىزار بولغانىدى. ئۇ قولىغا قەغەز، قەلەم ئېلىپ، دادا مەن كەتتىم، ئەمدى بۇ ئائىلىگە قايتىپ كەلمەيمەن، چۈنكى مەن بۇ ئائىلىدە بولسام سىزنىڭ كۆڭلىڭىز كۈندە دېگۈدەك ئازار يەپ قالىدىكەن، مېنى ئىزدىمەڭ. ئوغلىڭىز دولقۇن، دەپ يېزىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى - دە، سومكىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ئۆيدىن ئاستا چىقىپ كەتتى. ئۆيدە ۋارقىرىش، جەڭگە - جېدەل ئەۋجىگە چىققانىدى.

دولقۇن شۇلارنى ئويلىدى - دە، ئۆز - ئۆزىگە: بۇ قانداق جاھاندۇ؟ ئۆگەي ئانا دېگەن شۇنداق بولامدىغاندۇ؟ ئاھ جېنىم ئانا، نېمىشقىمۇ مېنى تاشلاپ كەتكەنسەن، دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ قاراڭغۇ جىمجىت كوچىدا كېتىۋېتىپ دىلى بىردىنلا يورۇغاندەك بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مېھرىبان مۇئەللىمى كەلگەنىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. توغرا! مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە بېرىش كېرەك. ئۇ دولقۇنغا ئۆز ئانىسىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا يېتىملىكىنى پەقەت بىلىندۈرمەيدۇ. دولقۇنغا قاراڭغۇ كېچە بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بىلىندى - دە، چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن مۇئەللىمنىڭ ئۆيى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

رەناگۈل ئەخەت (ئوقۇغۇچى)

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

# ئەسقەرنىڭ كۆزيېشى

(ھېكايە)

دۇنيادا كىممۇ ئۆز بالىسىغا كۆيۈنمەيدۇ؟ ئەپسۇسكى ئەسقەرنىڭ دادىسى شۇنداق دادىلاردىن ئەمەس، ئۇنىڭ بىرەر قېتىم ئوغلىنىڭ غېمىنى يەپ، باش - كۆزلىرىنى سىيلىغانلىقىنى ئەسقەر پەقەت ئەسلىيەلمەيدۇ،

مانا بۈگۈن دادىسى ئۇنى هاراق ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. ئەسقەر دادىسىدىن پۇلنى ئېلىپ، ماگىزىن ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ دۇكاندىن هاراق ئالغانلىقىنى مۇئەللىم ياكى ساۋاقداشلىرى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. دادىسىنىڭ رەھىمسىز قوللىرىنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە تېگىپ، يەنە كۆكەرتىۋېتىشىدىن قورقۇپ پىركازچىنىققا پۇلنى ئۇزاتتى.

قىرنىشقاندەك، پىركازچىكنىڭ ئەسقەرگە هاراقنى شۇنۇشى مۇئەللىمنىڭ ماگىزىنغا كىرىشى بىلەن تەڭ كەلدى. ئەسقەر خىجالەتچىلىك ئىچىدە تۇگايىسىزلاندى. يۈزلىرى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ، كۆزى ياشلانغان هالدا بېشىنى كۆتۈرمەستىن ماگىزىندىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيگە كىرىشى بىلەن كونىراپ كەتكەن ئۈستەل يېنىدا تاماكىسىنى ئاچچىق شوراپ ئولتۇرغان دادىسى يەنە ئۇنىڭغا ۋارقىراپ كەتتى.

— نەگە باردىڭ، هۇ هارامزادە، مۇشۇ ۋاققىچە مېنى ئۆيدە ساقلىتىپ داپ دارىقىشىغان، ئېشەك هاكىرىغان يەردە يۈردۈڭمۇ؟ — دادىسىنىڭ بۇرۇتلىرى تىترەپ، يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ چەكچىيىپ، مۇشتلىرى تۈگۈلدى. شۇ تاپتا ئەسقەرنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، هاراق بوتۇلكىسىنى تۇتۇپ، يەرگە قارىغىنىچە تۇراتتى. تۇساتتىن دادىسى كولدانىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. ئەسقەرنىڭ قولىدىكى هاراق بوتۇلكىسى يەرگە چۈشۈپ چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. بىر بوتۇلكا هاراق دادىسىنىڭ كۆزلىرىگە قان توشقۇزدى بولغاي، رەھىمسىز قوللىرى ئەسقەرنىڭ يۈز - كۆزلىرىدە ئويناشقا باشلىدى. ئەسقەرنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن چىققان قان يەرگە يېيىلىپ كەتكەن هاراققا قوشۇلۇپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر: كامىل تۇرسۇن

(بېشى 134 - بەتتە)

يىغىسى ھەممە يەلەننىڭ باغرىنى ئېزىپ، كۆزلىرىنى ياشلىدى.

مەن زۇلالئايىنى كۆتۈرۈپ ياتاق بىناسىدىن ئالدىراپ چۈشۈۋاتسام، زاكىر خۇددى مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ كېلىپ ماڭا يېتىشتى ۋە قولىنى زۇلالئايىغا ئۇزاتتى:

— ماڭا قارا قىزىم، مەن سېنىڭ دادىڭ، — ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەچكىمۇ زۇلالئاي ئۇنىڭغا بىر پەس سەپسېلىپ قارىدى - دە، ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئۈنچىقمىغىنىچە يىغلاپ ماڭا يېپىشىۋالدى. زاكىرنىڭ زۇلالئايىغا ئۇزاتقان قوللىرى بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى.

— راست، قىزىم مېنىڭ ۋاپاسىزلىقىمنى ئاپاڭ ئاخىرقى تىنىقىدا كەچۈرگەن بىلەن سەن كەچۈرمەيسەن. ھەممىڭلار كەچۈرمەيسىلەر...، — دەپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى زاكىر.

مەن زۇلالئايىنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ نەپرەت ھەم ئېچىنىش بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر: كامىل تۇرسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurbook

رىزۋانگۈل ئابلىمىت

# ئۆگەي دادام

(ھېكايە)

مەن دادامدىن كىچىك قېلىپ، ئانا تەربىيىسىدە ئۆستۈم. ئانام ماڭا قاتتىق تەلەپ قوياتتى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، ئۇرۇق - تۇغقانلار مەسلىھەتلىشىپ ئانامنى ياتلىق قىلىپ قويدى. ئۆگەي دادام مېنى ھەر يەكشەنبە كۈنى باغچىلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەتتى. مەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرەتتى. ئۇ ماڭا بەكمۇ كۆيۈنەتتى. ئانام مېنى «ئىشقا بۇيرۇسا، دادام: ئوغلۇم دەرسىنى تەكرارلىۋەر، ئۇ ئىشنى مەن قىلىۋېتەي، دەيتتى. مەن چوڭ بولغانسېرى ئۆگەي دادامنىڭ كېپىنى ئاڭلىمايدىغان بولۇۋالدىم.

بىر كۈنى تاپشۇرۇق دەپتىرىم، چارەكلىك ئىمتىھان قەغىزىمدىكى نومۇرلارنى كۆرگەن ئۆگەي دادامنىڭ قاپاقلىرى بىردىنلا تۈرۈلدى — دە:

— بالام، ئەكبەر، بۇ نەتىجەڭ بەكلا تۆۋەنغۇ؟ مۇشۇنداق ئوقۇساڭ بولامدۇ؟ كىيىمىڭ، دەپتەر - كىتابلىرىڭدىن تارتىپ ھەممىسى تەل تۇرسا، تىرىشىپ ئوقۇساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ماڭا.

مەن ئۇچامدىكى كاستيۇمنى سالدىم - دە، كارىۋاتقا پىرقىرىتىپ ئاتتىم، بۇ چاغدا كاستيۇمنىڭ يانچۇقىدىكى تاماكا قۇتىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— بۇ نېمە؟ - دېدى ئۆگەي دادام يەردىكى تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ.

— تاماكا قۇتىسى، — دېدىم قىلچە ئىككىلەنمەي.

— سەن ئوقۇغۇچى تۇرۇپ تاماكا چەكسەڭ بولامدۇ؟

— سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ھۆرپىيىپ.

— مەن سېنىڭ داداڭ!

— مېنىڭ سېنىڭدەك دادام يوق!

ئۆگەي دادام ماڭا قارىغىنىچە نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. مەن يۈگۈرگەنچە سىرتقا چىقىپ كەتتىم. ئۆگەي دادام: ئەكبەر، ئەكبەر، توختا، دەپ ئارقامدىن توۋلاپلا قالدى. مەن ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمىدىم.

كەچتە ئانامنىڭ ئىشتىن كېلىشىگە يېقىن ئۆيگە كىردىم ۋە تامىقىمنى يەپلا ھوجرامغا كىرىپ يېتىۋالدىم، مەن ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان بولساممۇ ئۇيقۇم كەلمەيۋاتاتتى. ھوجرا ئىشىكى قىيا ئوچۇق بولغاچقا، تاشقىرىقى ئۆيدىكى دادام بىلەن ئانامنىڭ پاراڭلىرى ئوچۇق ئاڭلاندى:

— ئەكبەرنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ

سورىدى ئانام دادامدىن. ئانامنىڭ بۇ سوئالى مېنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۈردى. ئۆگەي دادام بىزگۈن بولغان ئىشلارنى ئانامغا دەيدىغان بولسا، ئانام مېنى تىللارمۇ ياكى ئۇرۇپ كېتەرمۇ، دېگەن بىر قورقۇنچ كاللامغا كىرىۋالدى. بىراق، ئۆگەي دادام مېنى چېقىشتۇرۇش ئورنىغا:

— دەرس ئۆزلەشتۈرۈشى يامان ئەمەستەك قىلىدۇ. تاپشۇرۇقلارنىڭ بەزىلىرىنى تولۇق ئىشلىمەپتىكەن، چىرايلىق تەربىيە بەردىم، — دېدى.

— مەن ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى بەزى يامان بالىلار بىلەن بىللە ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم، بالىنى قاتتىقراق باشقۇرايلى بولمىسا... — دېدى.

— بالا كىچىك ئەمەسمۇ — دېدى دادام ماڭا يان بېسىپ، — قاتتىق گەپ قىلغاننى كۆتۈرەلمەيدۇ.

مەن ئۆگەي دادامدىن خۇش بولدۇم.

ئەتىسى مەكتەپتىن قايتىۋېتىپ يولدا بىر قانچە ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئائىلىمىز توغرىلىق پاراڭغا چۈشتۇق. ساۋاقدىشىم ئەخمەتمۇ ئۆگەي دادىسىنىڭ قولىدا ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن:

— ئۆگەي داداڭ سېنى ئوينىغىلى قويامدۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— دادام ماڭا ئوينايدىغان ۋاقىتنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىتقا مەنمۇ رىئايە قىلىمەن، — دېدى.

— داداڭ سېنى ئۇرامدۇ؟

— ياق، مېنى بىر قېتىممۇ ئۇرۇپ باقمىدى، سېنىچۇ؟

— مېنى ئۇرۇپ باقمىدى، — دېدىم، مەنمۇ راست گەپ قىلىپ. لېكىن بۇ چاغدا دادامغا يانغانلىقىم يادىمغا كەلدى - دە، ئۆيدە بولغان ئىشنى ساۋاقداشلىرىمغا سۆزلەپ بەردىم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنى ئەيىبلىدى. مەن تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى ئويلاپ ھەم ساۋاقداشلىرىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ خىجىل بولۇپ قالدىم. مەن ئۇلارغا ئۆگەي دادامدىن ئەپۇ سورايدىغانلىقىم ھەققىدە ۋەدە بەردىم. مەن ئۆيگە بارغاندا ئۆگەي دادام ئىشتىن كېلىپ تۇرغانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەنلا كۈلۈمسىرەپ:

— ئوغلۇم، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ — دېدى.

مەنمۇ كۈلگىنىمچە دادامنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ:

— دادا، بۈندىن كېيىن تىرىشىپ ئوقۇيمەن، گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن... سىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلدىم، مېنى كەچۈرۈڭ؟... — دېدىم.

دادام مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، بېشىمنى سىيلىغان ھالدا:

— ھېچقىسى يوق بالام، بۈنىڭدىن كېيىن تىرىشىپ ئوقۇپ يارامىلىق ئادەم بولساڭلا بولدى، — دېدى.

— داداسىزنىڭ ماڭا بەرگەن تەربىيىڭىز توغرا، سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى. سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم، مېنى... — مەن دادامغا قەلبىمنى ئىزھار قىلالماقچى، بۈنىڭدىن كېيىن يامان ئىشلارنى قىلماسلىققا، تىرىشىپ ئوقۇشقا ۋەدە بەرمەكچى ئىدىم. بىراق كۆڭلۈمدىكى دېمەكچى بولغان سۆزلىرىم ياشقا ئايلىنىپ، ئىككى كۆزۈمدىن ئېتىلىپ چىققاندەك بولدى - دە، مېنى كەچۈرۈڭ، دېگەن سۆز بىلەنلا توختاپ قالدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

# مۇھاكىمە ۋە تەنقىد

## ئەدەبىي ئىجادىيەتنى نېفىت خىمىيە سانائىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى

سۇلتان ئەسپەر

(مايتاغ زاۋۇت رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)

مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 1936 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ نېفىت تارىخىدا يۈيمەن، يەنچاڭ نېفىت كانلىرى بىلەن بىر قاتاردا نامى چىققان زاۋۇتلارنىڭ بىرى. مەملىكىتىمىز ئازاد بولغان 43 يىلدىن بېرى، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى باشتىن - ئاخىر تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيىسىنى، نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، زور دەرىجىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى. ھازىر بۇ زاۋۇت 28 نېفىت ئايرىش قۇرۇلمىسىغا، يىلىغا 3 مىليون 300 مىڭ توننا خام نېفىتنى 130 نەچچە خىل نېفىت مەھسۇلاتىغا ئايرىپ ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولدى. زاۋۇتنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 500 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. يىللىق نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن كىرگەن كىرىمى 1 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە، دۆلەتكە يىللىق تاپشۇرغان باج - پايدىسى 400 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. بۇ زاۋۇت 12 مىڭ ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىگە، 10 مىڭدىن ئارتۇق ھەرخىل ئۇسكۈنىگە ئىگە چوڭ تىپتىكى يېقىلغۇ ماي — سىلىقلاش مېيى نېفىت خىمىيە سانائىتى بىرلەشكەن كارخانىغا ئايلاندى. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى نۆۋەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 1 - دەرىجىلىك كارخانا ۋە مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك كارخانا بولۇپ باھالاندى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 500 چوڭ كارخانىنىڭ 92 - سى ھەمدە مەملىكەتتىكى ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىدىغان 14 زاۋۇتنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. زاۋۇتىمىز ئىشلەپچىقارغان 45 - نومۇرلۇق ترانسفورماتور مېيى، 10 - نومۇرلۇق قۇرۇلۇش ئاسفالتى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالىنىپ دۆلەتنىڭ ئالتۇن مېدالىغا، 50 - نومۇرلۇق ھەرىبىي سانائەتتە ئىشلىتىدىغان سالىياركا، 22 - نومۇرلۇق توڭلىتىش ئاپتولى ۋە 25 - نومۇرلۇق ترانسفورماتور مېيى

ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالىنىپ، دۆلەتنىڭ كۈمۈش مېدالىغا ئېرىشتى. 70-نومۇرلۇق بېنزىن ۋە 0-نومۇرلۇق يېنىك سالياركا قاتارلىق 35 خىل نېفىت مەھسۇلاتى ئۆلكە ۋە مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار قاتارىغا ئۆتتى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى خىزمەتچىلىرى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش، ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىش روھىدا چىڭ تۇرۇپ، جاپالىق ئىشلەش، قاتتىق، ئىنچىكە ئىشلەش، مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ ئىگىلىك يارىتىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىنى يىلمۇ يىل تەرەققىي قىلدۇردى ۋە زاۋۇتنى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق سىرغىش (نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۇرۇبا لىنىيىلىرىدىن ئېقىپ ئىسراپ بولۇشى)تىن خالىي كارخانا، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا مەملىكەت دەرىجىلىك ئىلغار زاۋۇت، مەملىكەت دەرىجىلىك مۇھىتى گۈزەل زاۋۇت، ئوخشاش كەسىپلەر بويىچە ئېنېرگىيە ئىقتىساد قىلىشتا ئەڭ ئىلغار زاۋۇت، مەملىكەتلىك 1-دەرىجىلىك ئۆلچەمدە لاياقەتلىك كارخانا، ئۈسكۈنە باشقۇرۇشتا مۇنەۋۋەر كارخانا، دۆلەتلىك «1-ماي» ئەمگەكچىلەر مېدالىغا ئېرىشكەن ئىلغار كارخانا ۋە مەملىكەت دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار كوللېكتىپ قاتارلىق شان-شەرەپلەرگە ئېرىشتۈردى ھەمدە ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى.


مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى يەتتە يىللىق جاپالىق تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش ئارقىلىق، بۇ يىل 1-ئىيۇلدا شىنجاڭ 140 مىڭ توننىلىق ئېتىلىن زاۋۇتىنىڭ ھۇلىنى سېلىشتەك ھەم شەرەپلىك، ھەم جاپالىق ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. مايتاغ زلۋۇت رايونىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق 1994-يىلى سېنتەبىردە 4 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنغان زامانىۋى قۇرۇلمىنى پۈتتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

زاۋۇت رايونىمىزنىڭ نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى يۇقىرىقىدەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇشۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىمىزدىكى يولداشلارمۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، نېفىت خىمىيە سانائىتىنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈش يولىدىكى ئېسىل پەزىلىتىنى مەدھىيىلىشى، ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەرنى تەشۋىق قىلىشى، ئۇلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشى كېرەك. بۇ

مەقسەتكە، تولۇق يېتىش ئۈچۈن ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىدىكى ھەربىر يولداش ئالدى بىلەن ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇشى لازىم. بىرىنچىدىن، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، كىمنى مەدھىيىلەش مەسىلىسىدە توغرا يېتەكچى ئىدىيە تىكلىشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، يېزىقچىلىققا ئائىت ماتېرىياللارنى كۆپ كۆرۈش، يېزىقچىلىق ئۈچۈن ئوبدان ئاساس ھازىرلاش، مۇنەۋۋەر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، كۆپ مەشىق قىلىش، زېرىكمەي ـ تېرىكمەي يېزىش ئارقىلىق كەسپىي بىلىم ۋە ئىقتىدارىمىز ـ نى ئاشۇرۇپ، كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ يارىتىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. ھەۋەسكارلىرىمىز ئىشچىلار ئارىسىغا، يەنى ئۇلار ـ نىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ساھەلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلار بىلەن ئىچقوـ يۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشىمىز، ئۇلارنىڭ نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنى، نېمىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئىگىلەپ، ئۆز ئىجادىيىتىمىزدە ئۇلار ـ نىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا مۇستەھـ كەم تۇرۇشتەك ئېسىل پەزىلىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز لازىم.

بۇ قېتىم زاۋۇت رايونىمىزدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى «تارىم» ژۇر ـ نىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى يازغۇچى، شائىر، مۇھەررىر ئۇستازلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ياخـ شى مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ مايتاغدىكى ھەۋەسكارلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق، شۇنداقلا ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى. نېفىت خىـ مىيە سانائىتىدىن ئىبارەت بۇ «بوز يەر»نى ئېچىش، سانائەت كارخانىلىرى ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىش «تارىم» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەر ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇشى مۇمكىن. مەن يولداشلارنىڭ ئىنتىپاقلىشىپ، گۈللىنىۋاتقان نېفىت خىمىيە سانائىتىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



ناسىرجان مۇھەممەت

## كارخانا ئەدەبىياتى ــ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى

ھەرقانداق بىر دۆلەت، ھەرقانداق بىر رايون، ھەرقانداق بىر ساھە خەلقلىرىنىڭ دۇنيانى تونۇش، دۇنيانى چۈشىنىش، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش، جەمئىيەتنىكى خىلمۇ خىل كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش، مۇناسىۋەت باغلاش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، تۇرلۇك يادرەم ۋە رىقابەتتە بولۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات ــ سەنئەت جەۋھەرلىرى بولغىنىغا ئوخشاش كارخانا ساھەسىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ــ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان مەيلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مەيلى تىبابەتچىلىك، مەيلى مائارىپ، مەيلى سودا ــ سېتىق قاتارلىق ساھەلەردە بولسۇن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، جۇملىدىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تۈزەش، ياخشىلاش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، مۈرىنى ــ مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىش روھى ۋە بەختىيار ھاياتقا، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئارزۇ ــ ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى تەشەببۇس قىلىدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ــ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدىغان، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدىكى يېڭى كىشىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان، باشقىلارنى يېڭىلىق يارىتىشقا، جاسارەت بىلەن ئىشلەشكە، ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان كۆپلىگەن ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان كارخانا ئەدەبىياتىمۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى بويىچە كارخانىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ياراتقۇچى ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى، تۇرمۇش ۋە ھايات پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ساھە ئەدەبىياتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ دائىرىسى تولىمۇ تار، قەدىمى تولىمۇ ئاستا بولۇۋاتىدۇ.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ كارخانىلاردا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان ئىلغار شەخسلەر، تىپىك قەھرىمانلار يوقمۇ؟ كىشىلەرگە ئېستېتىك تۇيغۇ بېغىشلىيالايدىغان مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى، قايىنام تاشقىنلىق ھايات كارتىنىسى يوقمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق بولۇشىمۇ

www.uyghurkitap.com

مۇمكىن ئەمەس. بۇ جايلاردىمۇ قايىناق ھايات مەنزىرىسى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولىدا جاسارەت بىلەن ئىشلەۋاتقان، جۇڭخۇا مىللەتلىرى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن بەخت يارىتىش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى بېغىشلاۋاتقان باتۇر ئەزىمەتلەر بار. ئۇلار قەلەم ئىگىلىرى تەرىپىدىن تۇرلۇك ژانىرلار ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە تامامەن ھەقلىق ھەم شۇنداق بولۇشى زۆرۈر. بىراق بۇ مەقسەتنى قانداق قىلىپ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادكارلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئەلۋەتتە. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز قانداق قىلىشى كېرەك؟ مېنىڭچە، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە بۇ يولدا ئىزدىنىۋاتقان قەلەم ئىگىلىرى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بىرىنچى، ئالدى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادكارلىرىمىز سوتسىيالىستىك كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغان ئاساستا، كارخانا ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ خىللاشتۇرىدىغان، مەزمۇن جەھەتتىن بېيىتىدىغان، كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك زوقلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان ئەدەبىيات ئىكەنلىكىنى شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى تونۇشى، ئۆزلىرىدە بۇ مەسىلىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۇرۇشى كېرەك.

كارخانا ئەدەبىياتى قانداقتۇر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولمىغان، يازغىلى بولمايدىغان، تېگى ـ تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسە ئەمەس. ئۇ كارخانا ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى، ھايات پائالىيەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئەدەبىيات. ئۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ باشقا ساھە ئەدەبىياتىدىن ماكان ۋە مەزمۇن جەھەتتىن پەرقلەنگەندىن باشقا، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى جەھەتتىن تامامەن ئوخشاشلىققا ئىگە. شۇڭا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى قولىغا قەلەم ئېلىشقا، يېزىشقا، ئىجاد قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنى ئىلغار روھ ۋە ئىلغار ئىدىيىدە تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تەلىپىنى قاندۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش ھالىتىنى شەكىللەندۇرۇشى كېرەك. بۇ يازغۇچى، شائىرلارنىڭ يۇكسەك بۇرچى ۋە مەجبۇرىيىتىدۇر.

ئىككىنچى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش كېرەك.

ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت بولسا، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىنقىلابىي يازغۇچىلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلىدۇر. خەلق تۇرمۇشىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە خام ئەشيا بولىدىغان قېزىلما بايلىقلار مەۋجۇت. بۇلار تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسە، خام

نەرسە، لېكىن ئەڭ جانلىق، ئەڭ مول، ئەڭ ئاساسىي نەرسە، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا،
بۇلارنىڭ ئالدىدا بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت چېنىپ قالىدۇ، بۇلار بارلىق ئەدەبى-
يات ـ سەنئەتنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس، بىردىنبىر مەنبەسىدۇر، بۇلار بىردىنبىر
مەنبەدۇر، چۈنكى مۇشۇنداق مەنبەلا بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى مەن-
بە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەنىدى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەدەبى-
ياتنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن كېلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى
ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەرقايسى ساھەلەردە ئىسلاھات
چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كارخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى-
دىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئالدى
بىلەن شۇ رايون ئەدەبىياتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ۋە ئۇلار-
نىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قېنى دەپ بىلىشى، ئىشلەپ-
چىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇنىڭدىن يېڭى ئادەم، يېڭى خاراك-
تېرلارنى تېپىپ چىقىپ، دەۋر ۋە خەلق بىلەن ئاھاڭداش بولغان يارقىن بەدىئىي
ئەسەرلەرنى يارىتىشقا تىرىشىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، مىللىي رايون ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

ھەربىر دۆلەت، ھەربىر رايون ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنىڭ
بولغىنىغا ئوخشاش كارخانا ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مىللىي رايون ئالاھىدىلىكى
بولىدۇ. كارخانا ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي رايون ئالاھىدىلىكى شۇ رايوندا ئىشلەپچىقىرىش
ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت ئەن-
ئەنىسى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ
ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن ۋە راۋاج-
لانغان بولىدۇ. كارخانا ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي رايون ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدى-
غان ئامىللار شۇ رايوندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھاياتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭگەن
بولۇپ، ئۇ كونكرېت ھالدا شۇ رايون خەلقىنىڭ ئىچكى دۇنياسى يەنى مەنىۋى قىيا-
پىتى، ئوي ـ پىكرى ۋە مەقسەتلىرىدە، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ مىللىي
روھىي قىياپىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پەقەت ئۆزى-
گىلا خاس بولغان تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، ياشاش شارائىتى شۇ-
نىڭدەك پىكىر ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى ماھارەت ۋە ئۇسۇللىرى مىللىي رايون
ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. كارخانا ئەدەبىياتى ئەنە شۇ
مىللىي روھ ۋە مىللىي تۇرمۇشنىڭ خاسلىقى بىلەن مەزمۇن ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ رو-
شەن ئالامەتلىرىنى، بەلگىلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇنى ئوبرازلىق ھالدا كونكرېت
گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەندىلا، ئاندىن يارقىن مىللىي رايون تۈسىگە ئىگە بولالايدۇ.
بۇنداق ئەدەبىيات يالغۇز شۇ رايوندىكى خەلقنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا رايون
خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى-
نى، جۇملىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بېيىتىدۇ. بۇنداق ئەدە-
بىيات يېڭى ۋە ئۆزگىچە بولغان تۇرمۇش مەنزىرىسىنى يارىتىپ، باشقىلارنىڭ بۇ خىل
ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياقى ۋە ھەۋىسىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ شۇ رايون ئەدەبىياتىنى

ياراتقۇچى خەلققە بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. شۇڭا كارخانا ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يازغۇچى، شائىرلار شۇ رايوندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۈرەشلىرىنى، ئوي - پىكىر، ھېس - تۇيغۇلىرىنى، ئادەت ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىگىلەپ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق كارخانا ئەدەبىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، ئوبرازلار جانلىق يورۇتۇپ بېرىلىشى كېرەك.

ئەدەبىيات بىر خىل ئوبرازلىق سەنئەت. ئۇ ئاپتورنىڭ خاھىشى بىلەن تۇرمۇشتىكى ۋەقەلەرنىڭ تەبىئىي بىرىكمىسىنىڭ مەھسۇلى، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر، كىشىلەر بىلەن جەمئىيەت، كىشىلەر بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كونكرېت كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى. ئۇنىڭدا شۇ مۇناسىۋەت ۋە ۋەقەنى مەيدانغا كەلتۈرگۈچى ئادەم ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقتا يۈز بەرگەن خىلمۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ، ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئاخىرلىشىش جەريانىنى ھېكايە قىلغۇچى سۈپىتىدە مەلۇم دائىرىنى، مەلۇم كەڭلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئاپتورنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتى مۇشۇ ئوبراز ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇشۇ ئوبراز ئارقىلىق كىتابخان شۇ ئەسەردە ئەكس ئەتكەن ھايات كۆرۈنۈشلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي ئەسەر ئوبرازسىز مەيدانغا كەلمەيدۇ. كارخانا ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا كەلگەن بەزى ئەسەرلەردە پېرسوناژ ئەمەس، بەلكى ئاپتورنىڭ ئۆزى گەۋدىلىنىپ، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بەدىئىي ئوبرازلار ئۆز ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرالماي، ئەسەر ئاپتورنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى خاھىشى بىلەنلا سۇغۇرۇلۇپ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى، بۇ ھال كىتابخانلارنىڭ پېرسوناژلار خاراكتېرىدىن تەسىرلىنىش، ئېستېتىك زوق ئېلىش دائىرىسىنى تارلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرقىسىم يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئەسەر تېمىسىنى تۇرمۇش رېئاللىقى ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنۈشلىرى ئاساسىدا يورۇتماي بەلكى كاللىسىدا پەيدا بولغان ئۇقۇم بويىچە قەلەم تەۋرەتتى. نەتىجىدە بۇنداق ئەسەرلەر كىتابخانلارنى تەبىئىي ھالدا تەسىرلەندۈرىدىغان بەدىئىي كۈچكە ئىگە بولالمىدى. ئوبرازدىن ئايرىلغان ئىدىيە توغرىدىن - توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسەر سىياسىي تەرەپتىن ھەر قانچە يۇقىرى بولغان بىلەنمۇ، كىتابخانلاردا بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئېستېتىك تۇيغۇ ۋە زوقلىنىش ھاسىل قىلالمايدىغان بولغاچقا، ئاپتور سىياسىي خاھىشنى ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجى بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىگە مەجبۇرىي تاڭماسلىقى، ئۇنى ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرمەسلىكى، ئۇلار ئۈستىدىن ئىدىيىۋى يەكۈن چىقارماسلىقى كېرەك.

بەشىنچى، تەپسىلاتلار تەسۋىرى چىن بولۇش كېرەك.

تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئەدەبىي ئەسەردە يورۇتماقچى بولغان پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي رېئاللىقتا يۈز بەرگەن خىلمۇ خىل، مۇرەككەپ تۇرمۇش

ھادىسىلەرى ۋە رېئال مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن، كىشىنى قايىل قىلىدىغان، تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولغان تەپسىلاتلار تەسۋىرى بولمايدىكەن، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى توغرا، ئىنچىكىلىك قىلىپ ئېچىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشنى جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسى بولغاچقا، ئۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئۈستىدە چىنلىق بىلەن بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى توغرىلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىش تەلەپ قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە دەۋر ھەقىقىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سەمىمىي ئىدىيىۋى ھېسسىيات، توغرا باھا - قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى ساغلام ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن تەربىيىلەشكە ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ، شۇنداقلا كارخانا ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بۇ تەلەپ پەقەت رېئاللىقتىكى خىلمۇ خىل تۇرمۇش ھادىسىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ۋە رېئال ئادەملەرنىڭ (ئىشچىلارنىڭ) ئىچكى - تاشقى ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىش قىلىش، ئۇلارنى توغرا ئومۇملاشتۇرۇپ، خۇددى رېئال تۇرمۇش، رېئال ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى، رېئال ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش كونكرېت، تەبىئىي، ئىشىنەرلىك قىلىپ سۈرەتلەپ بېرىش يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر تۇرمۇشنىڭ ئەينەن خاتىرىسى ئەمەس، ئۇنىڭدا مۇبالىغە قىلىش، توقۇلما قىلىش، ئىش قوشۇشىمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇ مۇبالىغە، توقۇلما، ئىش قوشۇش ئەدەبىي ئەسەردىكى ئاساسلىق ئامىل ئەمەس. ئۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى جەريانىدىكى زۆرۈر بولغان ماتېرىياللارنى تولۇقلاش ۋە بىرا قىسىم مەسىلىلەرنى بىر قەدەر گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدىغان قوشۇمچە ئامىل. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ چىن بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئالتىنچى، كارخانا رايونلىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق رولى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. كارخانا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشنى ئاساس قىلىدىغان ئورۇن بولغاچقا، كارخانا ئورگانلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت، تەشۋىقات خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ئانچە يېتەرلىك بولمىدى. شۇ سەۋەبتىن كارخانىلاردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلمىدى - دە، ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى ئاجىزلاپ كەتتى. نەتىجىدە كارخانا ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا ماسلىشالمىدى. بۇ خىل ماسلىشالماسلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، كارخانىلاردىكى

www.uyghurkitap.com

ئورگانلار ۋە رەھبەرلەر ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىپ، كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنى توغرا ئىگىلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى كارخانا ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئەۋزەل شارائىتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. بىرىنچى، كارخانا رايونلىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلاردىن باشقا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي يازغۇچى، شائىرلار يوق دېيەرلىك. شۇڭا ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق مۇكەممەل بىر ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى بەرپا قىلىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئىجادىيەت زېمىنى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك، يەنى كارخانىلار، ئىشچى -خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىدا سەككىز سائەت مۇقىم تۇرۇپ مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئىجادىيەتچىلەرگە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىشچىلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىگە خام ماتېرىيال توپلاش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى ئەدەبىيات سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش سورۇنى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك.

دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدىكى كارخانا رايون ئەدەبىياتىنى باشقا ساھە ئەدەبىياتى بىلەن ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئالدى بىلەن كارخانا ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، جاپادىن قورقماي، ئىشچىلارنىڭ قاينام - تاشقىنلىق ھايات پائالىيەتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇش ئۆگىنىپ، يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ كارخانا ئەدەبىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك.

---

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مەريەم بارات

## «بالا مېھرى» ناملىق ھېكايە ھەققىدە

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، ئاياللار ئازادلىقى قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن مەملىكىتىمىز ئاياللىرىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ باردى. زور كۆپچىلىك ئاياللار فېئوداللىق ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداشنى ئۆگەندى. بىراق بىر قىسىم ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئۇنى قوغداش جەھەتتىكى بىلىمى يەنىلا يېتەرسىز. ئاياللار ئۇنداق ياكى مۇنداق توسالغۇلار سەۋەبىدىن يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى دادىللىق بىلەن يۈرگۈزەلمەيۋاتىدۇ.

بىزنىڭ تەشۋىقات قوراللىرىمىز بولغان گېزىت - ژۇرناللار ئەلۋەتتە مۇشۇنداق تەرەپلەردە كەڭ ئاممىغا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرلىكتە، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم، دەپ قارايمەن. پازىل قادىرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 12 - سانىغا بېسىلغان «بالا مېھرى» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇپ كۆڭلۈم غەش بولدى. بىز بۇ ھېكايىدىكى مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزنى كۆرۈپ باقايلى:

«شۇ ئان بالا ماڭا بىر قارىدى - دە، سىماپ دانىچىسىدەك ئىككى تامچە ياش ئالمىدەك مەڭزىدىن سىرغىپ چۈشتى. يېتىم قېلىش ئالدىدا تۇرغان بىچارىنىڭ بالىلىق يۈرىكىدىن سىقىپ چىقارغان ئاشۇ ئىككى تامچە يېشى مېنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى، ئۇنىڭ ياشلىرىدىن، ماڭا تەلمۈرۈپ قاراشلىرىدىن، ھەممىنى چۈشەندىم. لېكىن ئايالنىڭ پىكرى مېنى ساراسىمىگە قويدى، ئۇ بالىغا چىدىمايدىكەن. بالىنى ئۆزى باقماقچىكەن. ئەگەر بالىنى دادىسى تالاشسىچۇ؟ ئۇ تالاشسا ئالدى بىلەن ئايال ئاجرىشمەن دەپ چىڭ تۇرغاندىن كېيىن قانۇن بويىچە بالا ئەلۋەتتە دادىسىغا بۇيرۇلىدۇ. دادىسىنىڭ رايىنى سىناپ باقماقچى بولدۇم.» بۇ يەردە قانداقتۇر ئالدى بىلەن كىم نىكاھتىن ئاجرىشىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالسا، قانۇن بويىچە بالا ئەلۋەتتە قارشى تەرەپكە قالدۇرۇلىدۇ، دېگەن يەكۈن چىقىرىلغان. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنى» نىڭ 29 - ماددىسىنىڭ 3 - تارمىقىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئەمچەكتىكى بالىنى ئانىسىنىڭ بېقىشى پرىنسىپ قىلىنىدۇ.

ئەمچەكتىن ئايرىلغان بالىنى بېقىش مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ پۈتۈشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى بالىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ۋە ئىككى تەرەپنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.» بۇ دېگەنلىك نىكاھتىن ئاجرىشىش توغراكەلگەندە، كىم ئالدى بىلەن دەۋا قىلسا، شۇ بالا بېقىش ھوقۇقىدىن كېچىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى بالىلارغا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىنى چىقىش قىلىپ، ئاتا ـ ئانا ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش پرىنسىپى ئاساسىدا، بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، دېگەنلىك. ئەمچەكتىكى بالىنى پرىنسىپ جەھەتتە ئانىسى بېقىش كېرەك. مۇشۇنداق بىر ياقلىق قىلىش بوۋاقلارنىڭ سالامەتلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا پايدىلىق. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، مەسىلەن، بالا ئانىسىنى ئەممەيدىغان ياكى باشقا ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاتىسى تەرەپتىن بېقىلىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بالىنى كىم بېقىش مەسىلىسىنى چوقۇم بالىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

دېمەك، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. ھەرگىزمۇ قارىتىۋېلىق ھالدا بىر تەرەپنىڭ پىكرى بويىچە ياكى ئايال ئاۋۋال نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىدىن ۋاز كېچىش كېرەك، دېگەننى تەكىتلىمەيدۇ.

ھېكايىدا مۇشۇ نۇقتىغا سەل قارالغان. بۇنداق بولغاندا، مېنىڭچە، قانۇندىن تولۇق خەۋەردار بولالماي ئوتتۇرا يولدا ئارىسالدا بولۇپ يۈرگەنلەر بۇنىڭدىن سەلبىي تەسىر ئېلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بىزنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىمىز مۇنداق تەرەپلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

مەن پازىل قادىرنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، كەڭ كىتابخانلارغا ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



ئاۋنوت بېننىت (ئەنگلىيە)

# توي خەۋىرى

(ھېكايە)

ھەرقېتىم لوندوندىن ۋۇليان شەھىرىگە بارغىنىمدا، ئانام زادى بوسلېر ۋوكزالىغا ئالدىمغا چىقىپ قويمايتتى. باشقا ئىشى چىقىپ قالسىمۇ، يەنىلا سېنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىمەن دەپ چىقالمىدىم، دەپ قوياتتى. شۇڭا مەن ئېپودىن ماشىنىغا يالغۇز ئولتۇرۇپ بوسلېرغا باراتتىم، بۈگۈن مەن يوستون ۋوكزالىدا ئېگىنىس بىلەن خوشلىشىپ پويىزغا چىقتىم ـ دە، ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىشنى ئانامغا قايسى تەرىقىدە يەتكۈزۈش ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم.

ئادەتتە مەن ھەر يەكشەنبە كۈنى ئانامغا خەت يېزىپ، ئۆزۈمنىڭ پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلاتتىم. ئانام مېنىڭ دوست ـ يارەنلىرىمنىڭ ئىسمىنىلا بىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ نېمە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلەتتى. مەن خەتلىرىمدە ئېگىنىس ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالى توغرىسىدا يېزىپ تۇرغان بولسامۇ، لېكىن ئانامغا مەن ئېگىنىسنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئېگىنىسمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مەن ئۇنى سۆيىمەن، ئۇنىڭمۇ مېنى سۆيىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويىمەن، دېگەنلەرنى يازالمايتتىم. مەن ئېگىنىسقا توي قىلىش تەلىپىنى قويۇۋېدىم، ئۇ قوشۇلدى. لېكىن ئانام مېنىڭ بەختلىك كۈنلىرىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. مەن ئانامغا ئېيتماقچى بولغان ئالاھىدە خۇش خەۋەر مۇشۇ ئىدى.

مەن تۇل خوتۇننىڭ يالغۇز ئوغلى ھەم ئۇنىڭ بارلىقى ئىدىم. لېكىن مەن ئانامنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغىنىمنى ئانامغا تېخى ئېيتمىغانىدىم. ئانام بۇنى ئاڭلىسا دەسلەپتە ھەيران قىلىشى، ھەتتا كۆڭلى يېرىم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇڭا بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمنى بەكلا قاتۇردى.

مەن ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا ئەمدىلا كېلىشىمگە ئانام ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ئۇچىسىغا يىپەك كۆڭلەك كىيىۋالغان، بولاپكا تاقىۋالغانىدى. ئۇ مېنى ئادەتتىكىدەك سۆيۈپ تۇرۇپ:

www.uyghurkitap.com

— ھەي، فىلىپ ياخشىمۇ سەن؟— دېدى.

— ناھايىتى ياخشى، ئانا،— دېدىم مەن.

مەن ئانامنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى دەررۇ سېزىپ قالدىم. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى ياشقا تولغان بولۇپ، ھەرىكەتلىرى قىزلارغا ئوخشاش چاققانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ 48 ياشقا كىرگەن بولۇپ، تۇل ئولتۇرۇۋاتقىنىغا 25 يىل بولغانىدى. ئۇ ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنىڭ خۇۋۇلۇقىنى ئازلا كۆردى. بۈگۈن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر خېلىلا ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ مېنىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغانلىقىمنى ئۇقۇپ قالغانمىدۇ دېگەن خىيال كاللامدىن كەچتى. گەرچە ھېچنېمە دېمىگەن بولساممۇ بىر ئاز جىددىيلىشىۋاتاتتىم. مەن كەچلىك تاماق ۋاقتىدا بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولۇپ، بالىخانىغا چىقتىم. بۇ چاغدا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. ئانام ئۆي خىزمەتچىلىرىنى ساقلاپ تۇرماستىن دەرھال ئۆزى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. بۇ مېنىڭ سومكامنى ئېلىپ كىرگەن مەدىكار ئىكەن. مەن پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈۋاتقىنىمدا ئىشىك قوڭغۇرىقى يەنە جىرىڭلىدى. ئانام ئاشخانىدىن چىقتى، بىراق مەن ئانامدىن بىر قەدەم تېز كېلىپ قالدىم. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتىم، كۆز ئالدىمدا ياش بىر ئۆي خىزمەتكارى تۇراتتى.

— كەچۈرۈڭ، تاۋسىن خانىم بىر نەچچە تال ۋىلكا ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇغانىدى، بولامدىكىن؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ،— دېدى ئانام مېنىڭ ئارقامدا تۇرۇپ،— جىندەك تۇرۇپ تۇرۇڭ.

ئانام چىنە - قاچا ئىشكاپىدىن ئاليۇمىن ۋىلكىدىن بىر نەچچىنى ئېلىپ، قوشنىمىزنىڭ ئۆي خىزمەتكارىغا بەردى - دە، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، ھەم خۇشال بولاتتىم، ھەم جىددىيلىشىپ كېتىپ باراتتىم. مەن ئالدى بىلەن مېھمانخانىغا قاراپ چىقتىم، ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئاندىن تاماقخانىغا كىرىپ ھەيران قالدىم. كەچلىك تاماققا راسلانغان شىرە ئۈستىدە ئۈچ كىشىلىك قاچا - قۇچا تۇراتتى.

قىزىق ئىشقۇ بۇ، دېدىم مەن ئىچىمدە، ئۈچ كىشىلىك تاماق قاچىسى تۇرىدىغۇ. بۇ توغرىلىق ئانام ماڭا بىر نېمە دېمىگەن ئىدىغۇ.

ئانام مۇناسىۋەتكە ناھايىتى ماھىر ئىدى. ئۇ ئادەمنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمايدىغان ئىشلاردا ھەقىقەتەنمۇ مۆجىزە يارىتالايتتى. لېكىن مەن ئانامنىڭ ئېگىنىس بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغىنىمنى قانداق بىلىپ قالغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. مەن ئانام ئېگىنىس بىلەن خەت ياكى تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ بىرلىكتە پىلان تۈزگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلدىم، ئەمما ئېگىنىس ماڭا بوسلىرىغا بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىغۇ، لېكىن ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ بولغان بولسا، ئانام ئاللىبۇرۇن بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويغان بولۇشى ياكى ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا ئانام نېمانچە جىددىيلىشىپ كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىشىكنى ئۆزى ئېچىشقا ئالدىرايدۇ؟

مەن ئاشخانىدىن چىقتىم. شىرەلى يوشۇرۇن كۆزەتكەنلىكىمنى ئانامغا چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتىم. مەن كارىدوردىن ئۆتۈپ مېھمانخانىغا كىرىشىمگە ئىشىك قوڭغۇرىقى ئۈچىنچى قېتىم جىرىڭلىدى. ئانام ئۈچىنچى قېتىم ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

ئاھ خۇدا! ئەگەر ئۇ راستىنلا ئېگىنىس بولۇپ قالسا، قانداق بولۇپ كېتەر ھە! مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باستى. مەن ئىشىكنى ئاچتىم. ئۆيگە كەلگىنى نىكسون ئەپەندى ئىكەن. ئۇ بىزنىڭ ئائىلىنىڭ كونا دوستى بولۇپ، يېشى 50 تىن ئېشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىر نەچچە يۈرۈش ئۆي-جايى بار ئىدى. ئىجارە ھەققىنى ئۆزى ئالاتتى ھەم ئۆيلەرنى ئۆزى رېمونت قىلدۇرۇپ بېرەتتى. كىشىلەر ئۇنى «مۇلايىم خوجايىن» دېيىشەتتى. دادام كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان جاپالىق كۈنلەردە، ئۇ ئەخلاقىي نۇقتىدىن ئانامغا ياردەم قىلغانىدى.

— يىگىت، سېنى كۆرگىنىمگە ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىۋېتىپ.

— نىكسون ئەپەندى بىزنىڭكىگە كەچلىك تاماققا كەلدى، فىلىپ، — دېدى ئانام ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ.

مەن نىكسون ئەپەندىگە ناھايىتى ئامراق بولسام‌مۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ۋاقىتتا كېلىشى مېنى ئانچە خۇشال قىلمىدى. چۈنكى مەن ئانام بىلەن ئايرىم سۆزلىشىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانىدىم. شۇ تاپتا نىكسون ئەپەندىنىڭ ئالدىدا ناتونۇش بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىكىمنى ئانامغا ئېيتالمايتتىم. ئىلگىرى مەن ئۆيگە كەلگەن چاغلاردىمۇ ئۇ بىزنىڭكىگە كەچلىك تاماققا كېلەتتى، لېكىن ئەزەلدىن مەن كەلگەن بىرىنچى كۈنىلا كېلىپ باقمىغانىدى. قانداقلا بولمىسۇن مەن نارازىلىقىمنى قىلچە چاندۇرمىدىم.

بىز كەچلىك تاماققا ئولتۇردۇق، تائاملار شۇنداق مول ۋە ئېسىل بولسىمۇ، ئانام بىزنى تاماققا شۇنچە زورلىسىمۇ، تاماقنى كۆپ يېگىمىز كەلمىدى.

مەن ئانامنىڭ ئىشلىرىدىن قانداقتۇر بىرەر مەسىلە چىقىپ قالغان بولسا، نىكسون ئەپەندى ئارقىلىق ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولدىمىكىن، دەپ گۇمانلاندىم. بىراق بۇ مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىيالمايتتى. چۈنكى مېنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن غېمىم يوق ئىدى، ئانام بىلەن بىر ئايالنى تامامەن بېقىپ كېتەلەيتتىم. كاللامغا توي ئىشىملا كىرىۋالغانىدى. توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويغانلىقىمنى نىكسون ئەپەندى قايتقاندىن كېيىن ئانامغا قانداق ئېيتىشنى خىيال قىلاتتىم.

مەن تاماقنى يەنە ئازراق يېدىم-دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئانامغا پوچتىخانىغا بېرىپ خەت سالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— ئەتە بارساڭ بولامدۇ، قەدىرلىكىم؟ — دەپ سورىدى ئانام مەندىن.

— ياق، بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — ئويلاپ كۆرۈڭ، ئېگىنىس مېنىڭ ساق-سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىمنى ئىككى كۈنگىچە بىلەلمىسە، مۇھەببەتكە بولغان سادىقلىقىمنى ھېس قىلالمىسا، قانداق بولغىنى.

— قىزلارغا سالماقچىمۇ؟ — دېدى

www.uyghurkitap.com

نىكسون ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، — دېدىم مەن قەتئىيلىك بىلەن.

مەن پوچتىخانىغا بېرىپ سۆيۈملۈك ئېگىنىسقا خەت سالدىم. ئۆيگە قايتىپ كەلگىچە نىكسون ئەپەندىنىڭ كېتىپ قېلىشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلغان بولسامۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا قايتماپتۇ. ئۇ مېھمانخانا ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئالىي دەرىجىلىك سىگارتىنى چېكىۋاتقانىكەن.

— ئانام قېنى؟ — سورىدىم مەن.

— ئۇ ھېلى چىقىپ كەتتى، كەل، ئولتۇر، سىگارت چەك، مەن سەن بىلەن ئەھۋاللىشاي دەيمەن، فىلىپ، — دېدى نىكسون ئەپەندى.

— رەھمەت، نىكسون تاغا، — دېدىم ئۇنىڭ قولىدىن بىر تال سىگارتنى ئېلىپ. مەن نىكسون ئەپەندىنىڭ كېيىنكى تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، چۈنكى پۈتۈن ئوي خىيالىم ئېگىنىستىلا قالغانىدى.

— ئۇنداق بولسا بالام، گەپنى ئەگىتىپ يۈرمەي تۈزلا قىلاي، ئېيتىپ باقە، مەن ساڭا دادا بولسام قانداق پىكرىڭ بار؟ — دېدى نىكسون ئەپەندى.

— نېمە؟ — بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك تىترەپ كەتتىم، — سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز، سىز ئانام بىلەن... — دېدىم دۇدۇقلاپ.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھەئە، دېمەكچى بولغىنىم شۇ، ئوغلۇم، تۈنۈگۈن ئاناڭ ماڭا ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بولدى. بۇ ئىشلارغا بىر مەزگىل بولغانىدى، بىراق ئۇ يازغان خېتىدە بۇلارنى ئەسكەرتمىگەن ئوخشايدۇ. ئانا بولغان ئادەمنىڭ بۇ ئىش توغرىلىق ئوغلىغا ئېغىز ئېچىشى قىيىن، شۇنداقمۇ؟ ئۇ قەدىرلىكىم فىلىپ، نىكسون ئەپەندى مېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك قىلىمەن، بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا ماڭا توي قىلىش تەلىپىنى قويىدۇ... دەپ يازالمايدۇ - دە، بۇنداق يېزىشقا ئۇنىڭ قولى قانداقمۇ بارسۇن؟! شۇنداقمۇ؟

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتىم.

— قېنى قولىڭىزنى ئەكىلىڭ. بىز قول ئېلىشايلى، — دېدىم قىزغىنلىق بىلەن، — مەن ناھايىتى خۇشال.

بىر دەمدىن كېيىن ئانام خىجىل بولغان ھالدا كىرىپ كەلدى.

— ئوغلىمىز مەن ناھايىتى خۇشال دەۋاتىدۇ، سالا، — دېدى نىكسون ئەپەندى قىسقىلا قىلىپ.

شۇ ئاخشىمى ئۆزۈمنىڭ توي ئىشى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىدىم. مەن ئەزەلدىن ئانامنىڭ مەھلىيا قىلىش كۈچىنىڭ يوقالمىغانلىقىنى، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەرنىڭ بارلىقىنى ھەمدە ئانامنىڭ ئۆيدىكى تەنھا تۇرمۇشىنىڭ ئۇ تەلەپ قىلىدىغان تۇرمۇشنىڭ ھەممىسى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ غېمىنىلا يەيدىغانلىقىمدىن قاتتىق خىجىل بولدۇم. شۇئان ئۆزۈمنىڭ خۇشاللىقىمنىڭ ئانامنىڭ خۇشاللىقىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ توي ئىشىنى ئەتە ئەتىگەندە ئېيتماقچى بولدۇم.

«كىتابخانىلار ئۈچۈن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 6 - سانىدىن،
مەھەممەت ئابدۇراخمان تەرجىمىسى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن



ئاپتورلار
بىلەن
مۇھەررىرلەر












سۈرەتلەرنى قىيۇم تۇرسۇن تارتقان

www.uyghurkitap.com




# تارىم

TARIMAMONTHLY LITERATURE jOURNAL

IN UIGHUR LANGUAGE

《塔 里 木》 文学月刊 (维吾尔文)

编　　辑:《塔里木》编辑部
出　　版: 新疆人民出版社
印　　刷: 新疆新华印刷厂
发　　行: 乌鲁木齐市邮局
订阅、零售: 各 地 邮 局 所

1992 ـ يىل10ـ سان (380 ـ سان)، 42 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国际统一刊号: ISSN 1002－9044
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : ISSN 1002 ـ 9044

国内统一刊号: CN 65－1010／I
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I

邮发代号: 58－66 定 价: 1.70 元
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.70 يۈەن

邮政编码: 830000
پوچتا نومۇرى : 830000